مجالس شهر رمضان

# رامىزانلىق سۆھبەتلەر

مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئىبنى ئۇسەيمىن

تەرجىمە قىلغۇچىلار:

ئەبۇ ئابدۇللاھ          ئىلھام

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

# رامزانلىق سۆھبەتلەر

## مجالس شهر رمضان

مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئىبنى ئۇسەيمىن

تەرجىمە قىلغۇچىلار:

ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىلھام

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................ 3
مۇقەددىمە ........................ 4
رامىزاننىڭ پەزىلىتى........................ 5
روزىنىڭ پەزىلىتى ........................ 12
رامىزان روزىسىنىڭ ھۆكمى ........................ 19
رامىزاندا قىيامدا تۇرۇش........................ 27
قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى........................ 37
رامىزان روزىسى تۇتۇشتا كىشىلەرنىڭ بىر قانچە قىسىمغا ئايرىلىدىغانلىقى ھەققىدە........................ 46
رامىزان روزىسى تۇتۇشتا بىر قانچە قىسىمغا ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ يەنە بىر بۆلۈكى ھەققىدە ........................ 54
روزا تۇتۇش ۋە قازا ھۆكۈملىرى بويىچە بىر قانچە قىسىمغا ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ قالغان قىسىملىرى ھەققىدە........................ 62
روزىنىڭ ھېكمەتلىرى........................ 70
روزىنىڭ ۋاجىب ئەدەپلىرى ........................ 77
روزىنىڭ مۇستەھەب ئەدەپلىرى........................ 87
قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئىككىنچى تۈرى ھەققىدە ........................ 96
قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى ........................ 104
روزىنى بۇزغۇچى ئامىللار........................ 116
روزىنى بۇزغۇچى ئامىللار سەۋەبلىك روزىنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى بۇزۇلماسلىقىنىڭ شەرتلىرى ۋە روزىدار كىشى ئۈچۈن دۇرۇس بولىدىغان ئىشلار ........... 125
زاكات ھەققىدە........................ 133
زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولىدىغان كىشىلەر........................ 142
بەدر غازىتى ........................ 151
مەككە فەتھىسى غازىتى ........................ 160

نۇسرەتنىڭ ھەقىقىي سەۋەبلىرى ........................ 169
رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ پەزىلىتى .............. 179
رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى ئىچىدە قەدر كېچىسىگە تىرىشچانلىق قىلىش
ھەققىدە .................................. 187
جەننەت سۈپەتلىرى ........................... 196
جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى .......... 208
دوزاخنىڭ سۈپەتلىرى........................... 219
دوزاخقا كىرىپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرى ................... 244
دوزاخقا كىرىپ قېلىشنىڭ ئىككىنچى تۈرلۈك سەۋەبلىرى ........... 244
پىتىر زاكىتى.............................. 254
تەۋبە ھەققىدە ............................ 264
رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرى ھەققىدە ..................... 273

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# كىرىش سۆز

بارلىق ھەمدۇ-سانالار بىزلەرنى ئىمان نېئمىتى بىلەن نېئمەتلەندۈرگەن الله قا خاستۇر. رەھمەت ۋە سالاملار پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تاكى قىيامەتكىچە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەن مۇئمىن-مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا بولسۇن.

ئىسلامدىكى بەش ئاساسنىڭ بىرى بولغان روزا ئىبادىتىنى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى كۆرسەتكەندەك ئادا قىلىشىمىزغا ياردىمى بولۇشى ئۈمىدىدە شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىننىڭ «مجالس شهر رمضان» ناملىق رىسالىسىنى تەرجىمە قىلىپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق.

بۇ ئەسەر 30 سۆھبەت بويىچە يېزىلىپ، ھەربىر سۆھبەتنىڭ بېشىدا ئۇزۇن خۇتبە سۆزلەنگەن بولۇپ، كىتاب ھەجمىنىڭ چوڭىيىپ، ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، توققۇزىنچى سۆھبەتنىڭ خۇتبىسىنى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىپ، ھەربىر سۆھبەتكە شۇ خۇتبە تەرجىمىسىنى ئالدۇق. ئەسلى تېكىستتە بەزى ھەدىسلەرنىڭ كىتابتىكى تېمىغا ئالاقىدار بولغان قىسمىلا ئۈزۈپ ئېلىنغان بولۇپ، ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەدىس مەزمۇنىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن تەرجىمە جەريانىدا قىسمەن ھەدىسلەرنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئالدۇق.

تەرجىمە جەريانىدا ئەسلى تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىشكە كۆپ تىرىشقان بولساقمۇ، ئىنسان خاتالىقتىن خالىي بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمە قىلىش ۋە تەكشۈرۈش جەريانىدا خاتالىق كۆرۈلۈپ قالغان بولسا، ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۈزىتىپ بېرىشىنى ۋە سەممىمىي تەكلىپ بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز.

الله تائالادىن بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمىزنى قوبۇل قىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز. ئاخىرىدا، بۇ كىتابنىڭ تەرجىمە-تەھرىر ۋە بېسىپ تارقىتىلىشىغا ياردەملەشكەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تائالانىڭ پەزلى-ئېھسانى ۋە مەغپىرىتىنى تىلەيمىز.

# مۇقەددىمە

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ-سانالار اللە قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللە قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر. اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تاكى قىيامەتكىچە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك، بەرىكەتلىك رامىزان ئېيىدىكى بۇ سۆھبەتلەر: روزا، قىيامدا تۇرۇش، زاكات ھۆكۈملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە بۇ پەزىلەتلىك ئايدا ئورۇنداشقا تېگىشلىك ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن بۇ رىسالىنى كېچە ۋە كۈندۈزلۈك سۆھبەتلەردىن رەتلەپ چىقتىم، رىسالە خۇتبىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى «قرة العيون المبصرة بتلخيص كتاب التبصرة» ناملىق كىتابتىن ئېلىپ، تۈزىتىشكە تېگىشلىك مەزمۇنلارنى تۈزىتىپ چىقتىم. بۇ رىسالىدە كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولىدىغان ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ھۆكۈملەرنى كۆپرەك بايان قىلىپ، كىتابنىڭ ئىسمىنى «رامىزان ئېيىدىكى سۆھبەتلەر» دەپ ئاتىدىم. اللە تائالادىن ئەمەلىمىزنى ئۆزى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىشىنى ھەمدە بۇ رىسالە ئارقىلىق مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن، شۈبھىسىزكى، اللە تائالا سېخىي زاتتۇر.

## 1 - سۆھبەت

# رامزاننىڭ پەزىلتى

اللە قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! اللە كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. اللە ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، اللە تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللە نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، اللە تائالا ئەجىر ۋە ياخشىلىقلارنى كۆپەيتىپ بېرىدىغان،

تىرىشقان ھەربىر كىشىگە ياخشىلىقنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدىغان، ياخشىلىق ۋە بەرىكەت ئېيى بولغان ئۇلۇغ بىر ئاي يېزىلەرگە يېقىنلاپ كەلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنْزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ﴾ «رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر»[1]. رامىزان ئېيى — رەھمەت، مەغپىرەت ۋە دوزاختىن ئازاد بولۇش بىلەن ئورالغان ئايدۇر. بۇ ئاينىڭ ئەۋۋىلى رەھمەت، ئوتتۇرى مەغپىرەت، ئاخىرى دوزاختىن ئازاد بولۇشتۇر. بۇ ئاينىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كۆپلىگەن مەشھۇر ھەدىسلەر ۋە مۇتىۋاتىر ئەسەرلەر كەلگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا جاء رمضان فُتِّحت أبواب الجنة، وغُلِّقت أبواب النار، وصُفِّدت الشياطين» «رامىزان ئېيى كەلسە جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلارغا تاقاق سېلىنىدۇ»[2].

بۇ ئايدا ياخشى ئەمەللەر كۆپ بولغانلىقى يۈزىسىدىن ھەمدە ئەمەل قىلغۇچىلارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، ئىمان ئەھلىنىڭ گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، شەيتانلارغا تاقاق سېلىنىپ كىشەنلەنگەچكە، بۇ ئايدا كىشىلەرنى باشقا ئايلاردا ئازدۇرغاندەك ئازدۇرالمايدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ قال: أُعطيت أمتي خمس خصال في رمضان لم تعطهن أمة من الأمم قبلها، خلوف فم الصائم أطيب عند الله من ريح المسك، وتستغفر لهم الملائكة حتى يفطروا، ويزين الله كل يوم جنته، ويقول: يوشك عبادي الصالحون أن يلقوا عنهم المؤونة والأذى ويصيروا إليك. وتُصَفَّد فيه مردة الشياطين فلا يخلصون إلى ما كانوا يخلصون إليه في غيره. ويغفر لهم في آخر ليلة» [پەيغەمبەر ﷺ: «رامىزان ھەققىدە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە بېرىلمىگەن بەش تۈرلۈك پەزىلەت ئۈممىتىمگە بېرىلدى. روزىدار كىشىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى الله تائالانىڭ نەزىرىدە ئىپاردىنمۇ خۇشبۇيدۇر؛ روزا تۇتقان كىشىلەر تاكى ئىپتار قىلغانغا قەدەر

---

[1] سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەرىشتىلەر ئۇلارغا مەغپىرەت تىلەيدۇ؛ الله تائالا ھەر كۈنى جەننەتنى زىننەتلەپ: <مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ئۆزىدىكى ئېغىرچىلىق ۋە ئەزىيەتلەرنى تاشلاپ ساڭا كىرىشكە يېقىنلاشتى> دەيدۇ؛ بۇ ئايدا شەيتانلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا تاقاق سېلىنىدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇ ئايدا كىشىلەرنى باشقا ئايدا ئازدۇرغاندەك ئازدۇرالمايدۇ؛ روزا تۇتقان كىشىلەرگە كېچىنىڭ ئاخىرىدا مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېدى. بەزى ساھابىلەر: «يا رسول الله، أهي ليلة القدر؟» «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ كېچە قەدر كېچىسىمۇ؟» دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ﷺ: «لا ولكن العامل إنما يوفى أجره إذا قضى عمله» «ياق، لېكىن ئەمەل قىلغان كىشى ئۆز ئەمىلىنى تۈگەتكەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەجرى تولۇق بېرىلىدۇ» دېدى].[1]

قېرىنداشلىرىم، الله تائالا بۇ بەش تۈرلۈك پەزىلەتنى سىلەر ئۈچۈن ساقلاپ قويغان، ئۈممەتلەر ئارىسىدىن سىلەرگە خاس قىلغان ۋە سىلەرگە نېئمەتلىرىنى كامىل قىلىش ئۈچۈن ئېھسان قىلغان. سىلەردە الله تائالانىڭ نېئمىتى، پەزلى ۋە ئېھسانلىرى نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە! بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾ «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ۋە اللهقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر»[2].

❖ بىرىنچى تۈرلۈك پەزىلەت: روزىدار كىشىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى الله تائالانىڭ نەزىرىدە ئىپاردىنمۇ خۇشبۇيدۇر.

ئېغىزنىڭ پۇرىقى ــ ئاشقازان تائامدىن خالىي بولغان ۋاقىتتىكى ئېغىز پۇرىقىنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، بۇ ــ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يامان كۆرۈلىدىغان پۇراقتۇر لېكىن بۇ پۇراق الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ھاسىل بولغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالانىڭ نەزىرىدە ئىپارنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشبۇيراقتۇر. اللهقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ھاسىل بولغان ھەرقانداق نەرسىنى الله تائالا ياخشى كۆرىدۇ. الله تائالا شۇ پۇراقنىڭ ئىگىسىگە

[1] ئەھمەد توپلىغان.

[2] سۈرە ئال ئىمران 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ۋە ئەۋزەلراق بىرەر نەرسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. الله نىڭ كەلمىسىنىڭ ئالىي بولۇشىنى مەقسەت قىلىپ الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شەھىدكە قارىمامسىلەر!؟ ئۇ قىيامەت كۈنى جاراھىتىدىن قان ئېقىپ تۇرغان ھالەتتە كېلىدۇ، قانىنىڭ رەڭگى قان رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا بولىدۇ.

الله تائالا ھەجدىكى مەۋقەپ ئەھلىدىن (توختاش ئورنىدىكى كىشىلەردىن) پەرىشتىلەرگە پەخىرلىنىپ تۇرۇپ: «چاچلىرى چۇۋۇق ۋە چاڭ ـ توزان باسقان ھالەتتە كەلگەن ماۋۇ بەندىلىرىمگە قاراڭلار!» دەيدۇ.① بۇ ئورۇندىكى چاچنىڭ چۇۋۇقلۇقى ــ ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش ۋە زىننەتلىنىشنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق الله قا ئىتائەت قىلغانلىقتىن پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا بۇ ئەمەلنى ياخشى كۆرگەن.

❖ ئىككىنچى تۇرلۇك پەزىلەت: پەرىشتىلەر روزا تۇتقان كىشىلەرگە ئىپتار قىلغانغا قەدەر مەغپىرەت تىلەيدۇ.

پەرىشتىلەر ــ الله تائالانىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك بەندىلەردۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾ «ئۇ پەرىشتىلەر الله نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ».② پەرىشتىلەر ــ الله تائالا ئىزنى بەرگەنلىكتىن روزا تۇتقۇچىلارغا قىلغان دۇئالىرى ئىجابەت قىلىنىدىغان بەندىلەردۇر. الله تائالانىڭ بۇ ئۇممەتتىن روزا تۇتقان كىشىلەر ئۈچۈن پەرىشتىلەرنىڭ مەغپىرەت تىلىشىگە رۇخسەت قىلىشى ــ بۇ ئۇممەتتىن روزا تۇتقان كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇلارنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈندۇر. مەغپىرەت قىلىنىش ــ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە گۇناھلارنىڭ يوشۇرۇلۇشى ۋە كەچۈرۈلۈشى بولۇپ، بۇ ئەڭ بۈيۈك مەقسەت ۋە ئەڭ ئالىي غايىدۇر چۈنكى ھەربىر بەندە كۆپ خاتالىشىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقتىن الله تائالانىڭ مەغپىرەت قىلىشىغا موھتاج بولىدۇ.

❖ ئۈچىنچى تۇرلۇك پەزىلەت: الله تائالا ھەر كۈنى جەننەتنى زىننەتلەپ: «مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ئۆزىدىكى ئېغىرچىلىق ۋە ئەزىيەتلەرنى تاشلاپ

---

① ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

② سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ساڭا كىرىشكە يېقىنلاشتى» دەيدۇ.

الله تائالا جەننەتنى ئۆزىنىڭ سالىھ بەندىلىرىگە تەييارلاش ۋە سالىھ بەندىلەرنى ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ھەر كۈنى جەننەتنى زىننەتلەيدۇ ۋە: «مېنىڭ سالىھ بەندىلىرىم ئۆزلىرىدىن ئېغىرچىلىق ۋە ئەزىيەتلەرنى (يەنى دۇنيانىڭ ئېغىرچىلىق، چارچاش ۋە ئەزىيەتلىرىنى) تاشلاشقا يېقىن بولدى ۋە ھۆرمەتلىنىش ماكانى بولغان جەننەتكە ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدىغان سالىھ ئەمەللەرگە تىرىشتى» دەيدۇ.

❖ تۆتىنچى تۈرلۈك پەزىلەت: شەيتانلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا زەنجىر ۋە كىشەنلەر بىلەن تاقاق سېلىنغان بولۇپ، ئۇلار الله تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرىنى ھەقتىن ئازدۇرۇش، ياخشىلىقتىن كېچىكتۇرۇشتىن ئىبارەت مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

روزا تۇتقان كىشىلەرنىڭ دۈشمىنىنى الله تائالانىڭ توختىتىپ قويۇشى بولسا ئۇلارغا ياردەم قىلغانلىقىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَدۡعُو حِزۡبَهُۥ لِيَكُونُواْ مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ﴾ «شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ».[①] شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بۇ ئايدا سالىھ كىشىلەرنىڭ باشقا ئايلاردىن كۆپرەك ياخشىلىققا ھېرىس بولغانلىقىنى ۋە يامانلىقتىن ئۆزىنى تارتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز.

❖ بەشىنچى تۈرلۈك پەزىلەت: مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئۇممىتى بۇ بەرىكەتلىك ئايدا ئورۇنداشقا تېگىشلىك بولغان روزا تۇتۇش ۋە قىيامدا تۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمەللەرنى تۈگەتكەن ۋاقىتتا، الله تائالا ئۆز پەزلىدىن ئۇلارنىڭ ئەجىرلىرىنى تولۇق قىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، بۇ ئايدىكى ھەر كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

ئەمەل قىلغان كىشى ئەمەلىنى تۈگەتكەندە ئۇنىڭ ئەجرى تولۇق بېرىلىدۇ. الله تائالا ئۆز بەندىلىرىگە پەزلى-ئېھسان قىلىپ بۇ ئەجرنى ئۈچ يولدىن بەرگەن.

بىرىنچى يول ــ الله تائالا بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ۋە دەرىجىلىرىنىڭ ئۈستۈن بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان سالىھ

---

[①] سۈرە فاتىر 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەمەللەرنى يولغا قويۇپ بەردى. ئەگەر الله تائالا شۇ سالىھ ئەمەللەرنى يولغا قويۇپ بەرمىگەن بولسا، بەندىلەر شۇ ئەمەللەر بىلەن الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمايتتى چۈنكى ئىبادەت الله تائالا ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرىگە قىلغان ۋەھيىدىنلا ئىبلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا ئۆزىدىن باشقا، ھەر قانداق ئىبادەتنى يولغا قويغۇچىنى ئىنكار قىلدى ھەمدە ئۇ خىل «ئىبادەت»نى شېرىكنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمْ لَهُمْ شُرَكَاءُ شَرَعُوا لَهُمْ مِنَ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنْ بِهِ اللَّهُ﴾ «ئۇلارنىڭ الله رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى دىن قىلىپ بېكىتكەن مەئبۇدلىرى بارمۇ؟»[①].

ئىككىنچى يول ـــ كۆپىنچە كىشىلەر سالىھ ئەمەلنى تەرك قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، الله تائالا ئۇلارنى سالىھ ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلدى. ئەگەر ئۇلارغا الله نىڭ ياردىمى ۋە مۇۋەپپەق قىلىشى بولمىغان بولسا، ئۇلار سالىھ ئەمەلنى ئورۇندىيالمىغان بولاتتى. ئۇ ئەمەللەرنى ئورۇنداشتىكى ئارتۇقچىلىق ۋە ياخشىلىق الله تائالاغا خاستۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَمُنُّونَ عَلَيْكَ أَنْ أَسْلَمُوا قُلْ لا تَمُنُّوا عَلَيَّ إِسْلامَكُمْ بَلِ اللَّهُ يَمُنُّ عَلَيْكُمْ أَنْ هَدَاكُمْ لِلْإِيمَانِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ﴾ «ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) <سىلەر ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، بەلكى الله سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، ئەگەر سىلەر راست (مۇئمىن) بولساڭلار> دېگىن»[②].

ئۈچىنچى يول ـــ الله تائالا بىر ياخشىلىقنى ئون ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ھەسسىلەرگىچە كۆپەيتىپ، كۆپلەپ ئەجىر بېرىش بىلەن پەزلى ـ ئېھسان قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىش ۋە ئەمەلگە قارىتا ساۋاب بېرىش الله تائالانىڭ پەزلىدۇر. ئالەملەرنىڭ رەببى الله قا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن!

قېرىنداشلىرىم، رامىزاننىڭ پەزىلىتىگە ئېرىشىش ـــ ئاسىيلىقتىن ئىتائەت قىلىشقا، غەپلەتتە قېلىشتىن رەببىنى ئەسلەشكە، رەببىدىن يىراقلىشىپ كېتىشتىن ئۇنىڭغا يۈزلىنىشكە قايتقان ھەمدە رامىزاننىڭ

---

[①] سۈرە شۇرا 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] سۈرە ھۇجۇرات 17 ـ ئايەت.

ھەققىنى ئادا قىلغان كىشىلەر ئۇچۇن بۈيۈك نېئمەتتۇر.

يەتمىگەندەك رەجەبتىكى مەئسىيەت،
شەئبانىدىمۇ پېتىپ قالدىڭ گۇناھقا.
ئۇنىڭدىن كېيىن يېتىپ كەلدى رامىزان،
بۇ ئايدىمۇ ئاسىي بولما الله قا!

زىكىر، تەسبىھ ئېيىدۇر بۇ رامىزان،
تىلاۋەت قىل رىشتە باغلاپ قۇرئانغا.
روزا بىلەن ئۆتكۈزمەكتە كۆپ ئىنسان،
نەزەر سالغىن ئەتراپىڭغا، ھەر يانغا.

ئۆلۈم ئايرىپ تۇردى سېنى ئۇلاردىن،
قوشار ھامان سېنىمۇ شۇ كارۋانغا.

ئى الله ! بىزلەرنى غەپلەت ئۇيقۇلىرىدىن ئويغاتقىن، سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا بېرىشتىن بۇرۇن تەقۋالىقتىن ئوزۇق ئېلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، پۇرسەت كەلگەندە ۋاقىتنى قەدىرلەشنى رىزىق قىلىپ بەرگىن. ئى مېھرىبان الله ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

## 2 ـ سۆھبەت

# روزىنىڭ پەزىلىتى

اللە قا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! اللە كىچە ـ كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. اللە ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، اللە تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللە نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، بىلىڭلاركى، روزا ـــ ئىبادەتلەرنىڭ ئەۋزىلى ۋە الله قا ئىتائەت قىلىشنىڭ كاتتىسىدۇر. روزىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ئەسەرلەر كەلگەن، كىشىلەردىن ھەدىسلەر نەقىل قىلىنغان.

## روزىنىڭ پەزىلەتلىرى

❖ روزا ھەممە ئۇممەتلەرگە پەرز قىلىنغان.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى»[1]. ئەگەر بۇ ئىبادەت مەخلۇقاتلار ئۇ ئارقىلىق الله قا قۇللۇق قىلىشتىن ۋە شۇ ئىبادەتكە بېرىلىدىغان ساۋابتىن بىھاجەت بولالمايدىغان دەرىجىدىكى كاتتا ئىبادەت بولمىغان بولسا ئىدى، الله تائالا بۇ ئىبادەتنى ھەممە ئۇممەتلەرگە پەرز قىلمىغان بولاتتى.

❖ روزا گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ۋە يامانلىقلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈشىگە سەۋەبتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «من صام رمضان إيماناً واحتساباً غفر له ما تقدم من ذنبه» «كىمكى الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا رامىزان روزىسىنى تۇتسا، ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[2]. يەنى كىمكى روزىنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىغا رازى بولۇپ، روزىنىڭ ساۋابى ۋە ئەجرىنى ئۈمىد قىلىپ، روزىنىڭ پەرزلىكىنى يامان كۆرمەي، ئۇنىڭ ساۋابى ۋە ئەجرىگە شەك قىلماي روزا تۇتسا، الله تائالا ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «الصلوات الخمس، والجُمعة إلى الجُمعة، ورمضان إلى رمضان؛ مكفرات ما بينهن إذا اجتنبت الكبائر» «(كىمكى) چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانسا، بەش ۋاق ناماز

[1] سۈرە بەقەرە 183 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

— بىر نامازدىن يەنە بىر نامازغىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلىرىنى، جۈمە نامىزى — بىر جۈمەدىن يەنە بىر جۈمەگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلىرىنى، روزا — بۇ رامىزاندىن يەنە بىر رامىزانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلىرىنى يۇيىدۇ». [1]

❖ ئىپنىقكى، روزىنىڭ ساۋابى مۇئەييەن سانغا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئەكسىچە، روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹كل عمل ابن آدم له إلا الصوم فإنه لي وأنا أجزي به› «ئادەم بالىسىنىڭ ھەربىر ئەمىلى ئۆزى ئۈچۈن بولىدۇ (الله بەندىنىڭ ئەجرىنى مۇئەككەل پەرىشتە ئارقىلىق بېرىدۇ) ئەمما روزا مەن ئۈچۈن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئۆزۈم بېرىمەن (رامىزاننىڭ ئەجرىنى ئېلىپ كېلىشكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئاجىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەجرىنى الله ئۆزى بېرىدۇ)». ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «والصيام جُنّة، فإذا كان يوم صوم أحدكم فلا يرفُث ولا يَصْخَب، فإن سابه أحد أو قاتله فليقل إني صائم. والذي نفس محمد بيده لخَلُوف فم الصائم أطيب عند الله من ريح المسك. للصائم فرحتان يفرحهما: إذا أفطر فرح بفطره، وإذا لقي ربه فرح بصومه» «روزا — دوزاختىن ساقلىغۇچى قالقاندۇر. سىلەردىن بىرەرسىڭلار روزا تۇتسا سەت گەپ قىلمىسۇن، جېدەللەشمىسۇن. ئەگەر بىراۋ تىللىسا ياكى ئۇرۇشماقچى بولسا ، ئۇ كىشى: ‹مەن روزىدارمەن› دېسۇن. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى الله نىڭ نەزىرىدە ئىپاردىنمۇ خۇشبۇيدۇر. روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار: بىرى، ئىپتار قىلغان چاغدىكى خۇشاللىق؛ يەنە بىرى، الله قا ئۇچراشقاندا روزىنىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىش خۇشاللىقىدۇر». [2]

مۇسلىم توپلىغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «كل عمل ابن آدم له يضاعف، الحسنة بعشر أمثالها إلى سبعمائة ضعف. قال الله تعالى: إلا الصوم، فإنه لي وأنا أجزي به، يدع شهوته وطعامه من أجلي» «ئادەم بالىسىنىڭ ھەربىر ياخشى ئەمىلىنىڭ ئەجرى ئون ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

<لېكىن روزا ئۇنىڭ سىرتىدا، روزا پەقەت مەن ئۈچۈن بولىدۇ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزۈم بېرىمەن، ئۇ كىشى مېنىڭ رازىلىقىمنى دەپ تائامىنى، شەھۋىتىنى تەرك قىلدى».

مانا بۇ ئۇلۇغ ھەدىس بىر قانچە تەرەپتىن روزىنىڭ پەزىلىتىنى بىلدۈرىدۇ:

بىرىنچى، ﷲ تائالا بەندىنىڭ ئەمەللىرى ئارىسىدىن روزىنى ئۆزىگە خاس قىلدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، روزا ــ ﷲ نىڭ نەزىرىدە شەرەپلىك ئەمەلدۇر ھەمدە ئۇنى ﷲ تائالا ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ ئارقىلىق ﷲ قا بولغان ئىخلاس ئاشكارا بولىدۇ. چۈنكى روزا بەندە بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدىكى سىر بولۇپ، ئۇنى پەقەت ﷲ لا بىلىدۇ؛ ﷲ تائالا روزا سەۋەبلىك ھارام قىلغان نەرسىنى روزىدار كىشى باشقىلاردىن خالىي ئورۇندا ئىستىمال قىلالايدىغان تۇرۇپمۇ ئىستىمال قىلمايدۇ چۈنكى ئۇ باشقىلاردىن خالىي بولغان ئورۇندىمۇ ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان رەببىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ھارام قىلغانلىقىنى بىلىپ، ﷲ نىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، ساۋابىغا قىزىقىپ، ﷲ ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى تەرك ئېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ﷲ تائالا روزا تۇتقان كىشىنىڭ بۇ ئىخلاسىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، بەندىنىڭ ئەمەللىرى ئارىسىدىن روزىنى ئۆزىگە خاس قىلدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ﷲ تائالا: «ئۇ كىشى مېنىڭ رازىلىقىمنى دەپ شەھۋىتىنى، تائامىنى تەرك ئېتىدۇ» دەيدۇ.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇنداق خاس قىلىشنىڭ پايدىسى قىيامەت كۈنى ئاشكارا بولىدۇ. ﷲ تائالا قىيامەت كۈنى بەندىسىدىن ھېساب ئالغان ۋاقىتتا، بەندە قىلغان زۇلۇملىرىنى ئۆزىنىڭ باشقا ئەمەللىرى ئارقىلىق يۇيىدۇ. روزىدىن باشقا ئەمەللىرى قالمىغاندا، ﷲ تائالا ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدە يەنە قېلىپ قالغان زۇلۇمنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، تۇتقان روزىسى سەۋەبلىك ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».

ئىككىنچى، ﷲ تائالا روزا ھەققىدە: «ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزۈم بېرىمەن» دەپ، مۇكاپات بېرىشنى ئۆزىگە نىسبەت بەردى چۈنكى سالىھ ئەمەللەرنىڭ ئەجرى بىر قانچە ھەسسىگىچە ھەسسىلىنىدۇ. بىر ياخشىلىق ئون ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ھەسسىلەرگىچە كۆپەيتىلىدۇ ئەمما روزىغا كەلسەك، ﷲ تائالا سانىنى ئېتىبارغا ئالماستىن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزىگە

نىسبەت بەردى. اللە تائالا ناھايىتى سېخىي ۋە قولى ئوچۇق زاتتۇر. ئاتا-ئېھسان دېگەن — ئاتا-ئېھسان قىلغۇچىنىڭ قەدىر-قىممىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۇنداق بولغاندا روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئەجرى ناھايىتى كاتتا ۋە بىھېساب بولىدۇ.

اللە قا ئىتائەت قىلىشتا سەۋر قىلىش؛ اللە چەكلىگەن نەرسىلەردىن يېنىشتا سەۋر قىلىش؛ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، بەدەننىڭ ئاجىزلىشىشى، نەفسىنىڭ ئاجىزلىشىشى قاتارلىق اللە نىڭ ئەلەملەندۇرگۈچى قەدەرلىرىگە سەۋر قىلىشتىن ئىبارەت سەۋرنىڭ ئۈچ تۈرى روزىدا مۇجەسسەملىشىدۇ ھەمدە روزا تۇتقان كىشىنىڭ سەۋر قىلغۇچىلاردىن ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يُوَفَّى الصَّابِرُونَ أَجْرَهُمْ بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ «پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ»[①].

ئۈچىنچى، روزا — قالقاندۇر، ساقلىغۇچىدۇر ۋە يۈگەنگۈچىدۇر. يەنى روزىدار كىشىنى بىھۇدە ئىش ۋە ھاياسىز سۆزلەردىن ساقلايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «فإذا كان يوم صوم أحدكم فلا يرفث ولا يصخب» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار روزا تۇتسا ھاياسىز سۆزلەرنى قىلمىسۇن، ۋارقىراشمىسۇن»[②].

روزا — (روزا تۇتقان) بەندىنى دوزاختىن ساقلايدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «الصيام جُنّة، يستجن بها العبد من النار» «روزا قالقاندۇر، بەندە روزا ئارقىلىق دوزاختىن توسۇلىدۇ»[③].

تۆتىنچى، روزىدار كىشىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى اللە تائالانىڭ نەزىرىدە ئىپاردىنمۇ خۇشبۇيدۇر. بۇ پۇراق روزىنىڭ تەسىرىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن اللە تائالانىڭ نەزىرىدە خۇشبۇيدۇر ۋە ئۇنى اللە تائالا ياخشى كۆرىدۇ. مانا بۇ — روزىنىڭ ئورنىنىڭ اللە تائالانىڭ نەزىرىدە كاتتا ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. ھەتتا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يامان كۆرۈلىدىغان ۋە سەسكىنىلىدىغان بىر نەرسە، روزا تۇتۇش سەۋەبلىك اللە قا ئىتائەت قىلىشتىن ھاسىل بولغانلىقى ئۈچۈن،

---

① سۈرە زۇمەر 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

الله نىڭ نەزىرىدە ياخشى كۆرۈلىدىغان ۋە خۇشپۇراق سانىلىدىغان بىر نەرسىگە ئايلانغان.

بەشىنچى، روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار: بىرى، ئىپتار قىلغان چاغدىكى خۇشاللىق؛ يەنە بىرى، رەببىگە ئۇچراشقان ۋاقىتتا روزىنىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىش خۇشاللىقىدۇر.

روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار قىلغان ۋاقىتتىكى خۇشاللىقى: كۆپلىگەن كىشىلەر روزا تۇتۇشتىن مەھرۇم قېلىپ روزا تۇتالمايۋاتقاندا، سالىھ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرىدىن سانىلىدىغان روزا ئىبادىتىنى ئورۇنداشنى الله تائالانىڭ نېئمەت قىلىپ بەرگەنلىكى بىلەن ھەمدە روزىدار ھالەتتە ھارام قىلىنغان جىما ۋە يېمەك-ئىچمەكنى الله نىڭ مۇباھ قىلىپ بەرگەنلىكى بىلەن خۇشال بولىدۇ.

روزا تۇتقۇچىنىڭ رەببىگە ئۇچراشقان ۋاقىتتىكى روزىنىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىش خۇشاللىقى: بەندە ساۋابقا ئەڭ موھتاج بولۇپ، روزا تۇتقان كىشىدىن باشقا كىشى كىرەلمەيدىغان «رەييان» دېگەن جەننەتنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ: «روزا تۇتقان كىشىلەر قەيەردە؟» دېيىلگەندە، روزىنىڭ مۇكاپاتىنى الله نىڭ ھوزۇرىدا تولۇق تېپىش بىلەن خۇشال بولىدۇ. بۇ ھەدىستە، بىر كىشى روزا تۇتقان كىشىنى تىللىسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشماقچى بولسا، تىللاش ياكى ئۇرۇشۇشنىڭ كۈچىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇ كىشى بىلەن تەڭ تۇرماي ھەمدە ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا سۈكۈت قىلىش بىلەن ئاجىزلىقمۇ قىلماي، بەلكى ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىنتىقام ئېلىشتىن ئاجىز كەلمەيدىغانلىقىنى، روزىدار كىشىنىڭ تىللىغۇچى كىشى بىلەن تەڭ تۇرۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىش بار. شۇ ۋاقىتتا تىللاش ۋە ئۇرۇشۇش بېسىققان بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ ۞ وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الَّذِينَ صَبَرُوا وَمَا يُلَقَّاهَا إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٍ ۞﴾ «ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ [34]. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا

ئىرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نىسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ [35]»①.

❖ روزا قىيامەت كۈنى ئىگىسىگە شاپائەت قىلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «الصيام والقرآن يشفعان للعبد يوم القيامة، يقول الصيام: أي رب، منعته الطعام والشهوة فشفعني فيه. ويقول القرآن: منعته النوم بالليل فشفعني فيه. قال: فَيُشَفَّعَان» «روزا بىلەن قۇرئان ئىككىسى قىيامەت كۈنى بەندىگە شاپائەت قىلىدۇ. روزا: <ئى رەببىم! مەن ئۇنى تائام ۋە شەھۋەتتىن توسۇپ قويدۇم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەتچى قىلغىن> دەيدۇ، قۇرئان: <ئى رەببىم! مەن ئۇنى كېچىدە ئۇخلاشتىن توسۇپ قويدۇم، مېنى ئۇنىڭغا شاپائەتچى قىلغىن> دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئىككىسىگە شاپائەت قىلىش ئىزنى بېرىلىدۇ»②.

قېرىنداشلىرىم، روزىدار كىشى روزىنىڭ ئەدەپلىرىنى ساقلىمىغۇچە روزىنىڭ پەزىلەتلىرىنى تاپالمايدۇ، شۇڭا سىلەر روزاڭلارنى پۇختىلاشقا ۋە روزىنىڭ ئەدەپلىرىنى ساقلاشقا تىرىشىڭلار ھەمدە بۇ جەھەتتىكى نۇقسانلىرىڭلار ئۈچۈن رەببىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار.

ئى الله! روزىمىزنى ساقلىغىن، ئۇنى بىزگە شاپائەتچى قىلغىن. ئى مېھرىبان الله! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا-ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

---

① سۈرە فۇسسىلەت 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 35- ئايەت.

② ئىمام ئەھمەد توپلىغان.

## 3 - سۆھبەت

# رامىزان روزىسىنىڭ ھۆكمى

اللہ قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! اللہ كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. اللہ ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر. اللہ تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اللہ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللہ نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللہ تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، شۈبھىسىزكى، رامىزان روزىسى — ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ

ۋە چوڭ پرىنسىپلىرىنىڭ بىرىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ۞ أَيَّامًا مَعْدُودَاتٍ فَمَنْ كَانَ مِنْكُمْ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِنْ أَيَّامٍ أُخَرَ وَعَلَى الَّذِينَ يُطِيقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ فَمَنْ تَطَوَّعَ خَيْرًا فَهُوَ خَيْرٌ لَهُ وَأَنْ تَصُومُوا خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ ۞ شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنْزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ فَمَنْ شَهِدَ مِنْكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ وَمَنْ كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِنْ أَيَّامٍ أُخَرَ يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُوا الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى [183]. (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر. سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى فىدىيىنى (بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر بىلسەڭلار، روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئۇچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر [184]. رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر. سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىنىڭلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا الله نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ [185]»①.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بني الإسلام على خمس : شهادة أن لا إله إلا الله، و أن محمدا رسول الله، و إقام الصلاة، و إيتاء الزكاة، و حج البيت، و صوم رمضان» «ئىسلام بەش

① سۈرە بەقەرە 183 ـ ئايەتتىن 185 ـ ئايەتكىچە.

ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار: اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللە نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتۇر».① مۇسلىم توپلىغان يەنە بىر ھەدىستە: «وصوم رمضان، وحج» «رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ۋە ھەج قىلىش» دەپ كەلگەن.

مۇسۇلمانلار رامىزان روزىسىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ھەممە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدا ئېنىق مەلۇم بولغان ئەمەل ئىكەنلىكىگە ئىجماغا (بىرلىككە) كەلدى. كىمكى ئۇنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلسا، كاپىر بولۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلىپ رامىزاننىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلسا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا «مۇرتەد كاپىر» دەپ قارىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، يۇيۇلمايدۇ، كېپەنلەنمەيدۇ، جىنازا نامىزى ئوقۇلمايدۇ، رەھمەت تىلەنمەيدۇ ۋە مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىنىڭ كىشىلەرگە ئەزىيەت بەرمەسلىكى ھەمدە ئائىلىسىنىڭ ئۇنى كۆرۈپ ئەزىيەتكە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن يىراق بىر ئورۇنغا ئورا كولىنىپ دەپنە قىلىنىدۇ.

رامىزان روزىسى ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى پەرز قىلىنغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ توققۇز يىل رامىزان روزىسى تۇتقان. رامىزان روزىسى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنۈپ پەرز قىلىنغان.

بىرىنچى باسقۇچ: روزا تۇتۇش ياكى (بىر مىسكىنگە) تائام بېرىش ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلگەن ئەمما روزا تۇتۇش پەزىلەت ھېسابلىنىش باسقۇچى.

ئىككىنچى باسقۇچ: ئىختىيارلىق بېرىلمەستىن رامىزان روزىسى پەرز بولۇش باسقۇچى. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «﴿وَعَلَى الَّذِينَ يُطِيقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ﴾ <روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بېرىشى لازىم>① دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، روزا تۇتماي فىدىيە بېرىشنى خالىغانلار شۇنداق قىلاتتى. كېيىن ﴿فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ﴾<سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن>② دېگەن ئايەت نازىل بولۇپ، ئالدىنقى ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئاندىن الله تائالا روزا تۇتۇش بىلەن فىدىيە بېرىش ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارلىق بەرمەستىن، رامىزان روزىسى تۇتۇشنى ئۇچۇق پەرز قىلدى».

يېڭى ئاينىڭ كىرگەنلىكى ئىسپاتلانمىغۇچە روزا تۇتۇش پەرز بولمايدۇ، شۇڭا يېڭى ئاي كىرىشتىن بۇرۇن روزا تۇتۇلمايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا يتقدمن أحدكم رمضان بصوم يوم أو يومين إلا أن يكون رجل كان يصوم صومه فليصم ذلك اليوم» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار رامىزان ئېيىدىن بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتمىسۇن، ئەمما ھەر ئاينىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا روزا تۇتۇپ ئادەتلىنىپ كەلگەن بولسا، شۇ كۈندىكى روزىسىنى تۇتسا بولىدۇ».③

رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىگە ئىككى ئىشنىڭ بىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ:

بىرىنچى، رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرۈش. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ﴾ «سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن»④.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا رأيتم الهلال فصوموا» «يېڭى ئاينى كۆرسەڭلار روزا تۇتۇڭلار».⑤

يېڭى ئاينى ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزى كۆرۈشى شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن يېڭى ئاينىڭ كىرگەنلىكى ئىسپاتلىنىدىغان بىر كىشى يېڭى ئاينى كۆرسە، ھەممە كىشىگە رامىزان روزىسى تۇتۇش پەرز بولىدۇ.

① سۈرە بەقەرە 184 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ بۇخارى توپلىغان.
④ سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ئاي كۆرۈشكە بولغان گۇۋاھلىقنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن گۇۋاھچىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىللىق، مۇسۇلمان، يەتكۈزگەن خەۋىرىگە ۋە كۆزىگە ئىشەنچ قىلىنىدىغان ئامانەتدار كىشى بولۇشى شەرت.

ئەمما، كىچىك بالىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن يېڭى ئاينىڭ كىرگەنلىكى ئىسپاتلانمايدۇ چۈنكى ئۇنىڭ خەۋىرىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا مەجنۇن كىشى تېخىمۇ شۇنداق. كاپىرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەنمۇ يېڭى ئاينىڭ كىرگەنلىكى ئىسپاتلانمايدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «جاء أعرابي إلى النبي ﷺ فقال: إني رأيت الهلال، فقال: أتشهد أن لا إله إلا الله؟ قال: نعم، قال: أتشهد أن محمدا رسول الله؟ قال: نعم، قال: يا بلال أذن في الناس فليصوموا غدا» «بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مەن يېڭى ئاينى كۆردۈم، — دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا:

— سەن <بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر> دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان (مۇسۇلمان) ئادەممۇ سەن؟ — دېدى. ئۇ ئادەم:

— ھەئە، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا يەنە:

— <مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسىدۇر> دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان (مۇسۇلمان) ئادەممۇ سەن؟ — دېدى. ئۇ ئادەم:

— ھەئە، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

— ئى بىلال، كىشىلەرگە جاكارلا، ئەتە روزا تۇتسۇن! — دېدى».[1]

يالغانچىلىق ياكى ساختىپەزلىك بىلەن تونۇلغان ۋە ياكى كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە كۆزى ئاجىز بولغان كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن يېڭى ئاينىڭ كىرگەنلىكى ئىسپاتلانمايدۇ چۈنكى ئۇنىڭ راستچىللىقى شەكلىك ياكى يالغانچىلىقى كۈچلۈكتۇر. رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكى پەقەت بىر كىشىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «تراءى الناس الهلال فأخبرت رسول الله ﷺ أني رأيته فصامه وأمر الناس بصيامه» «كىشىلەر يېڭى ئاينى كۆرسىتىشتى. مەن پەيغەمبەر ﷺ گە ئاينى كۆرگەنلىكىمنى خەۋەر قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ روزا تۇتتى ۋە

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان: ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھىببان «سەھىھ» دېگەن.

باشقىلارنىمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرىدى».[1]

ئەگەر بىر كىشى يېڭى ئاينى ئېنىق كۆرگەن بولسا، بۇنى ئىش ئىگىلىرىگە خەۋەر قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ؛ شۇنىڭدەك، شەۋۋال ۋە زۇلھەججە ئايلىرىنىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرگەن كىشىنىڭمۇ ئۇنى خەۋەر قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ چۈنكى بۇنىڭغا روزا تۇتۇش، روزا تۇتۇشتىن توختاش ۋە ھەج قىلىش ئەمەللىرى ئەگىشىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭسىز ۋاجىب ئورۇندالمايدىغان ئىشمۇ ۋاجىبتۇر. ئەگەر بىر كىشى ئىش ئىگىلىرىگە خەۋەر قىلىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمەيدىغان يىراق بىر ئورۇندا يېڭى ئاينى كۆرسە، ئۆزى روزا تۇتىدۇ ھەمدە ئىمكانقەدەر ئىش ئىگىلىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ.

ئەگەر ئاينىڭ كۆرۈلگەنلىكى رادىئو قاتارلىق ئۇچۇر-ئالاقە ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېلان قىلىنغان بولسا، مەيلى رامىزان ياكى باشقا ئايلار بولسۇن ئاينىڭ كىرىش-چىقىشىدا شۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋاجىب بولىدۇ چۈنكى ئاينىڭ ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېلان قىلىنىشى ئەمەل قىلىش ۋاجىب بولغان شەرئىي پاكىتتۇر. پەيغەمبەر ﷺ گە يېڭى ئاينىڭ كىرگەنلىكى مەلۇم بولغاندا، كىشىلەرنىڭ روزا تۇتۇشى ئۈچۈن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇلارغا يېڭى ئاينىڭ كىرگەنلىكىنى جاكارلاشقا بۇيرۇغان ۋە شۇ جاكارلاش بىلەن كىشىلەرنىڭ رامىزان روزىسى تۇتۇشى پەرز بولغان.

ئەگەر يېڭى ئاينىڭ كىرگەنلىكى شەرئىي جەھەتتىن ئىسپاتلانسا ئاينىڭ چىقىش ئورۇنلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ھۆكۈمنى ئاينىڭ چىقىش ئورۇنلىرىغا ئەمەس بەلكى يېڭى ئاينىڭ كۆرۈلۈشىگە باغلىغان. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن «إذا رأيتم الهلال فصوموا وإذا رأيتموه فأفطروا» «ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ۋە ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇشتىن توختاڭلار!».[2] پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «فإن شهد شاهدان مسلمان فصوموا وأفطروا» «ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان كىشى (ئاينى كۆرگەنلىككە) گۇۋاھلىق بەرسە (شۇنىڭغا ئاساسەن) روزا تۇتۇڭلار ۋە روزا تۇتۇشتىن توختاڭلار!»[3].

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم توپلىغان، ھاكىم: «بۇ ھەدىس مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] ئەھمەد توپلىغان.

ئىككىنچى، ئالدىنقى ئاينى تولۇق 30 كۈن توشقۇزۇش ئارقىلىق (كېيىنكى) ئاينىڭ كىرگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ چۈنكى قەمەرىيە ئېيىنىڭ 31 كۈن ياكى 27 كۈن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بەزىدە ئۈچ ـ تۆت ئاي ئۇدا 30 كۈن ياكى 29 كۈن بولىدۇ لېكىن كۆپىنچە ئەھۋالدا ئىككى ئاي تولۇق 30 كۈن، ئۈچىنچى ئاي 29 كۈن بولىدۇ. دېمەك، ئالدىنقى ئاي تولۇق 30 كۈن بولغاندا، گەرچە يېڭى ئاي كۆرۈلمىسىمۇ كېيىنكى ئاينىڭ كىرگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «صوموا لرؤيته وأفطروا لرؤيته فإن غُمِّيَ عليكم الشهر فعدوا ثلاثين» «ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ۋە ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇشتىن توختاڭلار، ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا (شەئبان ئېيىنى) 30 كۈن قىلىڭلار».[①] بۇخارى مۇنداق لەۋزى بىلەن نەقىل قىلغان: «فإن غُبِّيَ عليكم فأكملوا عدة شعبان ثلاثين» «ئەگەر سىلەرگە ئاي مەخپىي بولۇپ قالسا شەئبان ئېيىنى 30 كۈن قىلىڭلار». ئىبنى خۇزەيمەنىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»دا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «كان النبي ﷺ يتحفظ من شعبان ما لا يتحفظ من غيره ثم يصوم لرؤية رمضان، فإن غمَّ أتم عليه ثلاثين يوما ثم صام» «پەيغەمبەر ﷺ باشقا ئايلارغا قارىغاندا شەئبان ئېيىغا بەكرەك دىققەت قىلاتتى، ئاندىن رامىزاننىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرۈپ روزا تۇتاتتى. ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا، شەئبان ئېيىنى تولۇق 30 كۈن قىلىۋېتىپ ئاندىن روزا تۇتاتتى».[②]

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن، رامىزان ئېيىنىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى رامىزان روزىسى تۇتۇلمايدىغانلىقى، ئەگەر يېڭى ئاي كۆرۈلمىسە شەئبان ئېيى تولۇق 30 كۈن توشقۇزۇلىدىغانلىقى، مەيلى ھاۋا ئوچۇق ياكى بۇلۇتلۇق بولسۇن شەئباننىڭ 30 ـ كۈنى رامىزان روزىسى تۇتۇلمايدىغانلىقى ئايدىڭ بولىدۇ چۈنكى ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «من صام اليوم الذي يشك فيه الناس فقد عصى أبا القاسم ﷺ» «كىمكى كىشىلەر (رامىزان كىرگەنمىدۇ، كىرمىگەنمىدۇ دەپ) شەك قىلىۋاتقان كۈندە روزا تۇتسا، شۈبھىسىزكى، ئەبۇلقاسىم (يەنى پەيغەمبىرىمىز) ﷺ گە ئاسىيلىق قىلغان

---

[①] مۇسلىم توپلىغان

[②] ئەبۇ داۋۇد ۋە دارىقۇتنى توپلىغان، دارىقۇتنى «سەھىھ» دېگەن.

بولىدۇ». [1]

ئى الله ! بىزنى ھىدايەتكە ئەگىشىشكە مۇۋەپپەق قىلغىن، بىزنى ھالاكەت ۋە بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبلىرىدىن يىراق قىلغىن، بۇ ئىپىمىزنى ياخشى ۋە بەرىكەتلىك ئاي قىلىپ بەرگىن، بۇ ئايدا ساڭا ئىتائەت قىلىشىمىزغا ياردەم بەرگىن، بىزنى ساڭا ئاسىي بولىدىغان يوللاردىن يىراق قىلغىن. ئى مېھرىبان الله ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا تاكى قىيامەت كۈنىگىچىلىك ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن.

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، بۇخارى بۇ ھەدىسنى باشقىلارنىڭ نەقىل قىلغانلىقىغا ئاساسلىنىپ تىلغا ئالغان.

## 4 - سۆھبەت

# رامزاندا قىيامدا تۇرۇش

اللە قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! اللە كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر: ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر: مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر: ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. اللە ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر. اللە تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللە نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، اللە تائالا بەندىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىبادەتتىن نېسىۋىدار

بولۇشى، بىر تۈردىكى ئىبادەتلەردىن زېرىكىپ ئەمەلنى تەرك ئەتمەسلىكى ھەمدە شۇ سەۋەبلىك بىرەر بەندىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچراپ زىيانكار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەندىلىرىگە تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى يولغا قويۇپ بەردى. بۇ ئىبادەتلەر ئىچىدە كېمەيتىۋېتىش ۋە سەل قاراشقا بولمايدىغان پەرز ئىبادەتلەرنى ھەمدە الله قا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە ئىبادەتلەرنى تولۇقلايدىغان نەفلە ئىبادەتلەرنى يولغا قويۇپ بەردى.

ناماز ـــ ئەنە شۇ ئىبادەتلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، الله تائالا بەندىلىرىگە بىر كېچە ـ كۈندۈزدىكى بەش ۋاق نامازنى پەرز قىلدى، بەش ۋاق ناماز تارازىدا 50 ۋاق نامازغا باراۋەر كېلىدۇ. الله تائالا بۇ پەرزلەرنى مۇكەممەل قىلىش ھەمدە ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن نەفلە نامازلارنى كۆپ قىلىشقا چاقىردى.

نەفلە نامازلارنىڭ ئىچىدە پەرز نامازلارغا ئەگەشتۈرۈپ ئوقۇلىدىغان راۋاتىب نامازلار (يەنى پەرز نامازنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوقۇلىدىغان تەرتىپلەنگەن سۈننەت نامازلار) بار بولۇپ، ئۇ ـــ بامداتنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى ئىككى رەكئەت، پېشىننىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى تۆت رەكئەت ۋە كېيىنكى ئىككى رەكئەت، شامنىڭ پەرزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت، خۇپتەننىڭ پەرزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازلاردۇر. بۇ نەفلە نامازلارنى ئادا قىلغۇچىلارنى الله تائالا ئۆز كىتابىدا مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا﴾ «ئۇلار كېچىلەرنى رەببىگە سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن (يەنى ناماز ئوقۇش بىلەن) ئۆتكۈزىدۇ»[①]. الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تَتَجَافَىٰ جُنُوبُهُمْ عَنِ الْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ ۝ فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ۝﴾ «ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار رەببىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ [16]. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ [17]»[②].

---

[①] سۈرە فۇرقان 64 ـ ئايەت.

[②] سۈرە سەجدە 16 ـ ۋە 17 ـ ئايەتلەر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «أفضل الصلاة بعد الفريضة صلاة الليل» «پەرز نامازدىن كېيىن قالسا نامازلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى كېچىلىك نامازدۇر». ①

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «أيها الناس أفشوا السلام ، وأطعموا الطعام ، وصِلُوا الأرحام ، وصَلُّوا بالليل والناس نيام تدخلوا الجنة بسلام» «ئى خالايىق! سالامنى ئاشكارا قىلىڭلار، كىشىلەرگە تائام بېرىڭلار، سىلە-رەھىم قىلىڭلار، كېچىسى كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا قوپۇپ ناماز ئوقۇڭلار! شۇندىلا جەننەتكە سالامەت كىرەلەيسىلەر». ②

ۋىتىر نامىزى كېچىلىك نامازلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئاز بولغاندا بىر رەكئەت، ئەڭ كۆپ بولغاندا 11 رەكئەتتۇر. دېمەك، ۋىتىر نامىزى بىر رەكئەتمۇ ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من أحب أن يوتر بواحدة فليفعل» «ۋىتىرنى بىر رەكئەت ئوقۇشنى خالىغان كىشى بىر رەكئەت ئوقۇسۇن». ③

ۋىتىر نامىزى ئۈچ رەكئەتمۇ ئوقۇلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «من أحب أن يوتر بثلاث فليفعل» «ۋىتىرنى ئۈچ رەكئەت ئوقۇشنى خالىغان كىشى ئۈچ رەكئەت ئوقۇسۇن». ④

ئەگەر ۋىتىر نامىزىنى ئۈچ رەكئەت ئوقۇماقچى بولسا، خالىسا (ئۈچ رەكئەتنى) بىرلا سالام بىلەن ئاخىرلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ چۈنكى ئىمام تەھاۋى (رەھىمەھۇللاھ) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈچ رەكئەت ئوقۇپ پەقەت ئاخىرىدا بىرلا سالام بەرگەنلىكىنى نەقىل قىلغان. ئەگەر خالىسا ئىككى رەكئەت ئوقۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن ئۈچىنچى رەكئەتنى ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ئىمام بۇخارى (رەھىمەھۇللاھ) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «أن عبد الله بن عمر كان يسلم بين الركعة والركعتين في الوتر حتى يأمر ببعض حاجته» «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋىتىرنىڭ ئىككىنچى رەكئىتى بىلەن ئۈچىنچى رەكئىتى ئارىسىدا سالام بېرىپ، قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر ئىشى بولسا ئۇنى قىلىشقا بۇيرۇيتتى». ⑤

① مۇسلىم توپلىغان.

② تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

④ ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان.

⑤ بۇخارى توپلىغان.

ئەگەر ۋىتىر نامىزىنى بەش رەكئەت ئوقۇماقچى بولسا، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇپ پەقەت بەشىنچى رەكئەتنىڭ ئاخىرىدىلا تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ سالام بەرسە بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من أحب أن يوتر بخمس فليفعل» «ۋىتىرنى بەش رەكئەت ئوقۇشنى خالىغان كىشى بەش رەكئەت ئوقۇسۇن».①

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋىتىر نامىزى ھەققىدە نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كانت صلاة النبي ﷺ من الليل ثلاث عشرة ركعة يوتر من ذلك بخمس لا يجلس في شيء منهن إلا في آخرهن» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كېچىلىك نامىزى 13 رەكئەت ئىدى، ئۇنىڭدىن بەش رەكئەتنى ۋىتىر قىلىپ ئوقۇپ، پەقەت ئاخىرىدىلا تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ سالام بېرەتتى».②

ئەگەر ۋىتىر نامىزىنى يەتتە رەكئەت ئوقۇماقچى بولسا، ئۇنى بەش رەكئەت ۋىتىر نامىزى ئوقۇغانغا ئوخشاش داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ يوتر بسبع وبخمس لا يفصل بينهن بسلام ولا كلام» «پەيغەمبەر ﷺ ۋىتىر نامىزى ئوقۇغاندا ئارىلىقىنى سالام ياكى سۆز بىلەن ئايرىۋەتمەستىن ئۇلاپلا يەتتە رەكئەت ياكى بەش رەكئەت ئوقۇيتتى».③

ئەگەر ۋىتىر نامىزىنى توققۇز رەكئەت ئوقۇماقچى بولسا، نامازنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇپ، سەككىزىنچى رەكئەتتە تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ، دۇئا قىلىپ سالام بەرمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ، توققۇزىنچى رەكئەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن تەشەھھۇد ئوقۇپ دۇئا قىلىپ سالام بېرىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان يصلي تسع ركعات لا يجلس فيها إلا في الثامنة فيذكر الله ويحمده ويدعوه ثم ينهض ولا يسلم، ثم يقوم فيصلي التاسعة ثم يقعد فيذكر الله ويحمده ويدعوه ثم يسلم تسليما يسمعنا» «پەيغەمبەر ﷺ توققۇز رەكئەتلىك ۋىتىر نامىزىدا پەقەت سەككىزىنچى رەكئەتتە تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ، الله قا زىكرى ـ ھەمدە ئېيتىپ، دۇئا قىلىپ بولۇپ، سالام بەرمەي ئورنىدىن تۇرۇپ، توققۇزىنچى رەكئەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ، الله قا زىكرى ـ ھەمدە ئېيتىپ، دۇئا قىلىپ بولۇپ ئاندىن بىزگە ئاڭلىتىپ سالام بېرەتتى».④

① ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

④ مۇسلىم ۋە ئەھمەد توپلىغان.

ئەگەر ۋىتىر نامىزىنى 11 رەكئەت ئوقۇماقچى بولسا، خالىسا ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ (ئاخىرقى) بىر رەكئەتنى ئايرىم ئوقۇيدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ يصلي فيما بين أن يفرغ من صلاة العشاء إلى الفجر إحدى عشرة ركعة يسلم بين كل ركعتين ويوتر بواحدة» «پەيغەمبەر ﷺ خۇپتەننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بامداتقىچە 11 رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ھەر ئىككى رەكئەتتە بىر سالام بېرىپ (ئاخىرقى) بىر رەكئەتنى ئايرىم ئوقۇيتتى».[①]

ئەگەر خالىسا تۆت رەكئەت ئوقۇپ سالام بېرىپ، ئاندىن يەنە تۆت رەكئەت ئوقۇپ سالام بېرىپ، ئاندىن ئۈچ رەكئەت ئوقۇپ سالام بېرىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ يصلي أربعا، فلا تسأل عن حسنهن وطولهن ، ثم يصلي أربعا ، فلا تسأل عن حسنهن وطولهن ، ثم يصلي ثلاثا» «پەيغەمبەر ﷺ تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ نەقەدەر گۈزەل ۋە ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى سورىمايلا قوي! ئاندىن يەنە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ نەقەدەر گۈزەل ۋە ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى سورىمايلا قوي! ئاندىن ئۈچ رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى».[②]

ھەنبەلى ۋە شافىئىي مەزھىبىدىكى ئالىملار مۇنداق دېگەن: «11 رەكئەت ۋىتىر نامىزىدا ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر تەشەھھۇد بىلەن ياكى ئاخىرقى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىككى تەشەھھۇد بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش دۇرۇس بولىدۇ».

رامىزان ئېيىدىكى كېچىلىك ناماز باشقا ئايلاردىكى كېچىلىك نامازلارغا قارىغاندا پەزىلەتلىكتۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من قام رمضان إيمانا واحتسابا غفر له ما تقدم من ذنبه» «كىمكى رامىزان (كېچىسى) الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا (قىيامدا) تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ».[③]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ئىشەنگەن» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ـــ الله قا ۋە قىيامدا تۇرغۇچىلار ئۈچۈن الله تەييارلاپ قويغان ساۋابقا ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر. «ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ـــ رىياخورلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك، مال ـ دۇنيا ۋە يۈز ـ ئابرۇي تەلەپ قىلماستىن

① مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بەلكى الله نىڭ ساۋابىنى تەلەپ قىلىش دېگەنلىكتۇر.

رامىزاندىكى قىيام — كېچىنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرىدا ئوقۇلىدىغان نامازلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، تاراۋىھ نامىزىمۇ رامىزان ئېيىدىكى قىيامنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا قىزىقىش، كۆڭۈل بۆلۈش ھەمدە ئۇ ئارقىلىق الله تىن ساۋاب ئۈمىد قىلىش لازىم. تاراۋىھ نامىزى پەقەت ساناقلىق كېچىلەردىلا ئوقۇلىدىغان بولغاچقا، ئەقىللىق مۇئمىن كىشى بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيدۇ.

ئۇنىڭ «تاراۋىھ نامىزى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى — كىشىلەر بۇ نامازنى بەكمۇ ئۇزۇن ئوقۇيتتى، ھەر تۆت رەكئەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئازراق ئارام ئالاتتى.

پەيغەمبەر ﷺ ئىلگىرى تاراۋىھ نامىزىنى مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئوقۇشنى يولغا قويغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈممەتكە پەرز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كېيىن ئۇنى تەرك ئەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «أن النبي ﷺ صلى في المسجد ذات ليلة وصلى بصلاته ناس ثم صلى من القابلة ، وكثر الناس ثم اجتمعوا من الليلة الثالثة أو الرابعة فلم يخرج إليهم رسول الله ﷺ ، فلما أصبح قال : ‹قد رأيت الذي صنعتم فلم يمنعني من الخروج إليكم إلا أني خشيت أن تُفْرَض عليكم›» «پەيغەمبەر ﷺ بىر كېچىسى مەسجىدتە ناماز ئوقۇدى، كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ گە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇدى. ئىككىنچى كۈنى كېچىسى يەنە ناماز ئوقۇۋېدى، ئىقتىدا قىلغۇچىلار كۆپەيدى. ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى كۈنى كېچىسى كىشىلەر مەسجىدكە يىغىلدى، پەيغەمبەر ﷺ شۇ كېچىسى ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقماي، تاڭ ئاتقاندا چىقىپ: ‹مەن سىلەرنىڭ مەسجىدكە يىغىلغانلىقىڭلارنى كۆردۈم ئەمما ئۇ نامازنىڭ سىلەرگە پەرز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قېشىڭلارغا چىقمىدىم› دېدى».[①] ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «بۇ ئىش رامىزان ئېيىدا بولغان» دېگەن.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «صمنا مع النبي ﷺ فلم يقم بنا حتى بقي سبع من الشهر ، فقام بنا حتى ذهب ثلث الليل ، ثم لم يقم بنا في السادسة ثم قام بنا في الخامسة حتى ذهب شطر الليل ، فقلنا : يا رسول الله لو نَفَلْتَنَا بقية ليلتنا هذه ؟ فقال ﷺ: ‹إنه من قام مع الإمام حتى ينصرف كُتِبَ له قيام ليلة›» «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە روزا تۇتتۇق،

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۇ بىر بىلەن بىرگە قىيامدا تۇرمىدى. رامىزان ئېيىنىڭ 23ـ كۈنى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە بىز بىلەن بىرگە قىيامدا تۇردى. ئاندىن 24ـ كۈنى كېچىسى يەنە بىز بىلەن بىرگە قىيامدا تۇرماي، 25ـ كۈنى كېچىسى يېرىم كېچىگىچە بىز بىلەن بىرگە قىيامدا تۇردى. بىز ئۇنىڭغا: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قېلىپ قالغان كېچىلەردىمۇ بىز بىلەن بىرگە قىيامدا تۇرۇپ، بىزنى شۇ كېچىلەرنىڭ ئەجرى-ساۋابىدىن بەھرىمەن قىلغان بولساڭ تولىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى» دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ: «كىمكى ئىمام نامازدىن قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قىيامدا تۇرغان بولسا، ئۇ كىشىگە پۈتۈن بىر كېچە قىيامدا تۇرغاننىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ» دېدى». ①

سەلەف سالىھلار تاراۋىھ ۋە ۋىتىر نامازلىرىنىڭ رەكئەت سانىدا ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى 41 رەكئەت، بەزىلىرى 39 رەكئەت، بەزىلىرى 29 رەكئەت، بەزىلىرى 23 رەكئەت، بەزىلىرى 19 رەكئەت، بەزىلىرى 13 رەكئەت، يەنە بەزىلىرى 11 رەكئەت دېگەن ۋە يەنە بەزىلىرى باشقىچە قاراشلاردا بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك كۆز قاراش — (تاراۋىھ ۋە ۋىتىر نامىزى) 11 رەكئەت ياكى 13 رەكئەتتۇر چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ رامىزاندىكى نامازلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغاندا، مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «پەيغەمبەر ﷺ رامىزان ۋە باشقا ئايلاردا كېچىلىك نامازنى 11 رەكئەتتىن ئاشۇرۇۋەتمەيتتى». ② ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كېچىلىك نامىزى 13 رەكئەت ئىدى». ③ سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە تەمىم دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى كىشىلەرگە 11 رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇغان». ④

سەلەف سالىھلار تاراۋىھ نامىزىنى بەكمۇ ئۇزۇن ئوقۇيتتى. سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قارى يۈزلىگەن

① ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار سەھىھ ئىسناد بىلەن توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ بۇخارى توپلىغان.

④ مالىك توپلىغان.

ئايەتلەرنى قىرائەت قىلاتتى، بىز ھەتتا قىيامنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ھاسىغا تايىنىۋالاتتۇق». بۈگۈنكى كۈندىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ چۈنكى ئۇلار تاراۋىھ نامىزىنى بەكمۇ تېز ئوقۇيدۇ. نامازنىڭ بىر رۇكنى بولغان، ناماز ئۇنىڭسىز دۇرۇس بولمايدىغان ئارام ئېلىش (يەنى رۇكۇدىن تۇرغاندىن كېيىنكى ۋە ئىككى سەجدىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارام ئېلىش) تىن ئىبارەت ۋاجىبنى ئورۇندىمايدۇ، ئۇلار بۇ رۇكنىغا سەل قارايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئاجىز، كېسەل ۋە ياشىنىپ قالغانلارنى چارچىتىۋېتىدۇ، ئۆزلىرىمۇ گۇناھكار بولۇپ باشقىلارنىمۇ گۇناھكار قىلىدۇ.

ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئىمامنىڭ ئىقتىدا قىلغۇچىلارنى سۈننەتنى[1] قىلىشتىن توسۇپ قويغۇدەك دەرىجىدە تېز ئوقۇشى مەكرۇھتۇر». ئۇنداقتا ۋاجىبنى قىلىشتىن توسۇپ قويغۇدەك دەرىجىدە تېز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى قانداق بولار؟! الله بىزنى (ئۇنىڭدىن) ساقلىسۇن!

تاراۋىھ نامىزىنىڭ ئەجرى ۋە ساۋابىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىغان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئۇنى قولدىن بېرىپ قويۇشى ياخشى ئەمەس شۇنداقلا پۈتۈن بىر كېچە قىيامدا تۇرغاننىڭ ئەجرىگە ئېرىشكۈسى بار ھەر بىر كىشىنىڭ، ئىمام تاراۋىھ ۋە ۋىتىر نامىزىنى تاماملاپ بولغۇچە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇشتىن ئايرىلىپ قېلىشى ھەم توغرا ئەمەس. ئەگەر ئاياللارنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قالماسلىقى ھەمدە ئاياللار سەۋەبلىك باشقىلارنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قالماسلىقىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولسا، ئۇلار مەسجىدلەردە تاراۋىھ نامىزىغا قاتناشسا بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تمنعوا إماء الله مساجد الله» «الله نىڭ ئايال بەندىلىرىنى الله نىڭ مەسجىدىدىن توسماڭلار».[2] سەلەف سالىھلارمۇ ھەم شۇنداق قىلغان لېكىن الله تائالانىڭ: ﴿وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا﴾ «تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن»[3] دېگەن بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئايال كىشىنىڭ ھىجابلانغان، يۆگەنگەن، ياسانمىغان،

---

[1] بۇ سۈننەتتىن مەقسەت — باشلاش دۇئاسىنى ئوقۇش، ئېھرام تەكبىرىدىن باشقا تەكبىرلەر... قاتارلىقلاردۇر.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] سۈرە نۇر 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خۇشپۇراق ئىشلەتمىگەن، ئاۋازىنى كۆتۈرمىگەن ۋە زىبۇ-زىننىتىنى ئاشكارىلىمىغان ھالەتتە كېلىشى ۋاجىب. ئاشكارا بولۇپ قالغان، يوشۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان زىننەتلەر بولسا جىلباب ۋە ئابايى قاتارلىقلاردۇر.

پەيغەمبەر ﷺ ھېيت كۈنلىرى ئاياللارنى نامازغا چىقىشقا بۇيرۇغاندا، ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىرەرسىمىزنىڭ پۈركەنجىسى بولمىسىمۇ نامازغا چىقامدۇق؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: «لتلبسها أختها من جلبابها» «ھەمشىرىسى ئۇنىڭغا پۈركەنجىلىرىدىن بىرەرنى بىرىپ تۇرسۇن» دېگەن.[1]

ئاياللارنىڭ نامازغا ئەرلەردىن كېيىن چىقىشى ۋە ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشى ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدىن باشلاپ سەپ تۈزۈشى سۈننەتتۇر چۈنكى ئاياللارنىڭ سېپى ئەرلەر سېپىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى سېپى ئەڭ ئەۋزەل سەپتۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خير صفوف الرّجال أوّلها وشرّها آخرها وخير صفوف النّساء آخرها وشرّها أوّلها» «ئەرلەر سېپىنىڭ ياخشىسى بىرىنچى سەپ، يامانراقى ئاخىرقى سەپ؛ ئاياللار سېپىنىڭ ياخشىسى ئاخىرقى سەپ، يامانراقى ئاۋۋالقى سەپتۇر».[2]

ئىمام سالام بېرىشىگىلا ئاياللار مەسجىدتىن چىقىپ كېتىشى، ئۆزرىسىز كېيىن قالماسلىقى كېرەك. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ إذا سلم قام النساء حين يقضي تسليمه وهو يمكث في مقامه يسيراً قبل أن يقوم. قالت: نرى والله أعلم أن ذلك كان لكي ينصرف النساء قبل أن يدركهن الرجال» «پەيغەمبەر ﷺ (نامازدا) سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن دەرھال تۇرماي ئازراق ئولتۇرۇۋالاتتى. ئاياللار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. بىز بۇنى — ئەرلەر ئورنىدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن ئاياللارنىڭ مەسجىدتىن چىقىۋېلىشى ئۈچۈن قىلغان بولۇشى مۇمكىن (الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر) دەپ ئويلايمىز».[3]

ئى الله! بىزنى سالىھلارنى مۇۋەپپەق قىلغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلغىن. ئى مېھرىبان الله! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا-ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى توپلىغان.

مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

ﷲ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

## 5 ـ سۆھبەت

# قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

اللە قا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! اللە كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۇ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. اللە ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر. اللە تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللە نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَتْلُونَ كِتَابَ اللَّهِ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ

﴿وَأَنْفَقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً يَرْجُونَ تِجَارَةً لَنْ تَبُورَ ۞ لِيُوَفِّيَهُمْ أُجُورَهُمْ وَيَزِيدَهُمْ مِنْ فَضْلِهِ إِنَّهُ غَفُورٌ شَكُورٌ ۞﴾ «شۈبھىسىزكى، اﷲ نىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلار، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى (اﷲ نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغان كىشىلەرگە [29] اﷲ ئەجىرلىرىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە مەرھەمىتىدىن ئۇلارغا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، اﷲ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر [30]»[1].

اﷲ نىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى، ھۆكۈم جەھەتتىن تىلاۋەت قىلىش

بۇ ــ قۇرئاننىڭ مەلۇماتلىرىنى تەستىقلاپ، ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش ھەمدە بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىپ، چەكلىمىلىرىدىن يېنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىنشائاللاھ، يەنە بىر سۆھبىتىمىزدە بۇ ھەقتە بايان قىلىمىز.

ئىككىنچى، لەۋزى جەھەتتىن تىلاۋەت قىلىش

بۇ ــ قۇرئاننى قىرائەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى بىر پۈتۈن قۇرئاننى قىرائەت قىلىش بولسۇن ياكى مۇئەييەن سۈرە ۋە ئايەتلەرنى قىرائەت قىلىش بولسۇن، ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە نۇرغۇن ئايەت ـ ھەدىسلەر كەلگەن.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خيركم من تعلم القرآن وعلمه» «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر».[2]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الماهر بالقرآن مع السفرة الكرام البررة، والذي يقرأ القرآن ويتتعتع فيه وهو عليه شاق له أجران» «قۇرئان ئوقۇشقا ماھىر (يەنى يادقا ۋە مۇكەممەل ئوقۇيالايدىغان) كىشى ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچى پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. قۇرئاننى دۇدۇقلاپ قىينىلىپ ئوقۇيدىغان كىشىگە بولسا ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ».[3] بۇ ھەدىستە سۆزلەنگەن ئىككى ئەجىرنىڭ بىرى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغانلىقى

---

[1] سۈرە فاتىر 29 ـ، 30 ـ ئايەتلەر.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۇچۇن بېرىلسە، يەنە بىرى تىلاۋەت قىلغۇچىنىڭ تىلاۋەتتە قىينالغانلىقى ئۇچۇن بېرىلىدۇ.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مثل المؤمن الذي يقرأ القرآن مثل الأترجة ريحها طيب وطعمها طيب، ومثل المؤمن الذي لا يقرأ القرآن كمثل التمرة لا ريح لها وطعمها حلو» «قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇئمىن خۇددى خۇشپۇراق ھەم تەملىك ئۇترۇججە دېگەن مېۋىگە ئوخشايدۇ، قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۇئمىن بولسا خۇددى پۇرىقى يوق ئەمما تەمى تاتلىق خورمىغا ئوخشايدۇ»[1].

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اقرءوا القرآن فإنه يأتي يوم القيامة شفيعا لأصحابه» «قۇرئان ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇ قىيامەت كۈنى ئۆزىنى ئوقۇغان كىشىلەرگە شاپائەتچى بولۇپ كېلىدۇ»[2].

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «أفلا يغدو أحدكم إلى المسجد فيتعلم أو فيقرأ آيتين من كتاب الله عز وجل خير له من ناقتين، وثلاث خير له من ثلاث، وأربع خير له من أربع ومن أعدادهن من الإبل» «سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئەتىگەندە مەسجىدكە بېرىپ الله ئەززە ۋە جەللەنىڭ كىتابىدىن ئىككى ئايەت ئۆگىنىپ ياكى ئوقۇپ كېلىشى ــ ئىككى تۆگىدىنمۇ ياخشىدۇر. ئۈچ ئايەت بولسا ئۈچ تۆگىدىن، تۆت ئايەت بولسا تۆت تۆگىدىن ياخشىدۇر؛ يەنى قانچە ئايەت ئوقۇغان بولسا، شۇنچە تۆگىسى بولغىنىدىن ياخشىدۇر»[3].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما اجتمع قوم في بيت من بيوت الله يتلون كتاب الله ويتدارسونه بينهم إلا نزلت عليهم السكينة، وغشيتهم الرحمة، وحفتهم الملائكة، وذكرهم الله فيمن عنده» «قاچانىكى بىر جامائە الله نىڭ ئۆيلىرىدىن بىرىدە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ الله نىڭ كىتابىنى تىلاۋەت قىلسا ۋە ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئۆگەتسە، ئۇلارغا خاتىرجەملىك چۈشىدۇ، رەھمەت ياغىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى پەرىشتىلەر چۆرىدەپ تۇرىدۇ، الله

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىدىكى پەرىشتىلەرگە سۆزلەپ بېرىدۇ»[①].

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «تعاهدوا القرآن فوالذي نفسي بيده لهو أشد تفلتا من الإبل في عقلها» «قۇرئاننى تاشلىماي ئوقۇپ تۇرۇڭلار، مۇھەممەدنىڭ جېنى ئۇنىڭ قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قۇرئان ئىنساننىڭ ئېسىدىن باغلاقتىن قاچقان تۆگىدىنمۇ تېز قاچىدۇ».[②]

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «لا يقل أحدكم: نسيت آية كيت وكيت بل هو نسي» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھەرگىزمۇ: <پالانى-پالانى ئايەتنى ئۇنتۇپ قالدىم> دېمىسۇن، بەلكى ئۇ ئۇنتۇلدۇرۇلغاندۇر».[③] ئۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ كىشىنىڭ «ئۇنتۇپ قالدىم» دېگەن سۆزى — ئۇنىڭ قۇرئاندىن يادقا ئالغانلىرىغا تاكى ئۇنتۇپ قالغانغا قەدەر پەرۋا قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من قرأ حرفا من كتاب الله فله به حسنة والحسنة بعشر أمثالها ، لا أقول الم حرف ولكن ألف حرف ولام حرف وميم حرف» «كىمكى الله نىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. مەن <ئەلىف لام مىم>نى بىر ھەرپ دېمەيمەن. بەلكى <ئەلىف> بىر ھەرپ، <لام> بىر ھەرپ، <مىم> بىر ھەرپتۇر».[④]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «إن هذا القرآن مأدبة الله فاقبلوا من مأدبته ما استطعتم، إن هذا القرآن حبل الله، والنور المبين، والشفاء النافع عصمة لمن تمسك به، ونجاة لمن تبعه، لا يزيغ فيستعتب، ولا يعوج فيقوم، ولا تنقضي عجائبه، ولا يخلق من كثرة الرد، اتلوه فإن الله يأجركم على تلاوته كل حرف عشر حسنات، أما إني لا أقول الم حرف، ولكن ألف ولام وميم» «قۇرئان ھەقىقەتەن الله نىڭ زىياپىتىدۇر، قۇربىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭ زىياپىتىگە قاتنىشىڭلار. بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن الله نىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسى، روشەن نۇر ۋە مەنپەئەتلىك شىپا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېسىلغانلار ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ مۇسلىم توپلىغان.

④ تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەگەشكەنلەر نىجات تاپىدۇ. ئۇ، ئېزىپ كەتكەنلەردىن (تەۋبە قىلىش ياكى ئىتائەت قىلىش بىلەن) اللە نى رازى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ، خاتالاشقانلارنى تۈزىتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى تۈگىمەيدۇ، كۆپ تەكرارلانغانلىقتىن كونىراپ قالمايدۇ. ئۇنى تىلاۋەت قىلىڭلار چۈنكى ئۇنىڭدىن بىر ھەرپ تىلاۋەت قىلغىنىڭلار ئۈچۈن اللە سىلەرگە ئون ھەسسە ئەجىر ئاتا قىلىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەن <ئەلىف لام مىم>نى بىر ھەرپ دېمەيمەن. بەلكى <ئەلىف> بىر ھەرپ، <لام> بىر ھەرپ، <مىم >بىر ھەرپتۇر». [1]

قېرىنداشلىرىم، مانا بۇ ـــ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ پەزىلەتلىرى ھەمدە اللە تىن ئەجىر ۋە رازىلىق ئۈمىد قىلغان كىشىگە بېرىلىدىغان ئەجىردۇر، يەنى ئازغىنا ئەمەلگە بېرىلگەن كۆپ ئەجىردۇر. ئۇنىڭغا سەل قارىغان كىشى ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن كىشىدۇر، ئۇنى قولدىن بېرىپ قويغان كىشى ئورنىنى تولدۇرغۇسىز دەرىجىدە زىيان تارتقان كىشىدۇر. مانا بۇ پەزىلەتلەر قۇرئاننىڭ ھەممە ئايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى ھەدىسلەردە مۇئەييەن سۈرىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، فاتىھە سۈرىسىمۇ شۇ جۈملىدىن سانىلىدۇ. ئەبۇ سەئىد ئىبنى مۇئەللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «لأعلمنك أعظم سورة في القرآن : ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ هي السبع المثاني والقرآن العظيم الذي أوتيتُه» «مەن ساڭا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن. ئۇ بولسا <جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ رەببى اللە قا خاستۇر>[2]. ئۇ تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتتۇر ۋە ماڭا ئاتا قىلىنغان ئۇلۇغ قۇرئاندۇر». [3] بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتىنىڭ بۈيۈكلۈكىدىن ئۇنى قىرائەت قىلىش نامازنىڭ بىر رۈكنى ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭسىز ناماز دۇرۇس بولمايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا صلاة لمن لم يقرأ بفاتحة الكتاب» «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ناماز ھېسابلانمايدۇ». [4] ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «من صلى صلاة

---

[1] ھاكىم توپلىغان.

[2] سۈرە فاتىھە 1 ـ ئايەت.

[3] بۇخارى توپلىغان.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

لم يقرأ فيها بفاتحة الكتاب فهي خِداج» «كىمكى نامىزىدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىسا، ئۇ ناماز كەمتۈك (يەنى تولۇق بولمىغان) بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ۋە بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، بىر كىشى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «بىز ئىمامغا ئىقتىدا قىلغاندىمۇ ئوقۇمدۇق؟!» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «سەنمۇ ئۇنى ئىچىڭدە ئوقۇغىن!» دەپ جاۋاب بەرگەن.①

«بەقەرە» ۋە «ئال ئىمران» سۈرىلىرىمۇ شۇ مۇئەييەن سۈرىلەرنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اقرءوا الزهراوين : البقرة وآل عمران ؛ فإنهما يأتيان يوم القيامة كأنهما غمامتان أو غيايتان ، أو كأنهما فِرْقان من طير صواف تُحَاجَّان عن أصحابهما ، اقرءوا سورة البقرة فإن أَخْذها بركة وتركها حسرة ، ولا تستطيعها البَطَلَة» «<بەقەرە> بىلەن <ئال ئىمران>دىن ئىبارەت ئىككى نۇرلۇق سۈرىنى ئوقۇڭلار چۈنكى بۇ ئىككى سۈرە قىيامەت كۈنى خۇددى ئىككى پارچە بۇلۇتتەك ياكى سايىۋەندەك ۋە ياكى قاناتلىرىنى ئېچىپ، سەپ-سەپ بولۇپ تىزىلغان ئىككى توپ قۇشلاردەك بولۇپ كېلىپ، ئۆزىنى ئوقۇغان ئىگىلىرىنى ئاقلايدۇ. بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇڭلار چۈنكى ئۇنى ئوقۇش — بەرىكەت، تاشلاپ قويۇش — ھەسرەتتۇر. ئۇنى ئوقۇغان ئىگىلىرىگە سېھىرگەرلەر سېھىر قىلالمايدۇ».②

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا تجعلوا بيوتكم مقابر إن الشيطان ينفر من البيت الذي تقرأ فيه سورة البقرة» «ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىق قىلىۋالماڭلار چۈنكى <سۈرە بەقەرە> ئوقۇلغان ئۆيدىن شەيتان قاچىدۇ».③

ئۇنىڭ سەۋەبى — «سۈرە بەقەرە»دە ئايەتۇلكۇرسىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «أن من قرأها في ليلة لم يزل عليه من الله حافظ، ولا يقربه شيطان حتى يصْبِح» «كىمكى (ئايەتۇلكۇرسىنى) كېچىسى ئوقۇسا، الله تەرەپتىن بولغان بىر مۇھاپىزەتچى ئۇ كىشى بىلەن داۋاملىق بىللە بولىدۇ ۋە تاڭ ئاتقۇچە ئۇ كىشىگە شەيتان يېقىنلىشالمايدۇ».④

① مۇسلىم توپلىغان.
② مۇسلىم توپلىغان.
③ مۇسلىم توپلىغان.
④ بۇخارى توپلىغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بينما جبريل عليه السلام قاعد عند النبي ﷺ سمع نقيضا من فوقه، فرفع رأسه فقال: هذا باب من السماء فتح اليوم لم يفتح قط إلا اليوم فنزل منه ملك فقال هذا ملك نزل إلى الأرض لم ينزل قط إلا اليوم فسلم وقال أبشر بنورين أوتيتهما لم يؤتهما نبي قبلك فاتحة الكتاب وخواتيم سورة البقرة لن تقرأ بحرف منهما إلا أعطيته» [جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئاسمان تەرەپتىن خۇددى دەرۋازا ئېچىلغاندەك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. پەيغەمبەر ﷺ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بۇ ــ ئاسمانىنىڭ ھېچقاچان ئېچىلىپ باقمىغان بىر دەرۋازىسى ئىدى، بۈگۈن ئېچىلدى» دېدى، ئۇنىڭدىن بىر پەرىشتە چۈشتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «بۇ بۈگۈندىن باشقا چاغدا زېمىنغا چۈشۈپ باقمىغان پەرىشتە» دېدى. ئۇ پەرىشتە سالام قىلىپ: «بىشارەت ئالغىن، ساڭا ئىلگىرى ھېچبىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن ئىككى نۇر بېرىلدى، ئۇ بولسىمۇ <سۈرە فاتىھە> ۋە <سۈرە بەقەرە>نىڭ ئاخىرىقى ئايەتلىرىدۇر. ئۇنىڭدىكى بىرەر دۇئانى ئوقۇپ تىلىكىڭنى سورىساڭ، ئىجابەت قىلىنماي قالمايدۇ» دېدى].①

«ئىخلاس سۈرىسى»مۇ پەزىلىتى بايان قىلىنغان مۇئەييەن سۈرىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «والذي نفسي بيده إنها تعدل ثلث القرآن» «جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ (سۈرە ئىخلاس) قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە باراۋەر كېلىدۇ».② بۇ «پەزىلەتتە باراۋەر» دېگەنلىك بولماستىن بەلكى «ئۈچتىن بىرىگە كۇپايە قىلىدۇ» دېگەنلىكتۇر چۈنكى نامازدا ئۇنى ئۈچ قېتىم ئوقۇغان تەقدىردىمۇ «سۈرە فاتىھە»نىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ. بىر نەرسىنىڭ پەزىلەتتە باشقا نەرسىگە باراۋەر بولۇشى ــ ئۇنىڭ شۇ نەرسىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من قال <لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الحَمْدُ> عشر مرات كان كمن أعتق أربعة أنفس من ولد إسماعيل»

① بۇخارى توپلىغان.

② بۇخارى توپلىغان.

«كىمكى ئون قېتىم <لاَ إِلهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الحَمْدُ>[1] دېسە، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن تۆت قۇلنى ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ».[2] ھەدىسنىڭ يەنە بىر لەۋزىدە مۇنداق كەلگەن: «كن له كعدل عشر رقاب من ولد إسماعيل» «ئۇنىڭ بۇ ئەمىلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن ئون قۇلنى ئازاد قىلغانغا باراۋەر كېلىدۇ».[3]

بۇ زىكىرنى ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى تۆت قۇل ئازاد قىلغانغا باراۋەر بولسىمۇ لېكىن زىممىسىدە تۆت قۇل ئازاد قىلىش كەففارىتى بار بىر كىشىنىڭ بۇ زىكىرنى ئېيتىپ قويۇشى — ئۇنىڭ قۇللارنى ئازاد قىلىشىغا كۇپايە قىلمايدۇ.

«سۇرە فەلەق» ۋە «سۇرە ناس»لارمۇ پەزىلىتى بايان قىلىنغان مۇئەييەن سۈرىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ألم تر آيات أُنْزِلت الليلة لم يُرَ مثلهن: ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ﴾ و ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ﴾» «بۈگۈن كېچە نازىل قىلىنغان <فەلەق> ۋە <ناس> سۈرىلىرىگە قارىمامسەن! ئۇ ئايەتلەرگە ئوخشاش ئايەت كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى».[4] پەيغەمبەر ﷺ ئۇقبە ئىبنى ئامىرنى ئۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇشقا بۇيرۇغان، ئاندىن مۇنداق دېگەن: «ما سأل سائل بمثلها ولا استعاذ مستعيذ بمثلها» «ھېچبىر كىشى ئۇنىڭ ئوخشىشى بىلەن ھاجىتىنى سوراپ باقمىغان ۋە پاناھلىق تىلەپ باقمىغان».[5]

قېرىنداشلىرىم، قۇرئان نازىل قىلىنغان بۇ ئايدا، مانا بۇ مۇبارەك قۇرئاننى كۆپ ئوقۇشقا تىرىشىڭلار! چۈنكى بۇ ئايدا ئۇنى كۆپ ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى چوڭدۇر. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى پەيغەمبەر ﷺ گە ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا بىر قېتىم ئوقۇپ بېرەتتى، پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات تاپىدىغان يىلى رامىزان ئېيىدا تېخىمۇ مۇستەھكەملەش سەۋەبىدىن ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەرگەن.

سەلەف سالىھلار رامىزان ئېيىدا مەيلى نامازدا ياكى نامازدىن سىرت

---

[1] مەنىسى: الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] تەبەرانى توپلىغان.

[4] مۇسلىم توپلىغان.

[5] نەسائى توپلىغان.

بولسۇن، قۇرئاننى كۆپ تىلاۋەت قىلاتتى. رامىزان ئېيى كىرسىلا ئىمام زۇھرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيتتى: «بۇ ئاي ــ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە پېقىرلارغا تاماق بېرىش ئېيىدۇر».

رامىزان ئېيى كىرسە ئىمام مالىك (رەھىمەھۇللاھ) ھەدىس ئوقۇش ۋە ئىلىم سورۇنلىرىنى تەرك قىلىپ، قۇرئاننى سەھىپىلەرگە قاراپ تۇرۇپ تىلاۋەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى.

قەتادە (رەھىمەھۇللاھ) ئادەتتە ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم قۇرئان تامام قىلاتتى، رامىزاندا ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تامام قىلاتتى، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ھەر كېچىسى بىر قېتىم تامام قىلاتتى. ئىبراھىم نەخەئى (رەھىمەھۇللاھ) رامىزاندا قۇرئاننى ھەر ئۈچ كېچىدە بىر قېتىم تامام قىلاتتى، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ھەر ئىككى كېچىدە بىر قېتىم تامام قىلاتتى. ئەسۋەد (رەھىمەھۇللاھ) رامىزان ئېيىدا ھەر ئىككى كېچىدە بىر قېتىم قۇرئاننى تولۇق تامام قىلاتتى.

الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن! سىلەر ئۇ ياخشىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكۈچىلەر، شۇنداق قىلساڭلار پاك ۋە ياخشى كىشىلەرگە قوشۇلالايسىلەر. الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق كېچە ۋە كۈندۈز ۋاقىتلىرىنى غەنىيمەت بىلىڭلار! چۈنكى ئۆمۈر تېز ئۆتمەكتە، ۋاقىتمۇ خۇددى بىر سائەتتەك ئۆتمەكتە.

ئى الله ! بىزگە سېنىڭ كىتابىڭنى ئۆزۈڭ رازى بولىغۇدەك تىلاۋەت قىلىشنى رىزىق قىلىپ بەرگىن، ئۇ ئارقىلىق بىزنى توغرا يولغا يېتەكلىگىن، ئۇ ئارقىلىق بىزنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقارغىن. ئى ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان الله ! قۇرئاننى بىزنىڭ زىيىنىمىزغا ئەمەس، پايدىمىزغا ھۆججەت قىلىپ بەرگىن. ئى الله ! قۇرئان تىلاۋەت قىلىش سەۋەبلىك بىزنىڭ دەرىجىمىزنى يۇقىرى قىلغىن، بىزنى دوزاختىن قۇتقۇزغىن، يامانلىقلىرىمىزنى ئۆچۈرگىن. ئى مېھرىبان الله ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنىچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

## 6 ـ سۆھبەت

# رامىزان روزىسى تۇتۇشتا كىشلەرنىڭ بىر قانچە قىسمغا ئايرىلىدىغانلىقى ھەققىدە

اللە قا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! اللە كىچە ـ كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. اللە ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، اللە تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللە نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا

قىلىسۇن!

قېرىنداشلىرىم، ئۈچىنچى سۆھبەتتە رامىزان روزىسىنىڭ دەسلەپتە ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ پەرز قىلىنغانلىقى، كېيىن روزىنىڭ ھۆكۈملىرى تۇراقلاشقانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار سۆزلەپ ئۆتۈلگەن ئىدى. كىشىلەر بۇ ھۆكۈملەردە ئون قىسىمغا ئايرىلىدۇ:

❖ بىرىنچى قىسىم كىشىلەر: روزا تۇتۇشتىن چەكلىگۈچى ئامىللاردىن خالىي، روزا تۇتۇشقا قادىر، مۇقىم، ئەقىللىق، بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان كىشىلەر

كىتاب، سۈننەت ۋە ئالىملارنىڭ ئىجماسى (بىرلىككە كەلگەن قارىشى)غا ئاساسەن، ئۇ كىشىگە رامىزان روزىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنْزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ فَمَنْ شَهِدَ مِنْكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ﴾ «رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن»[1]. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا رأيتم الهلال فصوموا» «يېڭى ئاينى كۆرسەڭلار روزا تۇتۇڭلار».[2]

يۇقىرىدا سۈپەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ رامىزان روزىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە مۇسۇلمانلار ئىجماغا (بىرلىككە) كەلگەن.

ئەمما رامىزان روزىسى تۇتۇش كاپىرغا پەرز بولمايدۇ، تۇتقان تەقدىردىمۇ روزىسى قوبۇل بولمايدۇ چۈنكى كاپىر — ئىبادەت قىلىشقا لايىق ئەمەس. ئەگەر ئۇ رامىزان ئېيى جەريانىدا مۇسۇلمان بولغان بولسا، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لِلَّذِينَ كَفَرُوا إِنْ يَنْتَهُوا يُغْفَرْ لَهُمْ مَا قَدْ سَلَفَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارغا ئېيتقىنكى: <ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن، پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ>»[3].

---

[1] سۈرە بەقەرە 185- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] سۈرە ئەنفال 38- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەر كاپىر رامىزان كۈنلىرى كۈندۈزدە مۇسۇلمان بولغان بولسا، روزا پەرز بولغان كىشىگە ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، كۈنىنىڭ قالغان قىسمىدا (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) توختىشى ۋاجىب بولىدۇ.

❖ ئىككىنچى قىسىم كىشىلەر: كىچىك باللار

كىچىك بالا بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا روزا تۇتۇش پەرز بولمايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «رُفِعَ القلم عن ثلاثة : عن النائم حتى يستيقظ ، وعن الصغير حتى يكبر ، وعن المجنون حتى يفيق» «قەلەم ئۈچ تۈرلۈك كىشىدىن كۆتۈرۈلدى: ئۇخلاپ قالغۇچى ئويغانغۇچىلىك، نارەسىدە بالا بالاغەتكە يەتكۈچىلىك، ساراڭ ئەقلىگە كەلگۈچىلىك».[①] لېكىن كىچىك بالا روزا تۇتۇشقا تاقەت قىلالىسا، ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن تائەت ـ ئىبادەتكە ئادەتلىنىشى ئۈچۈن، ۋەلىيسى ئۇنى ئىبادەتكە كۆندۈرۈش ۋە سەلەف سالىھلارغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن رامىزان روزىسى تۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ. ساھابىلەر كىچىك باللىرىنى روزا تۇتقۇزاتتى، ئۇلارنى مەسجىدلەرگە ئېلىپ باراتتى ۋە يۇڭدىن ئويۇنچۇق ياساپ بېرەتتى؛ ئەگەر باللار «تاماق بەر!» دەپ يىغلىسا ئۇلارغا ھېلىقى ئويۇنچۇقنى بېرەتتى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنى ئويناۋېرەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇنلىغان ۋەلىيلەر بۇنىڭدىن بىخەۋەر، ئۇلار باللىرىنى روزا تۇتۇشقا بۇيرۇمايدۇ بەلكى باللىرى روزا تۇتۇشقا قىزىقسىمۇ بەزىلەر ئۇلارنى روزا تۇتۇشتىن توسىدۇ ھەمدە بۇنداق قىلىشنى «باللارغا كۆيۈنگەنلىك» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ئىسلام پرىنسىپلىرى ۋە ئۇنىڭ قىممەتلىك تەلىماتلىرى ئۈستىدە تەربىيىلەش — ئۇلارغا ھەقىقىي كۆيۈنگەنلىكتۇر. كىمكى باللارنى ئۇنىڭدىن توسىدىكەن ياكى سەل قارايدىكەن، ئۆزىگە ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئەمما، ۋەلىيسى باللارنىڭ روزا تۇتقانلىقىنىڭ ئۇلارنىڭ تەن سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكىنى بايقىسا، ئۇلارنى روزا تۇتۇشتىن توسسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

ئوغۇل بالىدا تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئالامەتنىڭ بىرى كۆرۈلسە بالاغەتكە يەتكەن ھېسابلىنىدۇ:

- بىرىنچى، ئېھتىلام بولۇش ياكى باشقا سەۋەبلىك مەنىينىڭ چىقىشى

---

[①] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا بَلَغَ الْأَطْفَالُ مِنكُمُ الْحُلُمَ فَلْيَسْتَأْذِنُوا كَمَا اسْتَأْذَنَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ﴾ «كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن»[1]. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «غسل الجمعة واجب على كل محتلم» «جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىش بالاغەتكە يەتكەن ھەرقانداق كىشىگە ۋاجىبتۇر».[2]

- ئىككىنچى، ئەۋرەتكە تۈك چىقىش

يەنى ئالدى ئەۋرەتنىڭ ئەتراپىغا يىرىك تۈك ئۈنۈش. ئەتىيە ئەلقۇرەزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «عرضنا على النبي ﷺ يوم قريظة، فمن كان محتلماً أو أنبت عانته قتل، ومن لا ترك» «قۇرەيزە غازىتى كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدۇق. ئېھتىلام بولغان ياكى ئەۋرىتىگە تۈك ئۈنگەنلەر ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۈنمىگەنلەر ئۆلتۈرۈلمىدى».[3]

- ئۈچىنچى، 15 ياشقا توشۇش

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «عرضت على النبي ﷺ يوم أحد وأنا ابن أربع عشرة سنة فلم يجزني، وعرضت عليه يوم الخندق وأنا ابن خمس عشرة سنة فأجازني» «مەن ئۇھۇد كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدۈم، ئۇ ۋاقىتتا مەن 14 ياشتا ئىدىم، ئۇ مېنى (جەڭگە) قوبۇل قىلمىدى. خەندەك غازىتى كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدۈم، ئۇ ۋاقىتتا مەن 15 ياشتا ئىدىم. ئۇ مېنى (جەڭگە) قوبۇل قىلدى».[4]

نافىئ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپە ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرىقى ھەدىسنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ: ‹إن هذا الحد بين الصغير والكبير وكتب لعماله أن يفرضوا لمن بلغ خمس عشرة سنة› ‹بۇ كىچىك بالا بىلەن چوڭ ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى چەكتۇر› دېدى ۋە يەنە ئۆزىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە: ‹15 ياشقا كىرگەنلەرگە تەمىنات بېرىڭلار› دېدى».[5]

قىزلار تۆت تۈرلۈك ئالامەتنىڭ بىرىنىڭ كۆرۈلۈشى بىلەن بالاغەتكە يەتكەن

[1] سۈرە نۇر 59- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[5] بۇخارى توپلىغان.

بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئالامىتى ئوغۇللارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، تۆتىنچى تۈرلۈك ئالامىتى بولسا ھەيز كۆرۈشتۇر. دېمەك، قىزلار ھەيز كۆرگەن ۋاقىتتا بالاغەتكە يەتكەن بولىدۇ. قىز بالا ئون ياشقا يەتمەي تۇرۇپ ھەيز كۆرگەن بولسىمۇ ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنىدۇ.

بىر بالا رامىزان كۈندۈزى بالاغەتكە يەتكەن بولسا، ئەگەر ئۇ روزا تۇتۇۋاتقان بولسا روزىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىشى سورۇشتۇرۇلمەيدۇ؛ ئەگەر روزا تۇتمىغان بولسا، ئۇ روزا تۇتۇش پەرز بولغان كىشىگە ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، شۇ كۈننىڭ قالغان قىسمىدا (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) توختىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەمما يېمەك ـ ئىچمەكتىن توختاش ۋاجىب بولغان ۋاقىت (سۇبھى سادىق) تا ئۇ تېخى روزا تۇتۇش پەرز بولغان كىشىلەردىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا (شۇ كۈننىڭ) قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ.

❖ ئۈچىنچى قىسىم كىشىلەر: مەجنۇن (ئەقلىنى يوقاتقان) كىشىلەر

مەجنۇنغا رامىزان روزىسى تۇتۇش پەرز بولمايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «رفع القلم عن ثلاثة : عن النائم حتى يستيقظ ، وعن الصغير حتى يكبر ، وعن المجنون حتى يفيق» «قەلەم ئۈچ تۈرلۈك كىشىدىن كۆتۈرۈلدى: ئۇخلاپ قالغۇچى ئويغانغۇچىلىك، نارەسىدە بالا بالاغەتكە يەتكۈچىلىك، ساراڭ ئەقلىگە كەلگۈچىلىك».[①] چۈنكى مەجنۇندا ئىبادەتنى ئويلاپ نىيەت قىلىدىغان ئەقىل يوق، ئىبادەت نىيەتسىز قوبۇل بولمايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إنما الأعمال بالنيات وإنما لكل امرئ ما نوى» «بارلىق ئەمەللەر (نىڭ دۇرۇس بولۇشى ۋە تولۇق ئەجىر بېرىلىشى) پەقەت نىيەتكە باغلىقتۇر، ھەربىر ئىنسان پەقەت ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگىلا ئېرىشىدۇ».[②]

بەزىدە جىنى تۇتۇپ بەزىدە ئەسلىگە كېلىدىغان كىشىگە كەلسەك، ئۇ كىشى ئەسلىگە كەلگەندە روزا تۇتۇشى پەرز بولىدۇ، جىنى تۇتقاندا روزا تۇتۇشى پەرز بولمايدۇ. ئەگەر كۈندۈز ئارىلىرىدا جىنى تۇتسا، كېسەل ياكى باشقا سەۋەبلىك بىھوش بولغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمىغاندەك ئۇ كىشىنىڭ روزىسىمۇ بۇزۇلمايدۇ چۈنكى ئۇ كىشى ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ھالىتىدە توغرا نىيەت بىلەن

[①] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.
[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

روزا تۇتقانلىقى ئۈچۈن، روزىسىنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىغا ھېچقانداق دەلىل يوق. بولۇپمۇ، ئۇ كىشى مۇئەييەن ۋاقىتتا جىن تۇتىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولسا، روزىسىنىڭ بۇزۇلمايدىغانلىقى تېخىمۇ كۈچلىنىدۇ شۇڭلاشقا جىن تۇتقان كۈننىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ. ئەگەر جىن تۇتقان كىشى كۈندۈز ئارىلىرىدا ئەسلىگە كەلسە، روزا پەرز بولغان كىشىگە ئايلانغانلىقى ئۈچۈن كۈننىڭ قالغان قىسمىدا (يېمەك-ئىچمەكتىن) توختاپ تۇرۇشى ۋاجىب بولىدۇ. ئۇ كىشىگە خۇددى بالاغەتكە يەتكەن ۋاقىتتىكى نارەسىدە بالا ۋە مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتىكى كاپىرغا روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولمىغاندەك، روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ.

❖ تۆتىنچى قىسىم كىشىلەر: ئاق-قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغان ياشانغانلار

بۇنداق كىشىلەر پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقى سەۋەبلىك ئۇلاردىن شەرئىي تەكلىپ ساقىت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا رامىزان روزىسى تۇتۇش ياكى (مىسكىنگە) تائام بېرىش ۋاجىب بولمايدۇ. دېمەك، بۇ تۈردىكى كىشىلەر پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يېتىلمىگەن كىچىك بالىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇلار بەزىدە پەرق ئېتىپ بەزىدە پەرق ئېتەلمەيدىغانلار بولسا، گەپ-سۆزدىن ئېنىقلاتقان ھالەتتە ئەمەس بەلكى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ھالەتتە رامىزان روزىسى ۋە نامازنى ئادا قىلىشى پەرز بولىدۇ.

❖ بەشىنچى قىسىم كىشىلەر: روزا تۇتۇشتىن داۋاملىق ئاجىز كەلگەن، ئاجىزلىقىنىڭ يوقۇلۇشىدىن ئۈمىد يوق قېرىلار ۋە راك كېسىلىگە ئوخشاش ساقىيىشتىن ئۈمىد يوق كېسەل كىشىلەر

بۇ تۈردىكى كىشىلەر روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا رامىزان روزىسى تۇتۇش پەرز بولمايدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾ «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اللە قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار»[1]. اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا﴾ «اللە ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ»[2]. لېكىن ئۇلارغا ھەر كۈنلۈك روزىسى

[1] سۈرە تەغابۇن 16- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە 286- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇچۇن بىر مىسكىنگە تاماق بېرىش ۋاجىب بولىدۇ چۈنكى الله تائالا دەسلەپ رامىزان روزىسىنى پەرز قىلىپ، روزا تۇتۇش بىلەن (مىسكىنگە) تاماق بېرىش ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارلىق بەرگەندە، تاماق بېرىشنى روزا تۇتۇش بىلەن باراۋەر قىلغان. دېمەك، (ئۇ ۋاقىتتا) تاماق بېرىش روزا تۇتۇشنىڭ ئورنىدا تۇرغانلىقتىن، روزا تۇتۇشتىن ئاجىز كەلگەندە ئۇنىڭ ئورنىغا تاماق بېرىش ۋاجىب بولغان.

تاماق بېرىشتە ئۇنى ھەربىر مىسكىنگە بىر مۇد (يەنى مەدىنە ئۆلچىمىدىكى سا بويىچە ¼ سا) قىلىپ مىسكىنلەرگە تارقىتىپ بېرىش ياكى ئۆزىنىڭ زىممىسىدە قېلىپ قالغان رامىزان كۈنلىرىنى ھېسابلاپ، تاماق تەييارلاپ مىسكىنلەرنى چاقىرىش ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلىدۇ. بىر مۇد 510 گىرام بولىدۇ. ئىمام بۇخارى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: «قېرى كىشى روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىسا مىسكىنلەرگە تاماق بېرىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قېرىپ قالغاندا بىر يىل ياكى ئىككى يىل روزا تۇتمىغان ھەر كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە گۆش ياكى نان بەرگەن». ياشىنىپ قېلىپ روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىغان قېرى بوۋاي ـ مومايلار ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «فيطعمان مكان كل يوم مسكيناً» «ئۇلار ھەر كۈنلۈك روزىنىڭ ئورنىغا بىر مىسكىنگە تاماق بېرىدۇ» دېگەن.[1]

قېرىنداشلىرىم، شەرىئەت ـــ الله نىڭ ھېكمىتى ۋە رەھمىتىدۇر. الله تائالا ئۇ ئارقىلىق بەندىلىرىگە رەھىم قىلىدۇ چۈنكى شەرىئەت ـــ ئاسانلاشتۇرۇش، كۆيۈنۈش، پۇختىلاش ۋە ھېكمەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. شەرىئەتكە تەكلىپ قىلىنغان ھەربىر كىشى ئۆز زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتنى كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭرى، قەلبى تولۇق قانائەتلەنگەن، الله نىڭ رەببى، ئىسلامنىڭ دىنى، مۇھەممەد ﷺ نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە رازى بولغان ھالدا ئورۇندىشى ئۈچۈن، الله تائالا شەرىئەتنى ھەربىر تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ ئەھۋالىغا ماس ھالدا پەرز قىلدى.

ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن ئىنسانلار دىنىدىن ئېزىپ كېتىۋاتقاندا، سىلەر مانا بۇ شەرەپلىك دىنغا ئېرىشكەنلىكىڭلار ئۈچۈن ھەمدە الله نىڭ سىلەرنى بۇ دىنغا ھىدايەت

[1] بۇخارى توپلىغان.

قىلغانلىقى ئۈچۈن الله قا ھەمدە ئېيتىڭلار شۇنداقلا الله تىن سىلەرنى ھاياتىڭلارنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ دىندا مۇستەھكەم قىلىشنى سوراڭلار!

ئى الله ! (بىز سەندىن) سېنىڭدىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكى، سېنىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىڭ، ھەممە نەرسىنىڭ ساڭا موھتاج ئىكەنلىكى، سېنىڭ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەسلىكىڭ ھەمدە ھېچبىرىنىڭ ساڭا تەڭداش بولالمايدىغانلىقىغا ھەقىقىي گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىمىزنى ۋەسىلە قىلىپ تۇرۇپ سەندىن (ھاجىتىمىزنى) سورايمىز. ئى ئەڭ ئۇلۇغ، ئاتاسى كۆپ الله ! ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى الله ! ئى ئەبەدى ھايات، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى الله ! بىزنى، سەن ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشىڭنى سورايمىز. بىزنى سېنىڭ رەب، ئىسلامنىڭ دىن، مۇھەممەد ﷺ نىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە رازى بولغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلىشىڭنى سورايمىز. ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلىشىڭنى شۇنداقلا خاتالىقلىرىمىزنى، يامان ئەمەللىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى ۋە بىزگە ئۆز تەرىپىڭدىن رەھمەت بېغىشلىشىڭنى سورايمىز. سەن ھەقىقەتەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ كۆپ بېغىشلىغۇچىسەن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ھەمدە تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بارلىق مۇئمىنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

## 7 - سۆھبەت

# رامىزان روزىسى تۇتۇشتا بىر قانچە قىسىمغا ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ يەنە بىر بۆلۈكى ھەققىدە

الله قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! الله كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. الله ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، الله تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ الله نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا

قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، بىز (ئالدىنقى سۆھبىتىمىزدە) رامىزان روزىسىنىڭ ھۆكۈملىرىدە كىشىلەرنىڭ بەش قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىگەن ئىدۇق. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن بەش قىسىم كىشىلەردىن باشقا، مەزكۇر سۆھبەتتە بىز يەنە بىر بۆلەك كىشىلەر ھەققىدە توختىلىمىز.

❖ ئالتىنچى قىسىم كىشىلەر: مۇساپىر

مۇساپىر كىشى سەپەر قىلىش ئارقىلىق ھىيلە ئىشلىتىپ روزىسىنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلغان بولسا ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قارايمىز. ئەگەر سەپەر قىلىشتىكى مەقسىتى روزىسىنى بۇزۇش بولسا، ئۇ كىشىنىڭ شۇ ۋاقىتتا روزىسىنى بۇزۇشى ھارام، روزىسىنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر ھىيلە ئىشلىتىشنى مەقسەت قىلمىغان بولسا، سەپىرىنىڭ مۇددىتى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن، بىرەر ھاجەت ئۈچۈن قىلغان ئۆتكۈنچى سەپەر بولسۇن ياكى ئايروپىلان ۋە كىرا ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇرلىرىغا ئوخشاش دائىملىق سەپەر بولسۇن، الله تائالانىڭ سۆزى ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن، روزىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى بۇزۇش ئوتتۇرىسىدا ئۇ كىشىگە ئىختىيارلىق بېرىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ كَانَ مَرِيضاً أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِنْ أَيَّامٍ أُخَرَ يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾ «كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ»[1].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «كنا نسافر مع النبي ﷺ، فلم يعب الصائم على المفطر، ولا المفطر على الصائم» «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە سەپەرگە چىققان ئىدۇق، روزا تۇتقانلار بىلەن تۇتمىغانلار بىر-بىرىنى ئەيىبلىمەيتتى»[2].

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «يرون أن من وجد قوة فصام فإن ذلك حسن، ويرون أن من وجد ضعفاً فأفطر فإن ذلك حسن» «ساھابىلەر: <كىمنىڭ روزا تۇتقۇدەك تاقىتى بولسا، ئۇنىڭ روزا

[1] سۇرە بەقەرە 185 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تۇتقىنى ياخشى؛ كىمنىڭ روزا تۇتقۇدەك تاقىتى بولمىسا، تۇتمىغىنى ياخشى> دەپ قارايتتى». [1]

ھەمزە ئىبنى ئەمىر ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «يا رسول الله، إني صاحب ظهر أعالجه أسافر عليه وأكريه، وإنه ربما صادفني هذا الشهر يعني: رمضان وأنا أجد القوة وأنا شاب، فأجد بأن الصوم يا رسول الله أهون علي من أن أؤخره فيكون ديناً علي، أفأصوم يا رسول الله أعظم لأجري أم أفطر؟» «ئى الله نىڭ رەسۇلى! مېنىڭ بىر تۆگەم بار، ئۇنىڭ بىلەن ھاجەتلىرىمنى راۋا قىلىمەن. گاھىدا ئۇنىڭغا مىنىپ سەپەر قىلسام، گاھىدا ئۇنى كىراغا سالىمەن. سەپەردىكى ۋاقتىمدا رامىزان ئېيى كىرىپ قېلىشى مۇمكىن، مەن ياش ۋە كۈچلۈك يىگىت، روزا تۇتۇش ماڭا تەس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن روزىنى كېچىكتۈرۈپ قازاسىنى قىلغاندىن كۆرە، ئۆز ۋاقتىدا تۇتقىنىمنىڭ ئەجرى كاتتىمۇ ياكى قازاسىنى قىلسام ئەجرى كاتتىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «أي ذلك شئت يا حمزة» «ئى ھەمزە! قايسىسىنى خالىساڭ، شۇنى قىلغىن!» دەپ جاۋاب بەردى. [2]

سەپەردە ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى سەۋەبىدىن كىرا ماشىنىسىنىڭ شوپۇرىغا رامىزان روزىسىنى تۇتۇش قىيىن كەلسە، ھاۋا سالقىن بولىدىغان، ئۇ كىشىگە روزىسىنى تۇتۇش ئاسان بولىدىغان كۈنلەرگە كېچىكتۈرسە بولىدۇ.

مۇساپىر كىشى رامىزان روزىسى تۇتۇش ياكى تۇتماسلىقتىن ئاسان بولغىنىنى قىلىشى ئەۋزەلدۇر. ئەگەر روزا تۇتۇش ياكى تۇتماسلىقى باراۋەر بولسا، روزا تۇتۇشى ئەۋزەلدۇر. روزا تۇتۇش ــــ ئۇ كىشىنىڭ زىممىسىدىن روزىنىڭ ساقىت بولۇشىنى تېزلىتىدۇ، كىشىلەر بىلەن بىرگە روزا تۇتۇش ئۇ كىشىنى روھلاندۇرىدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ شۇنداق قىلغان.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «خرجنا مع النبي ﷺ في رمضان في حر شديد، حتى إن كان أحدنا ليضع يده على رأسه من شدة الحر، وما فينا صائم إلا رسول الله ﷺ وعبد الله بن رواحة» «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن رامىزان ئېيىدا سەپەرگە چىقتۇق، ھاۋا قاتتىق ئىسسىق ئىدى، ھەتتا ئارىمىزدىكى بەزى كىشىلەر ئىسسىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن قوللىرىنى

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

پېشانىسىگە قويۇۋالاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەدىن باشقا ھېچكىم روزا تۇتمىغان ئىدى». ①

روزىنىڭ ساھابىلەرگە ئېغىر كەلگەنلىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكۈزۈلگەندە، ساھابىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ئۈچۈن روزىسىنى بۇزغان. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ خرج إلى مكة عام الفتح فصام حتى بلغ كراع الغميم، فصام الناس معه، فقيل له: إن الناس قد شق عليهم الصيام، وإنهم ينظرون فيما فعلت، فدعا بقدح من ماء بعد العصر فشرب والناس ينظرون إليه» «مەككە فەتھە بولغان يىلى رامىزاندا پەيغەمبەر ﷺ مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە كۇرائۇلغەمىم دېگەن يەرگە كەلگۈچە روزا تۇتتى، باشقىلارمۇ روزا تۇتقان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ گە: <كىشىلەرگە روزا ئېغىر كەلدى، ئۇلار سىلىنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقلىرىغا قاراۋاتىدۇ> دېيىلگەندى، پەيغەمبەر ﷺ ئەسىردىن كېيىن بىر قاچا سۇ ئەكەلدۈرۈپ، كىشىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۇنى ئىچتى». ②

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ أتى على نهر من السماء والناس صيام في يوم صائف مشاة، ورسول الله ﷺ على بغلة له، فقال: اشربوا أيها الناس فأبوا، فقال: إني لست مثلكم، إني أيسركم، إني راكب فأبوا، فثنى رسول الله ﷺ فخذه فنزل فشرب، وشرب الناس، وما كان يريد أن يشرب ﷺ» «(مەلۇم بىر سەپەردە) پەيغەمبەر ﷺ يامغۇر سۈيى ئېقىۋاتقان بىر ئېقىن بويىغا كېلىپ قالدى. ساھابىلەر روزا تۇتۇۋالغان بولۇپ، ھاۋا قاتتىق ئىسسىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار پىيادە كېتىۋاتاتتى، پەيغەمبەر ﷺ بولسا قېچىرىغا مىنىۋالغان ئىدى. شۇڭا، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى جامائەت! سۇ ئىچىڭلار> دېدى لېكىن ئۇلار (روزىلىرىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن) سۇ ئىچكىلى ئۇنىمىغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، مەن سىلەردىن راھەت چۈنكى مەن ئۇلاغ ئۈستىدە كېتىۋاتىمەن> دېدى لېكىن ئۇلار يەنە سۇ ئىچكىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ قېچىرىدىن چۈشۈپ سۇ ئىچكەن ئىدى، ئۇلارمۇ سۇ ئىچىشكە باشلىدى. ئەسلىدە پەيغەمبەر ﷺ سۇ ئىچمەكچى ئەمەس ئىدى». ③

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ ئەھمەد توپلىغان، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھىببان «سەھىھ» دېگەن.

مۇساپىرغا روزا قىيىن كەلسە روزىسىنى بۇزىدۇ، سەپەردە روزا تۇتمايدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «أن النبي ﷺ لما أفطر حين شق الصوم على الناس قيل له: إن بعض الناس قد صام، فقال النبي ﷺ:أولئك العصاة، أولئك العصاة» «كىشىلەرگە روزا مۇشەققەت كەلگەندە پەيغەمبەر ﷺ روزىسىنى بۇزغاندىن كېيىن، بەزى كىشىلەرنىڭ يەنە روزا تۇتقانلىقى پەيغەمبەر ﷺ غا يەتكۈزۈلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇلار ئاسىيلاردۇر، ئۇلار ئاسىيلاردۇر> دېگەن».[1]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ كان في سفر، فرأى زحاماً ورجلاً قد ظلل عليه، فقال: ما هذا ؟ قالوا: صائم، فقال: ليس من البر الصيام في السفر» «پەيغەمبەر ﷺ بىر سەپەردە ئىدى. شۇ ئارىدا، ئادەملەر ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ۋە سايىدىتىلىپ تۇرغان بىر كىشىنى كۆرۈپ، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟> دەپ سورىدى. ئۇلار: <ئۇ كىشى روزا تۇتقانىكەن> دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <سەپەردە روزا تۇتۇش ياخشى ئەمەس> دېدى».[2]

روزىدار كىشى رامىزان ئېيى كۈندۈزلىرى سەپەر قىلىپ روزىنى كامىل قىلىشتا قىيىنچىلىق بولسا، ئۆز شەھىرىدىن چىققاندىن باشلاپ روزىسىنى بۇزۇشى دۇرۇس بولىدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ساھابىلەر كۇرائىۇلغەمىم دېگەن يەرگە كەلگىچىلىك روزا تۇتقان. روزىنىڭ كىشىلەرگە مۇشەققەت كەلگەنلىكى پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكۈزۈلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ساھابىلەر روزىلىرىنى بۇزغان. كۇرائىۇلغەمىم — ھەررە تەرەپتىكى قارا تاغ بولۇپ، ئۇسفان بىلەن مەررە زەھران ئارىلىقىدىكى غەمىم دېگەن ۋادىغىچە سوزۇلۇپ بارىدۇ.

مۇساپىر كىشى رامىزان ئېيى كۈندۈزلىرى روزا تۇتمىغان ھالەتتە ئۆز شەھىرىگە كېلىپ (ئاندىن شۇ كۈننىڭ قالغان قىسمىدا روزا تۇتقان بولسا)، شۇ كۈنلۈك روزىسى روزا ھېسابلانمايدۇ چۈنكى ئۇ كىشى شۇ كۈننىڭ ئەۋۋىلىدە روزا تۇتمىغان ئىدى، پەرز روزىنى تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ تۇتسا ئاندىن دۇرۇس بولىدۇ.

لېكىن «شۇ كۈننىڭ قالغان قىسمىدا (يېمەك-ئىچمەكتىن) توختاپ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تۇرامدۇ ياكى تۇرمامدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئالىملار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بەزى ئالىملار: «زاماننىڭ (يەنى رامىزاننىڭ) ھۆرمىتىنى ساقلاپ، كۈننىڭ قالغان قىسمىدا (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) توختاپ تۇرۇشى ۋاجىب بولىدۇ، شۇ كۈننىڭ روزىسى روزا تۇتقانلىق ھېسابلانمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىگە قازاسىنى قىلىش ھەم ۋاجىب بولىدۇ» دەپ قارىغان، بۇ — ئىمام ئەھمەد (رەھىمەھۇللاھ)نىڭ مەزھىبىدىكى مەشھۇر كۆز قاراش.

يەنە بەزى ئالىملار: «شۇ كۈننىڭ قالغان قىسمىدا (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) توختاپ تۇرۇشى ئۇ كىشىگە ۋاجىب بولمايدۇ چۈنكى ئۇ كىشىگە قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كىشىنىڭ (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) توختاپ تۇرۇشى ئۇ كىشىگە ھېچقانداق مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. زاماننىڭ (رامىزاننىڭ) ھۆرمىتىنى ساقلاش — ئۇ كىشىنىڭ رۇخسەتلىك ھالدا كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدىكى روزىسىنى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بۇزۇشى بىلەن ئاللىبۇرۇن يوقالغان» دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە يېگەن بولسا، كۈندۈزنىڭ ئاخىرىدىمۇ يېسۇن». يەنى ئۆزرە سەۋەبلىك كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە يېيىش ھالال بولغان كىشىگە كۈندۈزنىڭ ئاخىرىدىمۇ يېيىش ھالال بولىدۇ. بۇ — ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشى ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ يەنە بىر خىل كۆز قارىشىدۇر. لېكىن روزىسىنى بۇزۇش سەۋەبى مەخپىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاشكارا يەپ ـ ئىچمەيدۇ، بولمىسا ئۇ كىشىگە باشقىلار يامان گۇمان قىلىپ قالىدۇ ياكى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قالىدۇ.

❖ يەتتىنچى قىسىم كىشىلەر: كېسەللىنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد بار كېسەل كىشىلەر

بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۈچ خىل ھالىتى بار:

بىرىنچى خىل ھالەت — روزا مۇشەققەت كەلمەيدىغان ۋە زىيان يەتكۈزمەيدىغان ھالەتتىكى كىشىلەر بولۇپ، بۇنداق كىشىلەرگە رامىزان روزىسى تۇتۇش پەرز بولىدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا ئۆزرە يوق.

ئىككىنچى خىل ھالەت — روزا مۇشەققەت كېلىدىغان ئەمما سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر الله تائالانىڭ مۇنۇ

سۆزىگە ئاساسەن روزا تۇتمايدۇ: ﴿وَمَنْ كَانَ مَرِيضاً أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِنْ أَيَّامٍ أُخَرَ﴾ «كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن»[1]. بۇ خىل ھالەتتىكى كىشىلەرنىڭ مۇشەققەت تارتىپ تۇرۇپ روزا تۇتۇشى مەكرۇھ ھېسابلىنىدۇ چۈنكى بۇ ھالەتتە روزا تۇتقان كىشى الله تائالانىڭ رۇخسىتىنى تۇتماي ئۆزىنى ئازابلىغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس نەقىل قىلىنىدۇ: «إن الله يحب أن تؤتى رخصه، كما يكره أن تؤتى معصيته» «الله تائالا خۇددى ئۇنىڭغا ئاسىي بولىدىغان ئىشنىڭ قىلىنىشىنى يامان كۆرگەندەك، رۇخسەت قىلىنغان ئىشنىڭ قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىدۇ».[2]

ئۈچىنچى خىل ھالەت ــ روزا تۇتۇش سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇ خىل ھالەتتىكى كىشىلەرنىڭ روزا تۇتماسلىقى ۋاجىب بولىدۇ، روزا تۇتۇشى دۇرۇس بولمايدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيماً﴾ «سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر-بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر»[3]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾ «ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار»[4].

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن لنفسك عليك حقا» «ھەقىقەتەن نەپسىڭنىڭ سەندە ھەققى بار».[5] الله تائالا رۇخسەت قىلغان ئىشلاردا نەپسىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك ــ نەپسىنىڭ ھەققىنى قاتارىدىن بولۇپ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا ضرر ولا ضرار» «زىيان تارتىشقىمۇ بولمايدۇ، زىيان سېلىشقىمۇ بولمايدۇ».[6] ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ): «بۇ ھەدىس بىر قانچە يول ئارقىلىق نەقىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىنى كۈچلەندۈرىدۇ» دېگەن.

---

[1] سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەھمەد، ئىبنى ھىببان ۋە ئىبنى خۇزەيمە توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[3] سۈرە نىسا 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە بەقەرە 195 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[5] بۇخارى توپلىغان.

[6] ھاكىم، ئىبنى ماجە، مالىك ۋە دارىقۇتنى توپلىغان.

روزىدار كىشى روزىدار ھالەتتە كېسەل بولۇپ قېلىپ، روزىسىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئاجىز كەلسە، روزىنى بۇزۇشنى دۇرۇس قىلىدىغان سەۋەب تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، روزىسىنى بۇزۇشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى رامىزان كۈنى كۈندۈزىدە روزا تۇتمىغان ھالەتتە ساقايغان بولسا، شۇ كۈننىڭ قالغان قىسمىدا روزا تۇتسا روزا ھېسابلانمايدۇ چۈنكى ئۇ كىشى كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە روزىسىز ئىدى، روزىنى تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ تۇتسا ئاندىن دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن «شۇ كۈننىڭ قالغان قىسمىدا (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) توختاپ تۇرۇش ياكى تۇرماسلىق» مەسىلىسىدە ئالىملار ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان بولۇپ، بۇ قاراشلار «مۇساپىر كىشى روزا تۇتمىغان ھالەتتە ئۆز شەھىرىگە كەلسە (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) توختاپ تۇرامدۇ ياكى تۇرمامدۇ؟» دېگەن مەزمۇندا سۆزلەپ ئۆتۈلدى.

ئەگەر روزا تۇتسا كېسىلىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىدىغانلىقى ۋە كېچىكىپ ساقىيىدىغانلىقى تېببىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلانسا، كېسەل كىشىنىڭ ئۆز سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزىنى ئاسراش يۈزىسىدىن روزا تۇتماسلىقى دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل خەتەرنىڭ يوقۇلۇشىدىن ئۈمىد بولسا، يوقالغانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن روزا تۇتمىغان كۈننىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ئەگەر خەتەرنىڭ يوقۇلۇشىدىن ئۈمىد بولمىسا، ئۇ كىشىنىڭ ھۆكمى بەشىنچى قىسىم كىشىلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولۇپ، روزا تۇتمايدۇ ۋە ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تائام بېرىدۇ.

ئى الله ! بىزنى سەن رازى بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلغىن، بىزنى سېنىڭ نەپرىتىڭگە ۋە ساڭا ئاسىي بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق قىلغىن. ئى مېھرىبان الله ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

## 8 ـ سۆھبەت

# روزا تۇتۇش ۋە قازا ھۆكۈملىرى بويىچە بىر قانچە قىسىمغا ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ قالغان قىسىملىرى ھەققىدە

ﷲ قا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! ﷲ كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر: مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۇ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ﷲ ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، ﷲ تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان ﷲ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا: مۇھەممەد ﷺ نىڭ ﷲ نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ﷲ تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا

قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، بىز (ئالدىنقى سۆھبەتلىرىمىزدە) رامىزان روزىسى تۇتۇشتا كىشىلەرنىڭ بىرقانچە قىسىمغا ئايرىلىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، يەتتە قىسىم كىشىلەر توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. مەزكۇر سۆھبىتىمىزدە قالغان قىسىمى ھەققىدە توختىلىمىز.

❖ سەككىزىنچى قىسىم كىشىلەر: ھەيزدار ئاياللار

ھەيزدار ئايالنىڭ روزا تۇتۇشى ھارام بولىدۇ، ئۇنىڭ روزىسى دۇرۇس بولمايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئاياللار ھەققىدە: «ما رأيت من ناقصات عقل ودين أذهب للب الرجل الحازم من إحداكن» «ئىرادىلىك ئەرنى ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇۋېتىدىغان سىلەردەك ئەقلى ۋە دىنى كەمتۈك كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم» دېگەنىدى، ئاياللار: «وما نقصان عقلنا وديننا يا رسول الله؟» «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەقلىمىزنىڭ ۋە دىنىمىزنىڭ كەمتۈكلىكى نېمە؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «أليس شهادة المرأة مثل نصف شهادة الرجل؟» «ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ يېرىمىغا تەڭ ئەمەسمۇ؟» دېگەنىدى، ئاياللار: «بلى» «شۇنداق» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: «فذلك نقصان عقلها، أليس إذا حاضت لم تصل ولم تصم؟» «مانا بۇ ـــ ئايالنىڭ ئەقلىنىڭ كەمتۈكلىكىدۇر. ئاياللار ھەيز كۆرگەندە ناماز ئوقۇيالمايدۇ، روزا تۇتالمايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟» دېگەنىدى، ئاياللار: «بلى» «شۇنداق» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: «فذالك من نقصان دينها» «مانا بۇ ـــ ئاياللارنىڭ دىنىنىڭ كەمتۈكلىكىدۇر» دېدى.[1]

كۈن ئولتۇرۇشتىن ئازغىنە ۋاقىت ئىلگىرى روزىدار ئايالدىن ھەيز كەلسە، ئۇ ئايالنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ ھەمدە ئۇ ئايالغا شۇ كۈننىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر ئايالنىڭ روزىسى نەفلە روزا بولسا، شۇ كۈننىڭ قازاسىنى قىلىشى نەفلە بولىدۇ، ۋاجىب بولمايدۇ.

ھەيزدار ئايال رامىزان كۈنى كۈندۈزدە ھەيزدىن پاكلانسا، ئۇ ئايالنىڭ شۇ كۈننىڭ قالغان قىسمىدا روزا تۇتۇشى دۇرۇس بولمايدۇ چۈنكى كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە ئۇ ئايالدا روزا تۇتۇشتىن چەكلەيدىغان ھەيز مەۋجۇد ئىدى. «شۇ كۈننىڭ قالغان قىسمىدا (يېمەك-ئىچمەكتىن) توختاپ تۇرامدۇ ياكى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تۇرامدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە، ئالىملار ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان بولۇپ، بۇ قاراشلار «مۇساپىر كىشى روزا تۇتمىغان ھالەتتە ئۆز شەھىرىگە كەلسە (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) توختاپ تۇرامدۇ ياكى تۇرمامدۇ؟» دېگەن مەزمۇندا سۆزلەپ ئۆتۈلدى.

ھەيزدار ئايال رامىزان كېچىسى تاڭ يورۇشتىن ئازغىنە ۋاقىت ئىلگىرى ھەيزدىن پاكلانغان بولسا، ئۇ ئايال روزا تۇتۇشقا لايىق كىشىگە ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، روزا تۇتۇشى پەرز بولىدۇ. خۇددى جۇنۇپ كىشى روزا تۇتۇپ تاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىن يۇيۇنسا روزىسى دۇرۇس بولغاندەك، ھەيزدىن پاكلانغان ئايال كىشىمۇ تاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىن يۇيۇنسا روزىسى دۇرۇس بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كان النبي ﷺ يصبح جنباً من جماع غير احتلام ثم يصوم في رمضان» «پەيغەمبەر ﷺ رامىزاندا ئېھتىلامدىن ئەمەس، جىمادىن جۇنۇپ بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزاتتى، ئاندىن روزا تۇتاتتى». [1]

نىپاسدار ئايال كىشىنىڭ ھۆكۈمى يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدە ھەيزدار ئايال كىشىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

ھەيزدار ۋە نىپاسدار ئايالنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەردىكى روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ﴾ «(تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن»[2].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: «ھەيز كۆرگەن ئايال نېمە ئۈچۈن روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتۇپ، نامىزىنىڭ قازاسىنى ئوقۇمايدۇ؟» دەپ سورالغاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «كان يصيبنا ذلك، فنؤمر بقضاء الصوم ولا نؤمر بقضاء الصلاة» «بىز (پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدە) ھەيز كۆرۈپ قالساق، روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلاتتۇق ئەمما نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلمايتتۇق» دېگەن. [3]

❖ توققۇزىنچى قىسىم كىشىلەر: بالا ئېمىتىۋاتقان ياكى ھامىلدار ئاياللار

بۇنداق ئاياللار روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئۆزىگە ياكى بالىسىغا (زىيان يېتىپ قېلىشىدىن) ئەنسىرىسە روزا تۇتمايدۇ. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «إن الله وضع عن المسافر شطر الصلاة، والصوم عن المسافر وعن المرضع والحبلى» «اللە تائالا مۇساپىردىن نامازنىڭ يېرىمىنى ۋە روزىنى قالدۇرۇۋەتتى، بالا ئېمىتىۋاتقان ۋە ھامىلدار ئايالدىن روزىنى قالدۇرۇۋەتتى».[1]

ئايال كىشىنىڭ (ئۆزى ۋە بالىسىنىڭ) سالامەتلىكىدىن ئەنسىرىشى يوقىلىپ، كېسىلى ساقىيىپ، روزا تۇتۇشى ئاسانلاشقاندا، تۇتمىغان كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

❖ ئونىنچى قىسىم كىشىلەر: سۇغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان ياكى كۆيۈپ كېتىۋاتقان ۋە ياكى تام ئاستىدا قالغان مۇسۇلمان كىشىنى قۇتقۇزۇشقا ئوخشاش ئىشلاردا، كىمكى شۇلاردىن زىياننى كەتكۈزۈش ئۈچۈن روزىسىنى بۇزۇشقا ئېھتىياجلىق بولسا ياكى ئۇلارنى پەقەت يەپ ـ ئىچىپ كۈچ ھاسىل قىلىش ئارقىلىقلا قۇتقۇزغىلى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ روزىسىنى بۇزۇشى دۇرۇس بولىدۇ. بەلكى مۇسۇلمان كىشىنى ھالاك بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇش ۋاجىب بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ ۋاقىتتا روزىسىنى بۇزۇشى ۋاجىب بولىدۇ چۈنكى ۋاجىبنىڭ تولۇق بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىشنى قىلىشمۇ ۋاجىبتۇر شۇنداقلا ئۇ كىشىگە روزىسىنى بۇزغان كۈننىڭ قازاسىنى قىلىشمۇ ۋاجىب بولىدۇ.

كىمكى اللە تائالانىڭ يولىدىكى جىھادتا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشقا كۈچ ـ قۇۋۋەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن روزىسىنى بۇزۇشقا ئېھتىياجلىق بولسا، دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار قوغدىلىدىغانلىقى ۋە اللە نىڭ كەلىمىسى ئالىي بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا ئۇ كىشى سەپەردە ياكى شەھەردە بولسۇن روزىسىنى بۇزىدۇ ۋە شۇ كۈننىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «سافرنا مع رسول الله ﷺ إلى مكة ونحن صيام، فنزلنا منزلاً، فقال ﷺ:إنكم قد دنوتم من عدوكم والفطر أقوى لكم فكانت رخصة، فمنا من صام ومنا من أفطر، ثم نزلنا منزلاً آخر، فقال رسول الله ﷺ:إنكم مصبِّحو عدوِّكم والفطر أقوى لكم فأفطروا وكانت عزمة فأفطرنا» «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە مەككىگە قاراپ يولغا چىقتۇق، بىز روزىدار

[1] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

ئىدۇق. مەلۇم بىر يەرگە بارغاندا چۈشكۈن قىلدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: ‹دۈشمەنگە يېقىنلىشىپ قالدىڭلار، شۇڭا روزا تۇتماسلىقىڭلار كۈچلۈك بولۇشۇڭلارغا پايدىلىقتۇر› دېدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزى رۇخسەت ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىمىز روزا تۇتتۇق، يەنە بەزىمىز تۇتمىدۇق. كېيىن يەنە باشقا بىر يەرگە بېرىپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن توختىغىنىمىزدا پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئەتە دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىسىلەر، روزا تۇتماسلىقىڭلار كۈچلۈك بولۇشۇڭلارغا پايدىلىقتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتماڭلار› دېدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزى بۇيرۇق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز روزا تۇتمىدۇق».[①]

ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قۇۋۋەت ھازىرلاش بولسا سەپەردىن باشقا مۇستەقىل بىر سەۋەب ئىكەنلىكىگە يۇقىرىقى ھەدىس دەلىلدۇر چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ روزىنى بۇزۇشقا بۇيرۇشتا سەپەرنى سەۋەب قىلماستىن بەلكى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قۇۋۋەت ھازىرلاشنى سەۋەب قىلدى. شۇڭا، پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلەرنى بىرىنچى قېتىم چۈشكۈن قىلغان ئورۇندا روزىسىنى بۇزۇشقا كەسكىن بۇيرۇمىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدىن كېسەللىك، ياشىنىپ قېلىپ روزا تۇتالماسلىق... تەك بىرەر ئاشكارا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن رامىزاندا روزا تۇتماسلىقى رۇخسەت قىلىنغان كىشىلەرنىڭ روزا تۇتمىغانلىقىنى ئاشكارىلىشى ئەيىبلەنمەيدۇ ئەمما روزىسىنى بۇزۇش سەۋەبى ھەيزدار بولۇپ قېلىش ياكى مۇسۇلمان كىشىنى ھالاك بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئوخشاش مەخپىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولسا، ئۇنداق كىشى روزىسىنى مەخپىي ھالدا بۇزىدۇ. ئۇ كىشىگە تۆھمەت قىلىنماسلىقى ياكى نادان كىشىلەرنىڭ: «روزىنى ئۆزرىسىز بۇزۇش دۇرۇس ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئۇ كىشىگە ئەگىشىپ خاتالاشماسلىقى ئۈچۈن، روزىسىنى بۇزغانلىقىنى ئاشكارىلىمايدۇ.

يۇقىرىقى (ئون) قىسىم كىشىلەردىن قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تۇتمىغان كۈنلىرىنىڭ سانى بويىچە قازاسىنى قىلىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ﴾ «(تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن)

[①] مۇسلىم توپلىغان.

باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن»[1].

ئەگەر بىر ئاينىڭ ھەممىسىدە روزا تۇتمىغان بولسا، بىر ئايلىق روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاي 30 كۈنلۈك ئاي بولسا 30 كۈن قازاسىنى قىلىش، 29 كۈنلۈك ئاي بولسا 29 كۈن قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. ئۆزرە يوقالغان ۋاقىتتىن باشلاپ قازاسىنى قىلىشقا ئالدىراش ئەۋزەلدۇر چۈنكى بۇ ــ ياخشىلىققا ۋە زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ ساقىت بولۇشىغا ئالدىرىغانلىقتۇر.

رامىزاننىڭ قازاسىنى قازا كۈنلەرنىڭ سانى بويىچە، كېيىنكى يىلى رامىزانغىچە كېچىكتۈرۈش دۇرۇس بولىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَعِدَّةٌ مِنْ أَيَّامٍ أُخَرَ يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾ «(تۇتمىغان كۈنلەر ئۇچۇن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ﷲ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ»[2].

ئۇستىدە رامىزان روزىسىنىڭ ئون كۈنلۈك قازاسى بولسا، بۇنى ھەتتا ئىككىنچى يىلى رامىزانغا ئون كۈن قالغۇچە كېچىكتۈرۈش ھەم دۇرۇس بولىدۇ. مانا بۇ ــ رامىزاننىڭ قازاسىنى كېچىكتۈرۈشنى ﷲ تائالانىڭ تولۇق ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئەمما قازا روزىنى ئىككىنچى يىلى رامىزانغىچە ئۆزرىسىز كېچىكتۈرۈش دۇرۇس ئەمەس. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كان يكون علي الصوم من رمضان فما أستطيع أن أقضي إلا في شعبان» «مېنىڭ ئۇستۇمدە رامىزاننىڭ قازا روزىسى قېلىپ قالاتتى، مەن پەقەت شەئبان ئېيىدىلا قازاسىنى قىلىشقا قادىر بولالايتتىم»[3].

قازا روزىنى ئىككىنچى يىلى رامىزانغىچە كېچىكتۈرگەندە، ئۇ كىشىنىڭ زىممىسىدىكى روزا توپلىشىپ قېلىپ، بەزىدە روزىنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ قېلىشى ياكى ۋاپات تېپىشى مۇمكىن چۈنكى روزا ــ خۇددى نامازغا ئوخشاش تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىبادەت بولۇپ، ئىبادەتتە بىرىنچىسىنى ئىككىنچىسىنىڭ ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرۈش دۇرۇس بولمايدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە 185ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە 185ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] بۇخارى توپلىغان.

ئۆزرە سەۋەبلىك روزا تۇتالمىغان كىشىنىڭ ئۆزرىسى داۋاملىشىپ، ھەتتا ئۇ كىشى ۋاپات تاپسا، ئۇ كىشىگە ھېچنەرسە كەلمەيدۇ چۈنكى الله تائالا ئۇ كىشىگە باشقا كۈنلەردە قازاسىنى قىلىشنى ۋاجىب قىلغان ئىدى ئەمما ئۇ كىشىنىڭ باشقا كۈنلەردە روزا تۇتۇشقا ئىمكانىيىتى بولمىدى. خۇددى رامىزان ئېيى كىرىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولغان كىشىگە رامىزان روزىسى تۇتۇش ۋاجىب بولمىغاندەك، ئۇ كىشىدىنمۇ روزا ساقىت بولىدۇ.

ئەگەر قازاسىنى قىلىشقا ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ، قازاسىنى قىلىشقا سەل قاراپ، ھەتتا ۋاپات تاپقان بولسا، قازاسىنى قىلىشقا ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ قازاسىنى قىلمىغان كۈنلەرنىڭ روزىسىنى ئۇ كىشىنىڭ ۋەلىيسى تۇتىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من مات وعليه صيام صام عنه وليه» «قازا روزىسى بار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ روزىسىنى ئۇ كىشىنىڭ ۋەلىيسى تۇتىدۇ».[①]
ئۇ كىشىنىڭ ۋەلىيسى — ئۇنىڭ ۋارىسى ياكى يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدۇر.

ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ئۇستىدىكى قازا روزىنىڭ سانىچىلىك بىر جامائە كىشى بىر كۈندە تۇتۇپ قويسىمۇ بولىدۇ. ئىمام بۇخارى ھەسەن بەسرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «(30 كۈن قازا روزىسى بار) كىشى ئۈچۈن 30 ئادەم بىر كۈن روزا تۇتۇپ قويسا دۇرۇس بولىدۇ».

ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ۋەلىيسى بولمىسا ياكى ۋەلىيسى بولسىمۇ روزا تۇتۇپ قويۇشنى خالىمىسا، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا ئىمكانىيەت تاپقان تۇرۇپ قازاسىنى قىلمىغان روزىسىنىڭ سانى بويىچە، شۇ كىشىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مېلىدىن ھەربىر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تائام بېرىلىدۇ. ھەربىر مىسكىن ئۈچۈن ياخشى بۇغدايدىن بىر مۇد (510 گرام) بېرىلىدۇ.

قېرىنداشلىرىم، مانا بۇ — روزا تۇتۇشنىڭ ھۆكۈملىرى بويىچە ئايرىلغان كىشىلەردۇر. الله تائالا ھەربىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئورنىغا مۇناسىپ ھۆكۈملەرنى يولغا قويۇپ بەردى. رەببىڭلارنىڭ بۇنداق يولغا قويۇشىدىكى ھېكمىتىنى تونۇڭلار، رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە يەڭگىللەشتۈرۈپ، ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىڭلار، الله تائالادىن تاكى ئۆلۈپ

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كەتكەنگە قەدەر بۇ دىن ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىشنى سوراڭلار!

ئى الله! بىزنىڭ سىنى ئەسلىشىمىزگە توسالغۇ بولۇۋالغان گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن. ئى الله! ساڭا ئىتائەت قىلىش ۋە شۈكرى قىلىشتىكى كەمچىلىكلىرىمىزنى ئەپۇ قىلغىن، بىزلەرگە سىنىڭ يولۇڭنى لازىم تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ بەرگىن، بىزلەرگە ئۇ ئارقىلىق سەن تەرەپكە يېتەكلەيدىغان نۇر ئاتا قىلغىن. ئى الله! بىزلەرگە سەن بىلەن سىردىشىشنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىتقىن، بىزلەرنى سەن رازى بولغان كىشىلەرنىڭ يولىدا ماڭدۇرغىن. ئى الله! بىزلەرنى بەختسىزلىكتىن قۇتقۇزغىن، بىزلەرنى غەپلەتتىن ئويغاتقىن، بىزلەرگە توغرىنى ئىلھام قىلىپ بەرگىن، ئۆز كەرىمىڭ بىلەن بىزنىڭ نىيەتلىرىمىزنى ياخشىلاپ بەرگىن. ئى الله! بىزلەرنى تەقۋادارلار قاتارىدا تىرىلدۈرگىن، بىزلەرنى سالىھ بەندىلىرىڭگە قوشقىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

## 9 ـ سۆھبەت

# روزىنىڭ ھېكمەتلىرى

ﷲ قا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! ﷲ كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۇ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ﷲ ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، ﷲ تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان ﷲ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ ﷲ نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ﷲ تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

ئى ﷲ نىڭ بەندىلىرى! ﷲ سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن. بىلىڭلاركى، ﷲ تائالانىڭ سىلەرنى يارىتىشى ۋە بىر ئىشنى يولغا قويۇشىدا، ﷲ تائالانىڭ مۇكەممەل ھېكمىتى باردۇر. ﷲ تائالا يارىتىش ۋە بىر ئىشنى يولغا قويۇشتا

تولىمۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر.

الله تائالا بەندىلىرىنى بىكارغا ياراتمىدى، ئۇلارنى ئېتىبارسىز تاشلاپ قويمىدى، ئۇلار ئۈچۈن شەرىئەت قانۇنلىرىنى سەۋەبسىز يولغا قويمىدى بەلكى الله ئۇلارنى بۈيۈك بىر ئىش ئۈچۈن ياراتتى، ئۇلارنى چوڭ بىر ئىشقا تەييارلىدى، ئۇلارغا تۈپتۈز يولنى بايان قىلدى، بەندىلىرىگە ئۇنىڭ بىلەن ئىمانلىرى زىيادە بولىدىغان، ئىبادەتلىرى مۇكەممەل بولىدىغان قانۇن ـ تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ بەردى.

الله تائالا بەندىلىرى ئۈچۈن يولغا قويغان ھەربىر ئىبادەتتە كامالەتكە يەتكەن ھېكمەت بار، ئۇنى بەزىلەر بىلەلىدى، يەنە بەزىلەر بىلەلمىدى. مەلۇم ئىبادەتلەردىكى ھېكمەتنى بىلەلمىگەنلىكىمىز ـــ شۇ ئىبادەتنىڭ ھېكمىتى يوق ئىكەنلىكىدىن ئەمەس بەلكى بىزنىڭ الله تائالانىڭ ھېكمىتىنى بىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُوتِيتُمْ مِنَ الْعِلْمِ إِلاّ قَلِيلاً﴾ «سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن»[1].

الله تائالا بەندىلىرىنى ئىمتىھان قىلىش، سىناش، ھەقىقىي ئىگىسى بولغان الله قا ئىبادەت قىلغان كىشىلەر بىلەن نەپسى ـ خاھىشىغا قۇل بولغان كىشىلەرنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن، ئىبادەت ۋە مۇئامىلە تۈزۈملىرىنى يولغا قويدى. كىمكى بۇ ئىبادەت ۋە تۈزۈملەرنى چىن قەلبىدىن رازى بولۇپ قوبۇل قىلسا، ئەنە شۇ كىشى ـــ رەببىگە ئىبادەت قىلغان، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە رازى بولغان ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى نەپسى ـ خاھىشىدىن ئۈستۈن قويغان كىشىدۇر؛ كىمكى بۇ ئىبادەتلەرنى قوبۇل قىلمىسا، تۈزۈملەردىن پەقەت قىزىقىشى ۋە مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلگىنىگە ئەگەشسە، ئۇنداق كىشى ـــ نەپسى ـ خاھىشىغا قۇل بولغان، الله نىڭ شەرىئىتىدىن نەپرەتلەنگەن، رەببىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەن، نەپسى ـ خاھىشىنى مەئبۇد قىلغان، چولتا ئىلمى ۋە ئازغىنە ھېكمىتى بىلەن، الله نىڭ شەرىئىتىنى ئۆز نەپسىگە بويسۇندۇرۇشنى كۆزلىگەن كىشىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوِ اتَّبَعَ الْحَقُّ أَهْوَاءَهُمْ لَفَسَدَتِ السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ وَمَنْ فِيهِنَّ بَلْ أَتَيْنَاهُمْ بِذِكْرِهِمْ فَهُمْ عَنْ ذِكْرِهِمْ مُعْرِضُونَ﴾ «ئەگەر ھەقىقەت (يەنى قۇرئان) ئۇلارنىڭ نەپسى ـ خاھىشلىرىغا

---

[1] سۈرە ئىسرا 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراب بولغان بولاتتى، ئۇنداق بولغىنى يوق، ئۇلارغا (ۋەز ـ نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە (ۋەز ـ نەسىھەت بولغان) قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدۇ»[1].

قوبۇل قىلغان ۋە رازى بولغان كىشىلەرنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى يولغا قويۇش ـــ الله تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ قاتارىدىندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِيُمَحِّصَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «مۇئمىنلەرنى (ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت ئارقىلىق) پاكلىشى ئۈچۈندۇر»[2].

بەزى كىشىلەر ئىبادەتلەرنىڭ بىر تۈرىگە رازى بولىدۇ ۋە ئۇنى ئىخلاس بىلەن قىلىدۇ ـ يۇ، ئەمما يەنە بىر تۈرىگە نارازى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەل قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، الله تائالا نامازغا ئوخشاش بەدەن ئارقىلىق قىلىشقا ئالاقىدار بولغان ئىبادەتلەر بىلەن بىرگە، زاكاتقا ئوخشاش نەپسىگە ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان مېلىنى چىقىم قىلىشقا ئالاقىدار بولغان ئىبادەتلەرنى يولغا قويدى؛ ھەج ۋە جىھادقا ئوخشاش بەدەن ئارقىلىق قىلىش ۋە مال سەرپ قىلىش بىرلىكتە قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنى يولغا قويدى. روزىغا ئوخشاش نەپسى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئىنتىلىدىغان نەرسىلەردىن چەكلىنىشكە ئالاقىدار بولىدىغان ئىبادەتلەرنى ھەم يولغا قويدى. بەندە گەرچە ھېرىپ ـ چارچىسىمۇ، ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنى سەرپ قىلسىمۇ، نەپسى تارتىدىغان نەرسىسىدىن چەكلەنسىمۇ ئەمما يەنىلا رەببىگە ئىتائەت قىلىپ، بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، تۈزۈمىگە رازى بولۇپ، بۇ تۈرلۈك ئىبادەتلەرگە سەل قارىماستىن ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنغان يول بويىچە كامىل ئورۇندىغان بولسا، مانا بۇ ـــ بەندىنىڭ رەببىگە مۇكەممەل قۇلچىلىق قىلغانلىقىغا، تولۇق بويسۇنغانلىقىغا، رەببىنى دوست تۇتقانلىقىغا ۋە رەببىنى ئۇلۇغلىغانلىقىغا دەلىلدۇر. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان الله قا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلىش سۈپىتى ئۇ كىشىدە ئۆزلەشكەن بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ھەربىر ئىبادەتنىڭ ھېكمىتى بار بولۇپ، روزىنىڭمۇ

---

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 71 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 141 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۆپلىگەن ھېكمەتلىرى باردۇر. ئەنە شۇ ھېكمەتلەر روزىنىڭ ئىسلامدىكى بىر پەرز ۋە ئىسلامنىڭ بىر ئاساسى بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

### روزىنىڭ ھېكمەتلىرى

❖ روزا ــ الله ئۈچۈنلا بولغان ئىبادەتتۇر.

بەندە بۇ ئىبادەتتە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە نەپسى تارتىدىغان يېمەك ـ ئىچمەك ۋە جىمانى تەرك قىلىش ئارقىلىق رەببىگە يېقىنلىشىدۇ، شۇ ئارقىلىق بەندىنىڭ ئىمانىنىڭ راستلىقى، الله قا مۇكەممەل قۇلچىلىق قىلغانلىقى، الله نى ئەڭ يېقىن دوست تۇتقانلىقى ۋە الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىسىدىن پەقەت ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر نەرسە سەۋەبىدىنلا ۋاز كېچىدۇ. مۇئمىن كىشى ئۆز روزىسى ئارقىلىق ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئادەتلەنگەن شەھۋەتلىرىنى تەرك ئېتىشىنىڭ پەقەت الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، رەببىنىڭ رازىلىقىنى نەپسى ـ خاھىشىدىن ئۈستۈن قويىدۇ ۋە شەھۋەتلىرىنى تەرك ئېتىشكە تېخىمۇ ئىشتىياق باغلايدۇ چۈنكى مۇئمىنىنىڭ راھىتى ۋە روھىي لەززىتى ــ الله ئەززە ۋە جەللە ئۈچۈن شەھۋەتلىرىنى تەرك ئېتىشتە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىك مۇئمىنلەر رامىزان روزىسىنى بىرەر كۈن ئۆزرىسىز بۇزۇشقا مەجبۇرلىنىپ تۇرمىگە سولانسىمۇ ۋە ئۇرۇلسىمۇ روزىسىنى بۇزمايدۇ. مانا بۇ ــ روزىنىڭ ئەڭ چوڭ ھېكمەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

❖ روزا ــ تەقۋالىققا سەۋەب بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى»[①].

شۈبھىسىزكى، روزىدار كىشى ــ ياخشىلىقلارنى قىلىشقا ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن يىراق بولۇشقا بۇيرۇلغۇچى كىشىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە

[①] سۈرە بەقەرە 183 ـ ئايەت.

مۇنداق دېگەن: «من لم يدع قول الزور والعمل به والجهل فليس لله حاجة في أن يدع طعامه وشرابه» «كىمكى يالغان سۆزنى، يالغان سۆز بىلەن ئەمەل قىلىشنى ۋە نادانلىقنى تاشلىمىسا، ئۇ كىشىنىڭ يېمەي ۋە ئىچمەي يۈرۈشىگە الله تائالانىڭ ھاجىتى يوق»[1].

روزىدار كىشى روزىنىڭ ئەدەپلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىسا، بىرەر گۇناھنى مەقسەت قىلغان ھامان ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالىدۇ-دە، گۇناھتىن يانىدۇ. بىرەرسى تىللىغان روزىدار كىشىنى پەيغەمبەر ﷺ «مەن روزىدار» دېيىشكە بۇيرىدى. روزىدار كىشىنىڭ تىللاشتىن توختاشقا بۇيرۇلغانلىقىنى قارشى تەرەپكە ئەسكەرتىپ قويۇشى ۋە ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكىنى ئەسلىشى — روزىدار كىشىنى، تىللاشقا تىللاش بىلەن قارشى تۇرۇشتىن توسۇپ قالىدۇ.

❖ قەلب — تەپەككۇر قىلىش ۋە زىكىر قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ چۈنكى شەھۋەتلەرگە مەشغۇل بولۇش قەلبنى غەپلەتتە قالدۇرىدۇ، بەزىدە قەلبنى قاتۇرۇپ ھەقنى كۆرەلمەس قىلىپ قويىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ يېمەك-ئىچمەكنى ئازلىتىشقا كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ما ملأ ابن آدم وعاء شراً من بطن، بحسب ابن آدم لقيمات يقمن صلبه، فإن كان لا محالة فثلث لطعامه وثلث لشرابه وثلث لنفسه» «ئادەم بالىسىنىڭ تويمايدىغان قورسىقىدىنمۇ يامان نەرسە يوق. ئەسلىدە ئادەم بالىسىغا ھاياتىنى ساقلىيالىغۇدەك بىر قانچە لوقما كۇپايە قىلىدۇ، ئەگەر كۆپرەك يېمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالسا، قورساقنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تائام يېسۇن، ئۈچتىن بىرىگە سۇ ئىچسۇن ۋە ئۈچتىن بىرىنى نەپەسلىنىش ئۈچۈن بوش قويسۇن»[2].

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كاتىپلىرىدىن بولغان ھەنزەلە ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ گە: «نافق حنظلة» «ھەنزەلە مۇناپىق بولدى» دېگەندە پەيغەمبەر ﷺ: «وما ذاك؟» «ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «يا رسول الله، نكون عندك تذكرنا بالنار والجنة حتى كأنا رأي عين، فإذا خرجنا من عندك عافسنا الأزواج والأولاد والضيعات، فنسينا كثيراً» «ئى رەسۇلۇللاھ! يېنىڭدا ئولتۇرغىنىمىزدا جەننەت بىلەن دوزاخنى

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەسلەتسەك، بىز ئۆلارنى ئەينەن كۆرگەندەك بولىمىز ئەمما سىنىڭ يېنىڭدىن چىققىنىمىزدا ئاياللىرىمىز، باللىرىمىز ۋە ماللىرىمىز بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، كۆپ نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالىمىز» دېدى.[1]

ئەبۇ سۇلايمان دەرانى مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئاچ ۋە ئۇسسىز ۋاقىتتا قەلب سۈزۈكلىشىدۇ ۋە يۇمشايدۇ، تويغان ۋاقىتتا قەلب كور بولۇپ قالىدۇ».

❖ باي كىشى روزا ئارقىلىق كۆپلىگەن كىشىلەر مەھرۇم قالغان يەپ- ئىچىش ۋە ئۆيلىنىشتىن ئىبارەت الله تائالانىڭ نېئمىتىنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ، الله تائالانىڭ بۇ نېئمەتلىرىگە ھەمدە ئېيتىدۇ، الله تائالانىڭ ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىگە شۈكرى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بەزىدە ئاچ ھالەتتە ئۇخلاپ قالىدىغان كەمبەغەل قېرىندىشىنى ئەسلەيدۇ، قېرىندىشىغا سەدىقە قىلىدۇ، قېرىندىشى ئۇنىڭ سەدىقىلىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى يۆگەيدۇ ۋە شۇ سەدىقە بىلەن ئاچلىقىنى باسىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ ئەڭ سېخىيسى ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ رامىزاندا، بولۇپمۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ بەرگەن ۋاقىتتا بەك سېخىي بولۇپ كېتەتتى.

❖ (ئىنسان روزا ئارقىلىق) ئۆز نەپسىنى تىزگىنلەيدۇ، نەپسىنى باشقۇرىدۇ ۋە نەپسىنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتىدۇ، ھەتتا شۇ ئارقىلىق ئۆز نەپسىگە ھۆكۈم قىلىپ، نەپسىنى ياخشىلىق ۋە بەخت-سائادەتلىك ئىشلارغا يېتەكلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. چۈنكى، نەپس — يامانلىققا بۇيرۇغۇچى بولۇپ، پەقەت رەببىم رەھىم قىلغان نەپسلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

ئىنسان ئەگەر ئۆز نەپسىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتسە، ئۇنى ھالاكەتكە تاشلايدۇ؛ نەپسىنى باشقۇرۇپ، نەپسىگە ئىگە بولسا، نەپسىنى ئالىي مەرتىۋە ۋە يۇقىرى تەلەپلەرگە يەتكۈزۈشكە ئىمكانىيەت يارىتالايدۇ.

❖ روزا — ئىنسان نەپسىنى سۇندۇرىدۇ ۋە كىبىردىن ئايرىيدۇ. نەتىجىدە، ئىنسان نەپسى ھەقكە بويسۇنىدۇ ۋە مەخلۇقاتلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى تويۇش، قېنىش ۋە ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىشلارنىڭ ھەربىرى يامانلىققا، چوڭچىلىققا، مەخلۇقاتلارغا تەكەببۇرلۇق

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

قىلىشقا ۋە ھەقكە بويسۇنتاۋلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. نەپس بۇ ئىشلارغا ئېھتىياجىق بولغاندا، شۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىشكە ئىنتىلىدۇ. ئەگەر نەپس شۇ ئىشلارغا ئىمكانىيەت تاپالىسا «مەقسىتىمگە ئېرىشتىم» دەپ قارايدۇ-دە، نەتىجىدە ئىنساندا نەپسىنى ھالاك قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان كۆرەڭلەش ۋە چوڭچىلىق ھاسىل بولىدۇ ئەمما اﷲ ساقلىغان كىشىلەرلا بۇنىڭدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

❖ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق سەۋەبى بىلەن قان-تومۇرلار تارىيىدۇ ۋە شۇ سەۋەبلىك بەدەندىكى شەيتان ماڭىدىغان ئورۇنلار كىچىكلەيدۇ چۈنكى شەيتان ئادەم بالىلىرىنىڭ قان-تومۇرلىرىدا ماڭىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسىدە، روزا ئارقىلىق شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى بېسىقىدىغانلىقى، شەھۋەت ۋە غەزەپنىڭ ھەيۋىسى سۇنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يا معشر الشباب: من استطاع منكم الباءة فليتزوج، فإنه أغض للبصر وأحصن للفرج، ومن لم يستطع فعليه بالصوم فإنه له وجاء» «ئى ياشلار جامائەسى! ئاراڭلاردىن ئۆيلىنىشكە قادىر بولالايدىغانلار ئۆيلەنسۇن چۈنكى ئۆيلىنىش كۆزنى ھارامغا قاراشتىن، ئەۋرەتنى ھارام ئالاقىدىن ساقلايدۇ. ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغانلار روزا تۇتسۇن چۈنكى روزا شەھۋەتنى كېسىدۇ».[①]

❖ روزا سەۋەبلىك ئاشقازان بەلگىلىك مۇددەت ئارام ئالىدۇ، تائام ئازلىتىلغانلىقى ئۈچۈن روزىنىڭ بەدەن ساغلاملىقىغا بولغان پايدىلىرى كۆرۈلۈپ، بەزى ھۆللۈكلەر ۋە بەدەنگە زىيانلىق بولغان ئاجرالمىلار يوقايدۇ.

اﷲ نىڭ ھېكمىتى نېمىدېگەن بۈيۈك-ھە! اﷲ نىڭ شەرىئىتى مەخلۇقاتقا نېمىدېگەن مەنپەئەتلىك ۋە ياخشى-ھە!

ئى اﷲ ! بىزلەرنى دىنىڭدا ئالىم قىلغىن، بىزلەرگە شەرىئىتىڭنىڭ سىرلىرىنى تونۇشنى ئىلھام قىلغىن، بىزنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئەھۋاللىرىمىزنى ياخشىلاپ بەرگىن. ئى مېھرىبان اﷲ ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا-ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

اﷲ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## 10 ـ سۆھبەت

# روزىنىڭ ۋاجىب ئەدەپلىرى

الله قا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! الله كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. الله ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، الله تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ الله نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، روزىنىڭ ئەدەپلىرى كۆپ بولۇپ، روزا ـــ شۇ ئەدەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن تولۇق ۋە مۇكەممەل بولىدۇ. روزىنىڭ ئەدەپلىرى

ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى، روزىدار كىشىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە مۇھاپىزەت قىلىشىغا تېگىشلىك ۋاجىب ئەدەپلەر؛ يەنە بىرى، روزىدار كىشىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە رىئايە قىلىشىغا ئەرزىيدىغان مۇستەھەب ئەدەپلەردۇر.

### ۋاجىب ئەدەپلەر

❖ الله تائالا روزىدار كىشىگە ۋاجىب قىلغان ھەمدە سۆز ۋە ئەمەلگە تەئەللۇق بولغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش.

بۇ ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكى ــ ئىككى شاھادەتتىن قالسىلا ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئاساسلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان پەرز نامازدۇر. روزىدار كىشىنىڭ نامازغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ پەرز ۋە ۋاجىب شەرتلىرىنى ئورۇنداپ، نامازنى مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئادا قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋاجىبتۇر. مانا بۇ ئەدەپلەر ــ رامىزان روزىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۇممەتكە پەرز قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولغان تەقۋالىقنىڭ جۇملىسىدىندۇر. نامازنى تەرك ئېتىش ــ تەقۋالىققا زىتتۇر، ئازابنى ۋاجىب قىلغۇچىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَخَلَفَ مِن بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُوا الصَّلاةَ وَاتَّبَعُوا الشَّهَوَاتِ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيّاً۞ إِلاّ مَنْ تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحاً فَأُولَئِكَ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ وَلا يُظْلَمُونَ شَيْئاً۞﴾ «ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى ـ خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ [59]. تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەنە شۇلارلا جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدىن) ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ [60]»①.

جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئۇنىڭغا ۋاجىب بولغان ۋە الله تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، روزىدار كىشىلەردىن جامائەتتە ناماز ئوقۇشقا سەل قارايدىغان كىشىلەر بار. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا كُنْتَ فِيهِمْ فَأَقَمْتَ لَهُمُ الصَّلاةَ فَلْتَقُمْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ مَعَكَ وَلْيَأْخُذُوا أَسْلِحَتَهُمْ فَإِذَا سَجَدُوا فَلْيَكُونُوا مِنْ وَرَائِكُمْ وَلْتَأْتِ طَائِفَةٌ أُخْرَى لَمْ يُصَلُّوا فَلْيُصَلُّوا مَعَكَ وَلْيَأْخُذُوا حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن مۇئمىنلەر بىلەن (جىھادقا) بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز

① سۈرە مەريەم 59 ـ ۋە 60 ـ ئايەتلەر.

ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن، قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن، سەجدىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقاڭلارغا ئۆتۈپ تۇرسۇن (يەنى ناماز ئوقۇپ بولغان پىرقە ئارقاڭلاردا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا) ناماز ئوقۇمىغان ئىككىنچى بىر پىرقە كېلىپ سەن بىلەن بىرلىكتە (يەنى ئارقاڭدا) ناماز ئوقۇسۇن، (دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن هوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن»[1].

الله تائالا ئۇرۇش ۋە قورقۇنچ هالىتىدىمۇ جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى، ئۇنداق بولغاندا خاتىرجەم هالەتتە جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن رجلاً أعمى قال: يا رسول الله، ليس لي قائد يقودني إلى المسجد. فرخّص له. فلما ولّى، دعاه وقال: هل تسمع النداء بالصلاة قال: نعم، قال: فأجب» «پەيغەمبەر ﷺ گە بىر ئەما كىشى: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى مەسجىدكە يېتىلەپ ئېلىپ كېلىدىغان ئادەم يوق> دەپ (پەيغەمبەر ﷺ دىن نامازنى ئۆيدە ئوقۇشقا رۇخسەت سورىغانىدى)، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئۇ كىشى كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭغاندا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: <ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلامسەن؟> دېدى. ئۇ كىشى: <هەئە> دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنداقتا نامازغا كەلگىن> دېدى»[2].

يېتىلەيدىغان كىشىسى يوق ئەما كىشىنىڭ جامائەتتىن ئايرىلىپ قېلىشىغا پەيغەمبەر ﷺ رۇخسەت قىلمىدى. جامائەتتىن ئايرىلىپ قالغان كىشى ۋاجىبنى تەرك قىلىش بىلەن بىرگە، هەسسىلىنىدىغان كۆپ ئەجىردىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ چۈنكى جامائەتلىك نامازنىڭ (ساۋابى) هەسسىلىنىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ قال: صلاة الجماعة تفضل على صلاة الفذ بسبع وعشرين درجة» «پەيغەمبەر ﷺ: <جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن ساۋاب جەھەتتە 27 هەسسە ئارتۇق> دېگەن»[3].

---

[1] سۈرە نىسا 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بۇلاردىن سىرت يەنە، نامازغا جەم بولۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئارا ھاسىل بولىدىغان دوستلۇق، سىردىشىش، بىلمىگەن كىشىگە بىلدۈرۈپ قويۇش، موھتاج كىشىگە ياردەم بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەنپەئەتلەردىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ. جامائەتتىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن ئازابقا دۇچار بولىدۇ ۋە مۇناپىقلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «أثقل الصلوات على المنافقين صلاة العشاء وصلاة الفجر، ولو يعلمون ما فيهما لأتوهما ولو حبوًا، ولقد هممت أن أمر بالصلاة فتقام، ثم آمر رجلاً فيصلي بالناس، ثم انطلق معي برجال معهم حزم من حطب إلى قوم لا يشهدون الصلاة فأحرق عليهم بيوتهم بالنار» «مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ناماز ــ خۇپتەن ۋە بامدات نامىزىدۇر. ئۇلار ئۇ ئىككى نامازنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۆمىلەپ بولسىمۇ كېلىپ جامائەتكە قېتىلاتتى. مەن بىرىڭلارنى تەكبىر ئېيتىشقا، يەنە بىرىڭلارنى ئىمام بولۇشقا تەيىنلەپ قويۇپ، ئۆزۈم بىر بۆلەك مۇسۇلمانلار بىلەن ئوتۇن يىغىپ، جامائەت نامىزىغا كەلمىگەنلەرنىڭ (ئۆيلىرىگە) بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتسەم دەيمەن». ①

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «من سره أن يلقي الله غداً مسلماً فليحافظ على هؤلاء الصلوات حيث ينادي بهن، فإن الله شرع لنبيكم سنن الهدى وإنهن من سنن الهدى، قال: ولقد رأيتنا وما يتخلف عنا إلا منافق معلوم النفاق، ولقد كان الرجل يؤتي به يهادى بين الرجلين حتى يقام في الصف» «قانداق بىر كىشىنى قىيامەت كۈنىدە مۇسۇلمان ھالەتتە الله قا ئۇچرىشىش خۇشال قىلسا، ئەزان ئېيتىلغان چاغدا مۇشۇ بەش ۋاق نامازنى (جامائەت بىلەن) ئوقۇشقا ئەھمىيەت بەرسۇن. چۈنكى، الله سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارغا ھىدايەتنىڭ يوللىرىنى قانۇن قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن بولۇپ، نامازلارمۇ ھىدايەتنىڭ يوللىرىدىندۇر. مەن ھەقىقەتەن بىزنىڭ دەۋرىمىزدە جامائەت نامىزىغا پەقەت مۇناپىقلىقى ئاشكارا بولغان مۇناپىقلارنىڭلا كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرەتتىم. ھەتتا بەزى كىشىلەرنى (جامائەتنى مۇھىم بىلگەنلىكتىن) ئىككى كىشى يۆلەپ ئېلىپ كېلىپ سەپتە تۇرغۇزۇپ قوياتتى». ②

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

روزىدار تۇرۇپمۇ بۇيرۇلغان نامازغا سەل قاراپ، ناماز ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالىدىغان كىشىلەر بار. بۇ ئەڭ چوڭ يامانلىقلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بۇنداق كىشى نامازنى بەك زايە قىلىۋەتكەن كىشىدۇر. كۆپچىلىك ئالىملار: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «من عمل عملاً ليس عليه أمرنا فهو رد» «قانداق بىر كىشى بىز بۇيرىمىغان بىر ئىشنى قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ»[①] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ، «قانداق بىر كىشى نامازنى شەرئىي ئۆزرىسىز ھالەتتە ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇسا، گەرچە يۈز قېتىم ئوقۇغان تەقدىردىمۇ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دەپ قارايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نامازنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشقا بۇيرىمىغان. شۇ سەۋەبتىن ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇلغان ناماز رەت قىلىنىدۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ.

❖ روزىدار كىشىنىڭ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ھارام قىلغان بارلىق سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشى ھەمدە يالغانچىلىقتىن ساقلىنىشى ۋاجىبتۇر.

ئەڭ چوڭ يالغانچىلىق ــ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى نامىدىن ھالالنى «ھارام» ياكى ھارامنى «ھالال» دېيىشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلا تَقُولُوا لِمَا تَصِفُ أَلْسِنَتُكُمُ الْكَذِبَ هَذَا حَلالٌ وَهَذَا حَرَامٌ لِتَفْتَرُوا عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ إِنَّ الَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ لا يُفْلِحُونَ ۞ مَتَاعٌ قَلِيلٌ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ۞﴾ «ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (ھېچقانداق دەلىلسىز) <بۇ ھالال، بۇ ھارام> دېمەڭلار چۈنكى (مۇنداقتا) الله نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، الله نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن (دۇنيا ئاخىرەتتە) مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ [116]. (ئۇلار دۇنيادىن پەقەت) ئازغىنا بەھرىمەن بولىدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [117]»[②].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ساھابىلەردىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «من كذب علي متعمداً فليتبوأ مقعده من النار» «كىمكى مېنىڭ ھەققىمدە قەستەن يالغان سۆز توقۇسا، جەھەننەمدىكى ئورنىغا تەييارلىق كۆرسۇن»[③].

---

[①] مۇسلىم توپلىغان.

[②] سۈرە نەھل 116ـ ۋە 117ـ ئايەتلەر.

[③] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ يالغان ئېيتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «إياكم والكذب، فإن الكذب يهدي إلى الفجور، وإن الفجور يهدي إلى النار، ولا يزال الرجل يكذب ويتحرى الكذب حتى يكتب عند الله كذاباً» «يالغان ئېيتىشتىن ئاگاھ بولۇڭلار چۈنكى يالغانچىلىق گۇناھقا، گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ. بىر كىشى يالغان سۆزلەۋەرسە ۋە يالغان سۆزلەشنى ئىستىسە، ھەتتاكى ئۇ كىشى الله نىڭ نەزىرىدە <يالغانچى> دەپ پۈتۈۋېتىلىدۇ».①

روزىدار كىشىنىڭ غەيۋەتتىن ساقلىنىشى ۋاجىب. غەيۋەت — قېرىندىشىڭىزنىڭ يامان كۆرىدىغان بىرەر ئىشىنى ئۇنىڭ يوق يېرىدە تىلغا ئېلىشىڭىزدۇر. مەيلى قېرىندىشىڭىزدا بولسۇن ياكى بولمىسۇن «توكۇر»، «قارىغۇ»، «ئالغاي» دېگەندەك قېرىندىشىڭىزنىڭ جىسمانىيىتىگە ئالاقىدار بولغان ياكى «ئەخمەق»، «ئەقىلسىز»، «پاسىق» دېگەندەك ئۇنىڭ ئەخلاقىغا ئالاقىدار بولغان ۋە ياكى قېرىندىشىڭىزنىڭ يامان كۆرىدىغان بىرەر ئىشىنى ئەيىبلەش ياكى سۆكۈش تەرىقىسىدە تىلغا ئالسىڭىز غەيۋەت قىلغان بولىسىز. پەيغەمبەر ﷺ دىن غەيۋەت توغرىسىدا سورالغاندا پەيغەمبەر ﷺ: «هي ذكرك أخاك بما يكره» «غەيۋەت دېگەن — قېرىندىشىڭ ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى تىلغا ئېلىشىڭدۇر» دېدى. «أفرأيت إن كان في أخي ما أقول؟» «قېرىندىشىمدا بار بولغان ئىشنى دېسەمچۇ؟» دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «إن كان فيه ما تقول فقد اغتبته، وإن لم يكن فيه ما تقول فقد بهته» «ئەگەر ئۇنىڭدا بار نەرسىنى دېسەڭ غەيۋەت قىلغان بولىسەن، يوق نەرسىنى دېسەڭ تۆھمەت قىلغان بولىسەن» دېدى.②

الله تائالا قۇرئاندا غەيۋەت قىلىشتىن توستى ۋە غەيۋەت قىلىشنى «ئۆلۈك ھالەتتىكى قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىش»تەك ئەڭ قەبىھ كۆرۈنۈشكە ئوخشاتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضاً أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتاً فَكَرِهْتُمُوهُ﴾ «بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ③

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ غەيۋەتنىڭ زىيادە قەبىھ ئىكەنلىكىگە تەمسىل.

ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر»[1].

ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «أنه مر ليلة المعراج بقوم لهم أظفار من نحاس يخمشون بها وجوههم وصدورهم، فقال: من هؤلاء يا جبريل ؟ قال: هؤلاء الذين يأكلون لحوم الناس ويقعون في أعراضهم» «پەيغەمبەر ﷺ مىئراج كېچىسى تىرناقلىرى تۇچتىن بولغان، ئۇنىڭ بىلەن يۈزلىرى ۋە مەيدىلىرىنى تاتىلاۋاتقان بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن: ‹ئى جىبرىئىل! بۇلار كىملەر؟› دەپ سورىغاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ‹بۇلار كىشىلەرنىڭ گۆشلىرىنى يەيدىغان (يەنى غەيۋەتلىرىنى قىلىدىغان)، ئۇلارنىڭ ئابرويلىرىنى تۆكىدىغان كىشىلەردۇر› دېگەن».

روزىدار كىشىنىڭ چېقىمچىلىقتىن ساقلىنىشى ۋاجىب. چېقىمچىلىق — ئىككى شەخسنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىش ئۈچۈن بىر شەخسنىڭ سۆزىنى يەنە بىر شەخسكە يەتكۈزۈش بولۇپ، چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «لا يدخل الجنة نمّام» «چېقىمچى جەننەتكە كىرمەيدۇ». [2] ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ مر بقبرين فقال: إنهما ليعذبان وما يعذبان في كبير، أما أحدهما فكان لا يستنزه من البول، وأما الآخر فكان يمشي بالنميمة» «پەيغەمبەر ﷺ ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ‹ئۇ ئىككىسى ئازابلىنىۋېتىپتۇ، ئۇ ئىككىسى چوڭ بىر گۇناھ سەۋەبلىك ئازابلىنىۋاتقان ئەمەس،[3] ئىككىسىنىڭ بىرى سۈيدۈك چاچراپ كېتىشتىن ساقلانمايتتى، يەنە بىرى چېقىمچىلىق قىلاتتى› دېگەن».[4]

چېقىمچىلىق — شەخس ۋە جەمئىيەتنى بۇزۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىنى بۆلۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئاداۋەتلىشىشىگە سەۋەب بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُطِعْ كُلَّ حَلَّافٍ مَّهِينٍ ۝ هَمَّازٍ مَّشَّاءٍ بِنَمِيمٍ ۝﴾ «قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور،

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ھەدىسنىڭ يەنە بىر لەۋزىدە: «ياق، ئۇلار چوڭ گۇناھ سەۋەبلىك ئازابلىنىۋېتىپتۇ» دېيىلگەن — تەرجىماندىن.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

سۈخەنچى ئادەمگە ئىتائەت قىلمىغىن [10ـ11]»①. سىزگە باشقىلارنى چاقچان كىشىنىڭ، سىزنىمۇ باشقىلارغا چېقىشىدىن ئېھتىيات قىلىڭ!

روزىدار كىشى سودا ـ سېتىق، ئىجارە، ھۈنەر ـ كەسىپ، گۆرۈ، ئۆزئارا نەسىھەت قىلىش ۋە مەسلىھەت بېرىشتىن ئىبارەت مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئالدامچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىشى ۋاجىب. چۈنكى، ئالدامچىلىق ــ چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئالدامچىلىق قىلغان كىشىدىن بىزار ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دېگەن: «من غشنا فليس منا» «كىمكى بىزنى ئالدىسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس».② يەنە بىر لەۋزىدە: «من غش فليس مني» «كىمكى ئالدامچىلىق قىلىدىكەن، ئۇ مەندىن ئەمەس»③ دېيىلگەن.

ئالدامچىلىق ــ ئامانەتنى زايە قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچىنىڭ يوقۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئالدامچىلىق بىلەن قىلىنىدىغان ھەرقانداق كەسىپ ھارام بولۇپ، ئۇنداق كەسىپ ئىگىسى ئۆزىگە پەقەت الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولۇشنىلا زىيادە قىلىدۇ.

روزىدار كىشى چالغۇ ئەسۋابلاردىن يىراق تۇرۇشى ھەم ۋاجىب. راۋاب، چىلتار، ئىسكىرىپكا، پىئانىنوغا ئوخشاش چالغۇ ئەسۋاب تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل ئېچىش ئەسۋابلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر. ئەگەر بۇلارغا مۇڭلۇق ئاۋاز ياكى تەسىرلىك مۇزىكىلار قوشۇلسا، ھاراملىق دەرىجىسى ۋە گۇناھى تېخىمۇ ئاشىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْتَرِي لَهْوَ الْحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَيَتَّخِذَهَا هُزُواً أُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُهِينٌ﴾ «بەزى كىشىلەر بىلىمسىزلىكتىن، (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە الله نىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ»④. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بۇ ئايەت توغرىسىدا سورالغاندا، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ بولمىغان الله بىلەن قەسەمكى، ئايەتتىكى بىھۇدە

① سۈرە قەلەم 10ـ ۋە 11ـ ئايەتلەر.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ مۇسلىم توپلىغان.

④ سۈرە لوقمان 6ـ ئايەت.

گەپ ـ سۆز بولسا ناخشا ـ مۇزىكىدۇر» دېگەن. ئىبنى ئابباس ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ ھەم شۇنداق دېگەنلىكى سەھىھ يول بىلەن نەقىل قىلىنغان. ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ)مۇ جابىر، ئىكرىمە، سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ۋە مۇجاھىدنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان. ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ): «بۇ ئايەت ناخشا ـ مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋابلار ھەققىدە نازىل بولغان» دېگەن. پەيغەمبەر ﷺ چالغۇ ئەسۋابلاردىن ئاگاھلاندۇرغان ھەمدە چالغۇ ئەسۋابلارنى زىنا بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: «ليكونن من أمتي أقوام يستحلون الحر والحرير والخمر والمعازف» «ئۈممىتىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر كېلىدۇكى، ئۇلار زىنانى، يىپەكنى، ھاراقنى ۋە چالغۇ ئەسۋابلارنى ھالال سانايدۇ».①

ھەدىستىكى «ھالال سانايدۇ» دېگەن سۆز — خۇددى ھالال ئىشنى قىلغاندەك، پەرۋا قىلماي قىلىۋېرىدۇ دېگەنلىكتۇر. ھازىرقى زاماندا بەزى كىشىلەر چالغۇ ئەسۋابلارنى خۇددى ھالال نەرسىنى ئىشلەتكەندەك ئىشلىتىدۇ ياكى مەنپەئەتلىنىدۇ. ئىسلام دۈشمەنلىرى شۇلار ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا سۇيىقەست قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى الله نى زىكىر قىلىشتىن غاپىل قالدۇرۇش، دىن ۋە دۇنيالىق مۇھىم ئىشلىرىدىن توسۇشتا شۇ دەرىجىدە ئۇتۇق قازاندىكى، مۇسۇلمانلار قۇرئان، ھەدىس ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بايان قىلغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن بەكرەك ناخشا ـ مۇزىكىلارغا قۇلاق سالىدىغان بولۇپ قالدى.

ئى مۇسۇلمانلار! روزىنى بۇزىدىغان نەرسىلەردىن ئاگاھ بولۇڭلار، يالغان سۆزلەشتىن ۋە يالغان سۆزلەپ ئەمەل قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «من لم يدع قول الزور والعمل به والجهل فليس لله حاجة في أن يدع طعامه وشرابه» «كىمكى يالغان سۆزنى، يالغان سۆز بىلەن ئەمەل قىلىشنى ۋە نادانلىقنى تاشلىمىسا، ئۇ كىشىنىڭ يېمەي ۋە ئىچمەي يۈرۈشىگە الله تائالانىڭ ھاجىتى يوق».② جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «روزىدار ۋاقتىڭدا كۆز ـ قۇلىقىڭ ھارامدىن چەكلەنسۇن، تىلىڭ يالغان سۆزلەشتىن

① بۇخارى توپلىغان.

② بۇخارى توپلىغان.

يانسۇن، قوشناڭغا ئەزىيەت بەرمىگىن، سەندە سالماقلىق ۋە ئېغىر-بېسىقلىق بولسۇن، روزا تۇتقان كۈنۈڭ بىلەن تۇتمىغان كۈنۈڭ ئوخشاش بولۇپ قالمىسۇن».

ئى الله ! دىنىمىزنى ساقلىغىن، ئەزالىرىمىزنى سېنى غەزەپلەندۈرىدىغان ئەمەللەردىن توختاتقىن. ئى مېھرىبان الله ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا-ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلىسىگە، جىمى ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلسۇن!

## 11 - سۆھبەت

# روزىنىڭ مۇستەھەب ئەدەپلىرى

ﷲ قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! ﷲ كېچە-كۈندۈزنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر، ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر، مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشتا يالغۇزدۇر، ئەيىب-نۇقسانلاردىن، مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر. ﷲ تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ﷲ مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان ﷲ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ﷺ نىڭ ﷲ نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ﷲ تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرىگە، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەرگە، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمانغا، سېخىيلىق دېڭىزى ۋە دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر ئەلىگە، مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ئەسھابلىرىغا ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، بۇ سۆھبىتىمىزدە روزىنىڭ ئىككىنچى قىسىم ئەدەپلىرى بولغان مۇستەھەپ ئەدەپلەر توغرىسىدا توختىلىمىز.

**مۇستەھەب ئەدەپلەر**

❖ كېچىنىڭ ئاخىرىدا سوھۇرلۇق يېيىش

سوھۇرلۇق سەھەردە يېيىلىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاتالغان. پەيغەمبەر ﷺ سوھۇرلۇق يېيىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «تسحروا، فإن في السحور بركة» «سوھورلۇق يەڭلار، چۈنكى سوھۇرلۇقتا بەرىكەت بار».[①]

ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «فصل ما بين صيامنا وصيام أهل الكتاب أكلة السحر» «بىزنىڭ روزىمىز بىلەن ئەھلى كىتاب روزىسىنىڭ ئوتتۇرىدىكى پەرق — سوھۇرلۇق يېيىشتۇر».[②]

پەيغەمبەر ﷺ سوھۇرلۇقتا خورما يېيىشنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «نعم سحور المؤمن التمر» «مۇئمىنىنىڭ سوھۇرلۇقى خورما بولسا بەك ياخشى».[③]

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «السحور كله بركة، فلا تدعوه، ولو أن يجرع أحدكم جرعة من ماء، فإن الله وملائكته يصلون على المتسحرين» «سوھۇرلۇقنىڭ ھەممىسى بەرىكەتتۇر. سوھۇرلۇقنى تەرك ئەتمەڭلار، بىرىڭلار گەرچە بىر يۇتۇم سۇ بىلەن بولسىمۇ سوھۇرلۇق يېسۇن چۈنكى الله ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سوھۇرلۇق يېگۈچىلەرگە رەھمەت يوللايدۇ».[④]

سوھۇرلۇقنىڭ ئىبادەت بولۇشى ۋە سوھۇرلۇق يېيىش ئارقىلىق ئەجىرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، سوھۇرلۇق يېگەندە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنى، پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىشنى ۋە روزىسىغا كۈچ ھاسىل قىلىشنى نىيەت قىلىۋېلىشى كېرەك. تاڭ يورۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىمىسە، سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈش سۈننەت چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ شۇنداق قىلاتتى.

قەتادەدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «أن النبي ﷺ وزيد بن ثابت تسحرا فلما فرغا من سحورهما قام نبي الله ﷺ إلى الصلاة فصلى . قلنا لأنس كم كان بين فراغهما من سحورهما ودخولهما في الصلاة ؟ قال قدر ما يقرأ الرجل خمسين آية» «پەيغەمبەر ﷺ بىلەن زەيد ئىبنى سابىت ئىككىسى سوھۇرلۇق يەپ

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

④ ئەھمەد توپلىغان، مۇنزىر بۇ ھەدىسنى «ئىسنادى كۈچلۈك» دېگەن.

بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺ نامازغا تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى». بىز ئەنەستىن: «ئىككىيلەن سوھۇرلۇق يەپ بولغاندىن باشلاپ تاكى نامازغا كىرگىچە بولغان ۋاقىت قانچىلىك ئىدى؟» دەپ سورىغان ئىدۇق، ئەنەس: «بىر كىشى 50 ئايەت ئوقۇغۇدەك ۋاقىت ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى.[①]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن بلالاً كان يؤذن بليل، فقال النبي ﷺ: كلوا واشربوا حتى يؤذن ابن أم مكتوم، فإنه لا يؤذن حتى يطلع الفجر» «بىلال تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن ئەزان ئېيتاتتى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم تاڭ يورۇغاندا ئەزان ئېيتىدۇ، تاكى ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەزان ئېيتقانغا قەدەر سوھۇرلۇق يىسەڭلار بولىدۇ> دېگەن».[②]

سوھورلۇقنى كېچىكتۈرۈش — روزىدار كىشىگە قىلىنغان مېهرىبانلىق بولۇپ، روزىدار كىشىنى بامدات نامىزىغا ئۇخلاپ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. روزىدار كىشى روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىپ سوھۇرلۇق يەپ بولغاندىن كېيىن، تاڭ يورۇغانلىقىغا جەزم قىلغانغا قەدەر يەپ-ئىچسە بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكُلُوا وَاشْرَبُوا حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَكُمُ الْخَيْطُ الأَبْيَضُ مِنَ الْخَيْطِ الأَسْوَدِ مِنَ الْفَجْرِ﴾ «تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار»[③].

تاڭنىڭ يورۇغانلىقى — ئۇپۇقتا ئاشكارا كۆرۈلۈش ياكى ئەزان ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىشەنچلىك خەۋەر بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ. تاڭ يورۇغان ۋاقىتتا سوھۇرلۇق يېيىشتىن توختاپ، روزا تۇتۇشنى قەلبىدە نىيەت قىلىدۇ، نىيەتنى سۆزلىمەيدۇ چۈنكى نىيەتنى سۆزلەش بىدئەتتۇر.

❖ كۈن پاتقانلىقى ئاشكارا كۆرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلانسا ياكى ئەزان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشەنچلىك خەۋەر بىلەن كۈن پاتقانلىقى كۈچلۈك گۇمان قىلىنسا ئىپتارغا ئالدىراش

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «لا يزال الناس بخير ما عجلوا الفطر» «كىشىلەر

---

[①] بۇخارى توپلىغان.

[②] بۇخارى توپلىغان.

[③] سۈرە بەقەرە 187 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

ئىپتارنى ئالدىراپ (كۈن تولۇق ئولتۇرۇپ بولۇشى بىلەن) قىلىسلا ھەمىشە ياخشىلىق ئىچىدە بولىدۇ».①

پەيغەمبەر ﷺ رەببى ئەززە ۋە جەللىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «إن أحب عبادي إلى أعجلهم فطراً» «بەندىلىرىمدىن ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈكى ــ ئۇلارنىڭ ئىپتارغا ئالدىرايدىغانلىرىدۇر».②

ھۆل خورمىدا، ھۆل خورما بولمىسا قۇرۇق خورمىدا، ئەگەر قۇرۇق خورمىمۇ بولمىسا سۇدا ئىپتار قىلىش ــ سۈننەت. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كان النبي ﷺ يفطر قبل أن يصلي على رطبات، فإن لم تكن رطبات فتمرات، فإن لم تكن تمرات حسا حسوات من ماء» «پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇشتىن ئىلگىرى بىر قانچە تال ھۆل خورما بىلەن ئىپتار قىلاتتى، ئەگەر ھۆل خورما بولمىسا قۇرۇق خورما بىلەن ئىپتار قىلاتتى، ئەگەر ئۇمۇ بولمىسا بىر قانچە يۇتۇم سۇ بىلەن ئىپتار قىلاتتى».③

ئەگەر ھۆل خورما ياكى قۇرۇق خورما ۋە ياكى سۇمۇ تاپالمىسا، ھالال بولغان تائام ۋە ئىچىملىكتىن ئۆزىگە ئاسان بولغىنى بىلەن ئىپتار قىلىدۇ. ئەگەر ھېچنەرسە تاپالمىسا، ئىپتار قىلىشنى قەلبىدە نىيەت قىلسا بولىدۇ ئەمما بەزى كىشىلەر قىلغاندەك بارمىقىنى شۈمۈرمەيدۇ، تۈكۈرۈكىنى يىغىپ يۇتمايدۇ.

ئىپتار قىلغاندا ئۆزى ياخشى كۆرگەن دۇئا بىلەن دۇئا قىلسا بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «إن للصائم عند فطره دعوة ما ترد» «روزىدار كىشىنىڭ ئىپتار قىلغاندىكى دۇئاسى قايتۇرۇلمايدۇ».④

مۇئاز ئىبنى زۇھرەدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «كان إذا أفطر يقول: اللَّهُمَّ لَكَ صُمْتُ وَعَلَى رِزْقِكَ أَفْطَرْتُ» «پەيغەمبەر ﷺ ئىپتار قىلغاندا: <اللَّهُمَّ لَكَ صُمْتُ وَعَلَى رِزْقِكَ أَفْطَرْتُ> (ئى الله ! سەن ئۈچۈن روزا تۇتتۇم، سەن ئاتا قىلغان رىزىق بىلەن ئىپتار قىلدىم) دەيتتى».⑤

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

③ ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان؛ ئەلبانى «ھەسەن ۋە سەھىھ» دېگەن.

④ ئىبنى ماجە توپلىغان توپلىغان، «الزوائد» ناملىق كىتابتا «ئىسنادى سەھىھ» دېيىلگەن.

⑤ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «كان إذا أفطر يقول: ذهب الظمأ، وابتلت العروق، وثبت الأجر إن شاء الله» «پەيغەمبەر ﷺ ئىپتار قىلغاندا: <ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار ھۆل بولدى. الله خالىسا، ئەجىرمۇ ھاسىل بولدى> دەيتتى».[1]

❖ قىرائەت قىلىش، زىكىر ئوقۇش، دۇئا قىلىش، ناماز ئوقۇش ۋە سەدىقە قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش

ئىبنى خۇزەيمە ۋە ئىبنى ھىببانلارنىڭ سەھىھ كىتابىدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ثلاثة لا ترد دعوتهم: الصائم حتى يفطر، والإمام العادل، ودعوة المظلوم، يرفعها الله فوق الغمام وتفتح لها أبواب السماء، ويقول الرب: وعزتي وجلالي لأنصرنك ولو بعد حين» «ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ: بىرىنچىسى، روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىپتار قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا قىلغان دۇئاسى؛ ئىككىنچىسى، ئادىل پادىشاھنىڭ دۇئاسى؛ ئۈچىنچىسى، مەزلۇمنىڭ دۇئاسى. الله تائالا مەزلۇمنىڭ دۇئاسىنى يۇقىرىغا ئۆرلىتىپ، ئۇنىڭغا ئاسمان دەرۋازىلىرىنى ئاچىدۇ ۋە: <ئىززىتىم ۋە ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەمكى، بىر مەزگىلدىن كېيىن بولسىمۇ ساڭا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمەن> دەيدۇ».[2]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كان رسول الله ﷺ أجود الناس، وكان أجود ما يكون في رمضان حين يلقاه جبريل فيدارسه القرآن، فلرسول الله ﷺ حين يلقاه جبريل أجود بالخير من الريح المرسلة» «پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ سېخىي زات ئىدى، بولۇپمۇ رامىزاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇچرىشىپ قۇرئان ئوقۇپ بەرگەندە، ئۇ تېخىمۇ سېخىي بولۇپ كېتەتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندىكى سېخىيلىقى شامالدىنمۇ تېز ئىدى».[3]

پەيغەمبەر ﷺ الله نىڭ دىنىنى ئالىي قىلىش، الله نىڭ بەندىلىرىنى يېتەكلەش ۋە ئۇلارنىڭ بىلمىسىزلىرىگە ئىلىم ئۆگىتىش، ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىش، ئاچ قالغانلىرىغا تائام بېرىش؛ قىسقىسى، الله نىڭ بەندىلىرىگە

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە بولىدىغانلا يولدا مال-مۈلكى، جېنى ۋە ئىلىمىنى ئايىمايتتى، سېخىيلىقنىڭ ھەممە تۈرىدە سېخىيلىق قىلاتتى.

رامىزاننىڭ شەرەپلىكلىكى، ئەجىرىنىڭ ھەسسىلىنىدىغانلىقى ۋە ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىبادىتىگە ياردەم بېرىشتىكى ساۋابىنىڭمۇ ھەسسىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ رامىزاندا تېخىمۇ سېخىيلىشىپ كېتەتتى.

روزا تۇتۇش ۋە ھاجەتمەنلەرگە تائام بېرىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىشنى جەملەپ بىرگە قىلىش ــ جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ قال: من أصبح منكم اليوم صائماً ؟ فقال أبو بكر: أنا، قال: فمن تبع منكم اليوم جنازة ؟ قال أبو بكر: أنا، قال: فمن أطعم منكم اليوم مسكيناً ؟ قال أبو بكر: أنا، قال: فمن عاد منكم اليوم مريضاً ؟ قال أبو بكر: أنا، قال النبي ﷺ: ما اجتمعن في أمرئ إلا دخل الجنة» «پەيغەمبەر ﷺ: <بۈگۈن قايسىڭلار روزا تۇتتۇڭلار؟> دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى: <مەن> دېدى. <قايسىڭلار جىنازا نامىزىغا قاتناشتىڭلار؟> دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى: <مەن> دېدى. <قايسىڭلار بىر مىسكىنگە تائام بەردىڭلار؟> دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى: <مەن> دېدى. <قايسىڭلار كېسەل يوقلىدىڭلار؟> دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى: <مەن> دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: <كىمكى بىر كۈندە مۇشۇ ئىشلارنى قىلسا جەننەتكە كىرىدۇ> دېدى».[1]

❖ روزىدار كىشى، بىر كۈنلۈك روزىنى تولۇق ئادا قىلىش ۋە بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تولۇق تۇتۇشنى اللە نىڭ ئاسان قىلىپ بەرگەنلىكى ھەمدە روزىغا مۇۋەپپەق قىلغانلىقىدىن ئىبارەت اللە نىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان نېئمىتىنىڭ قەدرىنى تونۇشى لازىم.

كۆپلىگەن كىشىلەر رامىزان روزىسىغا ئۇلاشماستىن ئۆلۈپ كېتىش ياكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ئاجىز كېلىش ۋە ياكى روزا تۇتۇشتىن يۈز ئۆرۈش سەۋەبلىك رامىزان روزىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن روزىدار كىشى يامانلىقلىرىنىڭ ئۆچۈرۈلۈشى، گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى، نېئمەت ماكانى بولغان جەننەتتە ئۇلۇغ رەب تائالاغا قوشنا بولۇشى بىلەن بىرگە،

[1] مۇسلىم توپلىغان.

دەرىجىلىرىنىڭ ئۈستۈن بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان روزا نېئمىتىنى الله تائالانىڭ ئاتا قىلغانلىقىغا ھەمدە ئېيتىشى لازىم.

قېرىنداشلىرىم، روزىنىڭ ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلىڭلار، غەزەپ قىلىش ۋە ئىنتىقام ئېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار! سەلەف سالىھلارنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرى بىلەن ئۆزۈڭلارنى زىننەتلەڭلار چۈنكى بۇ ئۈممەتنىڭ ئەۋۋىلىنى ئىسلاھ قىلغان ئىتائەت قىلىش ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن يىراق تۇرۇش ــ ئۈممەتنىڭ ئاخىرىنىمۇ ئىسلاھ قىلالايدۇ.

ئىبنى رەجەب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: «روزىدارلار ئىككى تەبىقە بولىدۇ: بىرىنچى تەبىقە ــ الله ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەك ۋە شەھۋىتىنى تەرك ئەتكەن، بۇنىڭ بەدىلىگە الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى جەننەتنى ئۈمىد قىلغان كىشى بولۇپ، بۇنداق كىشى ــ الله بىلەن سودا ۋە مۇئامىلە قىلغان كىشىدۇر. ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىنى الله تائالا بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، ئۆزى بىلەن مۇئامىلە قىلغان كىشىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ، بەلكى ئۇنى زور پايدىغا مۇيەسسەر قىلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بىر كىشىگە مۇنداق دېگەن: «إنك لن تدع شيئاً اتقاء الله إلا آتاك الله خيراً منه» «الله قا تەقۋالىق قىلىش ئۈچۈن قانداق بىر نەرسىنى تەرك ئەتسەڭ، الله تائالا ساڭا ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى ئاتا قىلىدۇ».[1]

روزىدار كىشىگە جەننەتتە تائام، شاراب ۋە ئاياللاردىن الله خالىغان مىقداردا بېرىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلُوا وَاشْرَبُوا هَنِيئاً بِمَا أَسْلَفْتُمْ فِي الأَيَّامِ الْخَالِيَةِ﴾ «(ئۇلارغا) <ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن خۇشال ـ خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار> دېيىلىدۇ»[2]. مۇجاھىد ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار بۇ ئايەتنى «روزا تۇتقۇچىلار ھەققىدە نازىل بولغان» دېگەن.

ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چۈشى ھەققىدە مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «ورأيت رجلاً من أمتي يلهث عطشاً كلما دنا من حوض منع وطرد، فجاءه صيام رمضان فسقاه وأرواه» «ئۈممىتىمدىن ئۇسسۇزلۇقتىن تىلىنى چىقىرىۋاتقان بىر كىشىنى كۆردۈم، ئۇ كىشى ھەۋزى كەۋسەرگە يېقىنلاشسىلا

[1] ئەھمەد توپلىغان.
[2] سۈرە ھاققە 24 ـ ئايەت.

چەكلەندى ۋە قوغلاندى. شۇئاندا ئۇ كىشىنىڭ رامىزان روزىسى كېلىپ ئۇ كىشىنى سۇغاردى ۋە ئۇ كىشىنى قاندۇردى».[1]

ئىككىنچى تەبىقە ــ ھاياتىي دۇنيادا الله رازىلىقى كۆزلەنمىگەن بارلىق نەرسىلەردىن ئۆزىنى چەكلەپ كۆز، قۇلاق، تىل، قەلب ۋە ئەۋرەتلىرىنى ھارامدىن ساقلاپ، ئۆلۈم ۋە چىرىپ كېتىشىنى ئەسلەپ، ئاخىرەت (ھاياتى) نى كۆزلەپ، دۇنيا زىننەتلىرىنى تەرك ئەتكەن كىشىلەردۇر. بۇنداق كىشىلەرنىڭ روزا ھېيت كۈنى ــ رەببىگە ئۇچراشقان كۈنى، خۇشاللىق كۈنى ــ رەببىنى كۆرگەن كۈنىدۇر.

الله نى ھەقىقىي تونۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ھەقىقىي خوجىسى بولغان الله نى كۆرمىگىچە قەسىرلەر تەسەللى بېرەلمەيدۇ؛ رەببىنى كۆرمىگىچە ئۇلارنىڭ (تەشنالىقىنى) دەريامۇ قاندۇرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرى بۇنىڭدىنمۇ بۈيۈكتۇر. قانداق بىر كىشى الله نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ دۇنيادا شەھۋەتلەردىن چەكلەنسە، قىيامەت كۈنى ئۇنى جەننەتتە تاپىدۇ؛ قانداق بىر كىشى الله رازىلىقى كۆزلەنمىگەن بارلىق نەرسىلەردىن چەكلەنسە، ئۇ كىشىنىڭ ھېيتى ــ رەببىگە ئۇچراشقان كۈنىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَن كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ اللَّهِ فَإِنَّ أَجَلَ اللَّهِ لَآتٍ وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾ «كىمكى الله قا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) الله نىڭ (بۇنىڭغا بەلگىلىگەن) ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ. الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[2].

ئى تەۋبە قىلغۇچىلار جامائەسى! رەببىڭلارغا ئۇچراشقان كۈنۈڭلارنىڭ ھېيتىڭلار بولۇشى ئۈچۈن، بۈگۈن شەھۋەتلەردىن چەكلىنىڭلار.

ئى الله ! قەلبلىرىمىزنى ساڭا بولغان ئىخلاس بىلەن زىننەتلىگىن، ئەمەللىرىمىزنى پەيغەمبىرىڭگە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن ياخشىلىغىن. ئى الله ! بىزلەرنى غەپلەتتىن ئويغاتقىن، بەختسىزلىكتىن قۇتقازغىن، گۇناھ-مەئسىيەتلىرىمىزنى ئۆچۈرگىن. ئى مېھرىبان الله ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا-ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە

---

[1] تەبەرانى توپلىغان.

[2] سۈرە ئەنكەبۇت 5- ئايەت.

مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

ﷲ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلىسىگە، جىمى ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلسۇن ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

# 12 ـ سۆھبەت

# قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئىككىنچى تۈرى ھەققىدە

اﷲ قا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! اﷲ كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. اﷲ ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، اﷲ تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اﷲ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھىنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اﷲ نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اﷲ تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، بەشىنچى سۆھبەتتە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئىككى تۈرلۈك ئىكەنلىكى ھەمدە بىرىنچى تۈرى بولغان لەۋزى جەھەتتىن تىلاۋەت قىلىش ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ئىككىنچى تۈر ــ قۇرئاننىڭ مەلۇماتلىرىنى تەستىقلاپ، ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش ھەمدە بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىپ، چەكلىمىلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق، قۇرئاننى ھۆكۈم جەھەتتىن تىلاۋەت قىلىش بولۇپ، بۇ تۈردىكى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ــ قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى ئەڭ چوڭ غايىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُولُو الأَلْبَابِ﴾ «(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر»[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن سەلەف سالىھلار ئەنە شۇ مەقسەتتە قۇرئان ئۆگەنگەن، قۇرئاننى تەستىقلىغان ۋە قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىنى مۇستەھكەم ئەقىدىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىغان. ئەبۇ ئابدۇراھمان سۇلەمى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بەرگەن ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ئۇ ئىككىيلەندىن باشقا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ دىن ئون ئايەت ئۆگىنىپ، شۇ ئون ئايەتنى بىلىپ ئەمەل قىلىپ بولمىغۇچە، شۇ ئون ئايەتتىن ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ: ‹بىز قۇرئان ئۆگەنگەندە بىلىش ۋە ئەمەل قىلىشنى بىرگە ئۆگەنگەن ئىدۇق› دېگەن ئىدى».

ئاخىرەتتە بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇش ــ قۇرئاننى ھۆكۈم جەھەتتىن تىلاۋەت قىلىشقا باغلىق بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَ اهْبِطَا مِنْهَا جَمِيعاً بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُمْ مِنِّي هُدىً فَمَنِ اتَّبَعَ هُدَايَ فَلا يَضِلُّ وَلا يَشْقَى۝ وَمَنْ أَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنْكاً وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى۝ قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرْتَنِي أَعْمَى وَقَدْ كُنْتُ بَصِيراً۝ قَالَ كَذَلِكَ أَتَتْكَ آيَاتُنَا فَنَسِيتَهَا وَكَذَلِكَ الْيَوْمَ تُنْسَى۝ وَكَذَلِكَ نَجْزِي مَنْ أَسْرَفَ وَلَمْ يُؤْمِنْ بِآيَاتِ رَبِّهِ وَلَعَذَابُ الْآخِرَةِ أَشَدُّ وَأَبْقَى۝﴾ «الله (ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا) ئېيتتى: ‹سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن يەرگە چۈشۈڭلار. بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار. ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقىي بولمايدۇ [123]. كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى

[1] سۈرە ساد 29 ـ ئايەت.

ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز> [124]. ئۇ: <ئى رەببىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟> دەيدۇ [125]. الله ئېيتىدۇ: <شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن> [126]. ھەددىدىن ئاشقان ۋە رەببىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلارغا شۇنىڭغا ئوخشاش جازا بېرىمىز، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر [127]»①.

الله تائالا بۇ ئۇلۇغ ئايەتلەردە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيي قىلغان ئىلاھىي كۆرسەتمىلەرگە ئەگەشكەنلەرنىڭ مۇكاپاتى ۋە بۇ ئىلاھىي كۆرسەتمىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ جازاسىنىمۇ بايان قىلدى. شۈبھىسىزكى، الله ۋەھيي قىلغان بۇ ئىلاھىي كۆرسەتمىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ــ بۈيۈك قۇرئاندۇر.

ئىلاھىي كۆرسەتمىلەرگە ئەگەشكەنلەرنىڭ مۇكاپاتى ــ ئۇلار ھەق يولدىن ئېزىپ كەتمەيدۇ ۋە بەختسىز بولۇپ قالمايدۇ؛ مانا بۇ ــ ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كامىل ھىدايەت ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما ئىلاھىي كۆرسەتمىلەردىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ــ ئىلاھىي كۆرسەتمىلەرگە ئەمەل قىلىشتىن تەكەببۇرلۇق قىلغانلار بولۇپ، بۇلارنىڭ جازاسى ــ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئازغۇن، ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ. دېمەك، ئۇ كىشى دۇنيادا غەم ـ ئەندىشە ۋە دىلغۇللۇق ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ نە توغرا ئەقىدىسى، نە ياخشى ئەمىلى بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أُولَئِكَ كَالأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُولَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ﴾ «ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر»②.

ئۇلار قەبرىلىرىدە تارچىلىق ۋە قىينچىلىقتا بولىدۇ. قەبرە ئۇلارنى قىستاپ، ھەتتا قوۋۇرغىلىرى كىرىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار كور ھالەتتە ھەشر قىلىنىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَحْشُرُهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَى وُجُوهِهِمْ عُمْياً وَبُكْماً وَصُمّاً مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ كُلَّمَا خَبَتْ زِدْنَاهُمْ سَعِيراً﴾ «قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور، گاچا، گاس ھالدا يىغىمىز، ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، (جەھەننەمنىڭ) ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ

① سۈرە تاھا 123 ـ ئايەتتىن 127 ـ ئايەتكىچە.

② سۈرە ئەئراف 179 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يالقۇنجىتىمىز»[1].

ئۇلار دۇنيادا ھەقنى ئاڭلاشتىن گاس، ھەقنى كۆرۈشتىن كور، ھەقنى سۆزلەشتىن گاچا بولۇۋالغان ئىدى. الله تائالا بۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالُوا قُلُوبُنَا فِي أَكِنَّةٍ مِمَّا تَدْعُونَا إِلَيْهِ وَفِي آذَانِنَا وَقْرٌ وَمِنْ بَيْنِنَا وَبَيْنِكَ حِجَابٌ﴾ «ئۇلار (پەيغەمبەرگە): <بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە (يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق) بار> دەيدۇ»[2].

الله تائالا ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى قىلمىشىغا ئوخشاش جازالىدى ۋە ئۇلار الله نىڭ شەرىئىتىنى تەرك قىلغانغا ئوخشاش، الله مۇ ئۇلارنى تەرك ئەتتى. الله تائالا بۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرْتَنِي أَعْمَى وَقَدْ كُنْتُ بَصِيرًا ۞ قَالَ كَذَلِكَ أَتَتْكَ آيَاتُنَا فَنَسِيتَهَا وَكَذَلِكَ الْيَوْمَ تُنْسَى﴾ «ئۇ: <ئى رەببىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟> دەيدۇ [125]. الله ئېيتىدۇ: <شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن> [126]»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ فَلَهُ خَيْرٌ مِنْهَا وَمَنْ جَاءَ بِالسَّيِّئَةِ فَلَا يُجْزَى الَّذِينَ عَمِلُوا السَّيِّئَاتِ إِلَّا مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «كىمكى ياخشى ئىش قىلغان ئىكەن، ئۇ قىلغان ئىشلىرىدىنمۇ ياخشى مۇكاپاتقا (يەنى قىلغان ياخشىلىقىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا) ئېرىشىدۇ؛ كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، يامان ئىش قىلغانلارغا پەقەت قىلغان ئىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ»[4].

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ كان إذا صلى صلاة وفي لفظ: صلاة الغداة أقبل علينا بوجهه فقال: من رأى منكم الليلة رؤيا ؟ قال: فإن رأى أحد قصها، فيقول: ما شاء الله فسألنا يوماً فقال: هل رأى أحد منكم رؤيا ؟ قلنا: لا، قال: لكني رأيت الليلة رجلين أتياني فساق الحديث، وفيه: فانطلقنا حتى أتينا على رجل مضطجع، وإذا آخر قائم عليه بصخرة، وإذا هو يهوي بالصخرة لرأسه فيثلغ رأسه، فيتدهده الحجر

[1] سۇرە بەنى ئىسرائىل 97 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۇرە فۇسسىلەت 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۇرە تاھا 125 ـ ۋە 126 ـ ئايەتلەر.

[4] سۇرە قەسەس 84 ـ ئايەت.

ههنا، فيتبع الحجر فيأخذه، فلا يرجع إلى الرجل حتى يصح رأسه كما كان، ثم يعد عليه فيفعل به مثل ما فعل به المرة الأولى. فقلت: سبحان الله ! ما هذا ؟ فقالا لي: انطلق فذكر الحديث، وفيه: أما الرجل الذي أتيت عليه يثلغ رأسه بالحجر، فهو الرجل يأخذ القرآن فيرفضه، وينام عن الصلاة المكتوبة» «پەيغەمبەر ﷺ ئەتىگەنلىك نامازنى ئوقۇپ بولغاندا بىزگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ: ‹بۈگۈن كېچە سىلەردىن چۈش كۆرگەنلەر بارمۇ؟› دەپ سورايتتى. بىرەر كىشى چۈش كۆرگەن بولسا، الله خالىغان مىقداردا چۈشىنى بايان قىلاتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ بىزدىن: ‹ئاراڭلاردا چۈش كۆرگەنلەر بارمۇ؟› دەپ سورىدى، بىز: ‹يوق› دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ: ‹بۈگۈن كېچە (چۈشۈمدە) مېنىڭ قېشىمغا ئىككى كىشى كەلدى› دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: ‹بىز بىللە يۈرۈپ يېنىچە ياتقان بىر كىشىنىڭ يېنىغا كەلدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر كىشى تاش تۇتۇپ تۇراتتى ۋە تاشنى ئۇنىڭ كاللىسىغا تاشلاپ يانجىيتتى، تاش ئۇنىڭ ئالدىغا دومىلاپ كېلەتتى. ئۇرغۇچى ئادەم تاشنى ئېلىپ، ئۇرۇلغۇچىنىڭ كاللىسى ساقىيىپ ئەسلىگە كەلگىچە كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنىڭ كاللىسىنى تاش بىلەن يانجىيتتى. مەن: ‹سۇبهانەللاھ، بۇ نېمە ئىش؟› دەپ سورىسام، ئىككىيلەن: ‹يۈرگىن!› دېدى. ھەدىسنىڭ داۋامىدا پەيغەمبەر ﷺ ئىككى پەرىشتىنىڭ: ‹سەن كەلگەندە بېشى تاش بىلەن يانجىلىۋاتقان كىشى بولسا قۇرئاننى ئۆگىنىپ تاشلىۋەتكەن ۋە پەرز ناماز ۋاقتىدا ئۇخلايدىغان كىشىدۇر› دېگەنلىكىنى ئېيتتى».[1]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ۋىدالىشىش ھەججىدە كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «إن الشيطان قد يئس أن يعبد في أرضكم، ولكن رضي أن يطاع فيما سوى ذلك مما تحاقرون من أعمالكم فاحذروا، إني تركت فيكم ما إن تمسكتم به فلن تضلوا أبداً: كتاب الله وسنة نبيه» «شەيتان سىلەرنىڭ زېمىنىڭلاردا (يەنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا) مەئبۇد بولۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى لېكىن شەيتان مەئبۇد قىلىنىشتىن باشقا، سىلەر ئاددى سانايدىغان ئەمەللەردە ئىتائەت قىلىنىشقا رازى بولدى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرگە الله نىڭ كىتابى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىنى قالدۇردۇم، ئەگەر سىلەر شۇنىڭغا

[1] بۇخارى توپلىغان.

چىنىڭ ئىپسىلساڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر». ①

ئەمر ئىبنى شۇئەيب چوڭ دادىسىدىن نەقىل قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يمثل القرآن يوم القيامة رجلاً، فيؤتي بالرجل قد حمله فخالف أمره، فيمثل له خصماً، فيقول: يا رب، حملته إياي فبئس الحامل، تعدى حدودي، وضيع فرائضي، وركب معصيتي، وترك طاعتي، فما يزال يقذف عليه بالحجج حتى يقال: شأنك به، فيأخذه بيده، فما يرسله حتى يكبه على منخره في النار» «قۇرئان قىيامەت كۈنى ئادەم شەكلىگە كىرىپ، قۇرئاننى يادلىغان ئەمما ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشىلىق قىلغان كىشىنىڭ دەۋاگىرى سۈپىتىدە كېلىدۇ ۋە: <ئى رەببىم! مېنى ئۇنىڭغا يادلاتقۇزدۇڭ ئەمما بۇ يادلىغان كىشى نېمىدېگەن يامان كىشى، ئۇ مەندىكى چەكلىمىلەردىن ئۆتۈپ كەتتى، پەرزلەرنى تەرك قىلدى، ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، ماڭا ئىتائەت قىلىشنى تاشلاپ قويدى> دەپ ئۇنىڭغا قارشى ھۆججەتلەرنى كەلتۈرۈۋېرىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئۇنىڭغا: <ئۆزۈڭ قاراپ بىر ئىش قىل> دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان ئۆزىنى يادلاپ ئەمەل قىلمىغان كىشىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنى قويۇۋەتمەي، ھەتتا ئۇنى يۈزىچە دوزاخقا تاشلىۋېتىدۇ». ②

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «القرآن حجة لك أو عليك» «قۇرئان سېنىڭ پايداڭغا ياكى زىيىنىڭغا ھۆججەتتۇر». ③

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «القرآن شافع مشفع، فمن جعله أمامه قاده إلى الجنة، ومن جعله خلف ظهره ساقه إلى النار» «قۇرئان ـــ شاپائەت قىلىدىغان شاپائەتچىدۇر. كىمكى قۇرئاننى ئۆزىگە يېتەكچى قىلسا، قۇرئان ئۇ كىشىنى جەننەتكە يېتەكلەيدۇ؛ كىمكى قۇرئاننى ئارقىسىغا تاشلاپ قويسا، قۇرئان ئۇ كىشىنى دوزاخقا ھەيدەيدۇ»④.

ئى قۇرئان دەۋاگىرىڭىز بولۇپ قالغان كىشى! ئەجىبا دەۋاگىرىڭىزنىڭ سىزگە شاپائەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلامسىز؟ دەسمايە پايدا بېرىدىغان كۈندە شاپائەتچىنى دەۋاگىرگە ئايلاندۇرۇپ قويغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!

① ھاكىم توپلىغان ۋە «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.
② ئەلبانى «ئىسنادى زەئىپ» دېگەن.
③ مۇسلىم توپلىغان.
④ مۇسلىم توپلىغان.

ئى الله نىڭ بەندىلىرى! الله نىڭ كىتابى ئالدىڭلاردا تىلاۋەت قىلىنىۋاتىدۇ، ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ قۇرئان بىرەر تاغقا نازىل قىلىنغان بولسا، جەزمەنكى، سىز تاغنىڭ الله قا باش ئەگكەنلىكىدىن يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتىڭىز! گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ لېكىن يەنىلا ئاڭلايدىغان قۇلاق، ياش تۆكىدىغان كۆز، قورقىدىغان قەلب ۋە قۇرئاننىڭ شاپائەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلغۇچىلار تېپىلمايۋاتىدۇ. تەقۋالىقتىن خالىي قەلبلەر ـــ قاقاس زېمىن كەبى خاراب بولغان بولۇپ، ئۇنى گۇناھ زۇلمەتلىرى ئورىۋالغاچقا، بۇنداق قەلبلەر كۆرمەيدۇ ۋە ئاڭلىمايدۇ.

دىللىرىمىز تاشتەك ياكى تاشتىنمۇ قاتتىق قېتىپ كەتتى، قۇرئان ئايەتلىرى بىزلەرگە رامىزان ئېيىدا قانچە كۆپ تىلاۋەت قىلىنىسمۇ، بىزنىڭ رامىزان ئېيدىكى ئەھۋالىمىز بەختسىز كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. ياخشىلىق ئەھلىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن ياش يىگىتلەر گۆدەكلىكىدىن، ياشانغانلار قەبىھ ئىشلىرىدىن توختىمايۋاتىدۇ. بىز الله نىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلاپ ئىجابەت قىلىدىغان، الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا قەلبلىرى ھەقىقىي قورقىدىغان كىشىلەردىن نەقەدەر يىراقلىقتا ـ ھە؟! ئەنە شۇلار ـــ الله تائالا ئىنئام قىلغان، الله نى ھەقىقىي تونۇغان ۋە ياخشىلىقنى تاللىغان كىشىلەردۇر.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ينبغي لقارئ القرآن أن يعرف بليله إذا الناس ينامون، وبنهاره إذا الناس يفطرون، وببكائه إذا الناس يضحكون، وبورعه إذا الناس يخلطون، وبصمته إذا الناس يخوضون، وبخشوعه إذا الناس يختالون، وبحزنه إذا الناس يفرحون» «قۇرئان ئوقۇغان قارى، كىشىلەر ئۇخلىغاندا كېچىنى، كىشىلەر روزا تۇتمىغاندا كۈندۈزنى، كىشىلەر كۈلگەندە يىغىنى، كىشىلەر ئارىلىشىپ كەتكەندە پەرھىزكارلىقنى، كىشىلەر پاراڭغا چۆككەندە سۈكۈتنى، كىشىلەر تەكەببۇرلۇق قىلغاندا ئەيمىنىشنى ۋە كىشىلەر خۇشال بولغاندا غەمكىن بولۇشنى لازىم تۇتۇشى كېرەك».

قېرىنداشلىرىم، ئىمكانىيەت قولدىن كېتىشتىن بۇرۇن قۇرئانغا كۆڭۈل بۆلۈڭلار. قۇرئاننىڭ چەكلىمىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، سەل قاراش ۋە ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار! بىلىڭلاركى، قۇرئان ـــ شاھلارنىڭ شاھى بولغان

اللە نىڭ ھۇزۇرىدا سىلەرنىڭ پايداڭلار ياكى زىيىنىڭلارغا گۇۋاھچى بولىدۇ. قۇرئاننى ئارقىغا تاشلاپ قويۇش ــ اللە نىڭ قۇرئاننى نازىل قىلىش نېئمىتىگە شۈكرى قىلغانلىق ئەمەس. قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىنى مەسخىرە قىلىش ــ اللە نىڭ ھۆرمەتلىرىنى ئۇلۇغلىغانلىق ئەمەس. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَوْمَ يَعَضُّ الظَّالِمُ عَلَى يَدَيْهِ يَقُولُ يَا لَيْتَنِي اتَّخَذْتُ مَعَ الرَّسُولِ سَبِيلاً۞ يَا وَيْلَتَى لَيْتَنِي لَمْ أَتَّخِذْ فُلاناً خَلِيلاً۞ لَقَدْ أَضَلَّنِي عَنِ الذِّكْرِ بَعْدَ إِذْ جَاءَنِي وَكَانَ الشَّيْطَانُ لِلإِنْسَانِ خَذُولاً۞ وَقَالَ الرَّسُولُ يَا رَبِّ إِنَّ قَوْمِي اتَّخَذُوا هَذَا الْقُرْآنَ مَهْجُوراً۞ وَكَذَلِكَ جَعَلْنَا لِكُلِّ نَبِيٍّ عَدُوّاً مِنَ الْمُجْرِمِينَ وَكَفَى بِرَبِّكَ هَادِياً وَنَصِيراً۞﴾ «شۇ كۈنى زالىم (يەنى كاپىر) ئىككى قولىنى چىشلەپ: <ئىسسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ، ئىسسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ!؟ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ (يەنى پالانى) مېنى قۇرئاندىن ئازدۇردى> دەيدۇ. شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ [27ـ29]. پەيغەمبەر ئېيتتى: <ئى پەرۋەردىگارىم! شۈبھىسىزكى، مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى> [30]. شۇنىڭدەك (يەنى ساڭا قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىدىن دۈشمەنلەرنى قىلغاندەك) ھەربىر پەيغەمبەرگە بىر قىسىم گۇناھكارلارنى ئۇنىڭ دۈشمىنى قىلدۇق، رەببىڭ يول كۆرسەتكۈچى ۋە ياردەمچى بولۇشقا ساڭا يېتەرلىكتۇر [31]» ①.

ئى اللە ! كىتابىڭنى ھەقىقىي تىلاۋەت قىلىشنى بىزلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگىن، نىجاتلىق ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەن كىشىلەردىن قىلغىن. ئى اللە ! قۇرئاننىڭ لەۋزىنى توغرا ئوقۇشنى ۋە مەنىلىرىگە ئەمەل قىلىشنى بىزلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگىن، قۇرئاننىڭ چەكلىمىلىرى ۋە ھۆرمەتلىرىگە رىئايە قىلىشنى رىزىق قىلىپ بەرگىن. ئى اللە ! بىزلەرنى ئىلىمى چوڭقۇر، قۇرئاننىڭ مۇھكەم ۋە مۇتەشابىھلىرىغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭ خەۋەرلىرىنى تەستىقلىغان ۋە ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلغان كىشىلەردىن قىلغىن. ئى مېھرىبان اللە ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

اللە تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلىسىگە، جىمى ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

① سۈرە فۇرقان 27 ـ ئايەتتىن 31 ـ ئايەتكىچە.

# 13 - سۆھبەت

# قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى

اللە قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! اللە كىچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بىغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۇ قىلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. اللە ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قىلىشتىن پاكتۇر، اللە تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللە نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، سىلەر تىلاۋەت قىلىۋاتقان، ئاڭلاۋاتقان، يادلاۋاتقان ۋە

يېزىۋاتقان بۇ قۇرئان ــ ئاۋۋالقى ۋە ئاخىرقىلارنىڭ ئىلاھى ۋە ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان الله نىڭ كىتابى، مۇستەھكەم ئارغامچىسى ۋە تۈپتۈز يولىدۇر. قۇرئان ــ بەرىكەتلىك زىكىر ۋە ئوچۇق نۇردۇر. شۈبھىسىزكى، الله تائالا قۇرئاننى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بۈيۈكلۈكىگە لايىق رەۋىشتە سۆزلىگەن ھەمدە مۇقەررەب ۋە ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەرنىڭ بىرى بولغان ئىشەنچلىك جىبرىئىلغا تاشلىغان. مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى مۇھەممەد ﷺ نىڭ قەلبىگە ئوچۇق ئەرەب تىلى بىلەن ئېلىپ چۈشكەن. سىلەرنىڭ قۇرئاننى ئۇلۇغلىشىڭلار، ھۆرمەتلىشىڭلار ئۈچۈن، الله قۇرئاننى بۈيۈك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنْزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدىً لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ﴾ «رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ هَذَا الْقُرْآنُ أَنْ يُفْتَرَى مِنْ دُونِ اللَّهِ وَلَكِنْ تَصْدِيقَ الَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَتَفْصِيلَ الْكِتَابِ لَا رَيْبَ فِيهِ مِنْ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ «بۇ قۇرئاننى بىراۋنىڭ الله قا ئېپتىرا قىلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ (چۈنكى قۇرئاننى ھېچ ئىنسان ئىجاد قىلالمايدۇ) لېكىن قۇرئان ئىلگىرى كەلگەن (تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر، الله بەلگىلىگەن ئەھكاملارنى بايان قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر، (ئۇ) ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ جَاءَتْكُمْ مَوْعِظَةٌ مِنْ رَبِّكُمْ وَشِفَاءٌ لِمَا فِي الصُّدُورِ وَهُدىً وَرَحْمَةٌ لِلْمُؤْمِنِينَ﴾ «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەرتكە (يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۇئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى» ③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الر كِتَابٌ أُحْكِمَتْ آيَاتُهُ ثُمَّ فُصِّلَتْ مِنْ لَدُنْ حَكِيمٍ خَبِيرٍ﴾ «ئەلىف، لام، را. بۇ ــ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار

---

① سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە يۇنۇس 37 ـ ئايەت.

③ سۈرە يۇنۇس 57 ـ ئايەت.

الله تەرىپىدىن نازىل بولغان، ئايەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، (ئەقىدە، ئەھكام، ۋەز ۋە قىسسىلەر) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر»[①].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز»[②].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ آتَيْنَاكَ سَبْعاً مِنَ الْمَثَانِي وَالْقُرْآنَ الْعَظِيمَ ۞ لا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَى مَا مَتَّعْنَا بِهِ أَزْوَاجاً مِنْهُمْ وَلا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِلْمُؤْمِنِينَ ۞﴾ «(نامازدا) تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى (يەنى سۈرە فاتىھەنى) ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ساڭا ئاتا قىلدۇق [87]. بەزى كاپىرلارنىڭ بىز بەھرىمەن قىلغان نەرسىلىرىگە كۆز سالمىغىن، ئۇلار (نىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) قايغۇرمىغىن، مۇئمىنلەرگە كەمتەر بولغىن [88]»[③].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَزَّلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ تِبْيَاناً لِكُلِّ شَيْءٍ وَهُدىً وَرَحْمَةً وَبُشْرَى لِلْمُسْلِمِينَ﴾ «ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇشخەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق»[④].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يَهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ الْمُؤْمِنِينَ الَّذِينَ يَعْمَلُونَ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْراً كَبِيراً ۞ وَأَنَّ الَّذِينَ لا يُؤْمِنُونَ بِالآخِرَةِ أَعْتَدْنَا لَهُمْ عَذَاباً أَلِيماً ۞﴾ «بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ [9]. (يەنە مۇئمىنلەرگە خۇشخەۋەر بېرىدۇكى،) ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق [10]»[⑤].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنُنَزِّلُ مِنَ الْقُرْآنِ مَا هُوَ شِفَاءٌ وَرَحْمَةٌ لِلْمُؤْمِنِينَ وَلا يَزِيدُ الظَّالِمِينَ إِلاَّ خَسَاراً﴾ «بىز مۇئمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت

① سۈرە ھۇد 1 ـ ئايەت.

② سۈرە ھىجر 9 ـ ئايەت.

③ سۈرە ھىجر 87 ـ ۋە 88 ـ ئايەت.

④ سۈرە نەھل 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

⑤ سۈرە ئىسرا 9 ـ ۋە 10 ـ ئايەتلەر.

بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لَئِنِ اجْتَمَعَتِ الْإِنْسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَنْ يَأْتُوا بِمِثْلِ هَذَا الْقُرْآنِ لا يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيراً﴾ «ئېيتقىنكى: <ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ>»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا أَنْزَلْنَا عَلَيْكَ الْقُرْآنَ لِتَشْقَى۞ إِلاّ تَذْكِرَةً لِمَنْ يَخْشَى۞ تَنْزِيلاً مِمَّنْ خَلَقَ الْأَرْضَ وَالسَّمَاوَاتِ الْعُلَى۞﴾ «قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس [2]، پەقەت (الله تىن) قورقىدىغانلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق [3]. ئۇ ــ زېمىننى ۋە (كەڭ) ئېگىز ئاسمانلارنى ياراتقان زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان [4]»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿تَبَارَكَ الَّذِي نَزَّلَ الْفُرْقَانَ عَلَى عَبْدِهِ لِيَكُونَ لِلْعَالَمِينَ نَذِيراً﴾ «پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر»④.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّهُ لَتَنْزِيلُ رَبِّ الْعَالَمِينَ۞ نَزَلَ بِهِ الرُّوحُ الْأَمِينُ۞ عَلَى قَلْبِكَ لِتَكُونَ مِنَ الْمُنْذِرِينَ۞ بِلِسَانٍ عَرَبِيٍّ مُبِينٍ۞ وَإِنَّهُ لَفِي زُبُرِ الْأَوَّلِينَ۞ أَوَلَمْ يَكُنْ لَهُمْ آيَةً أَنْ يَعْلَمَهُ عُلَمَاءُ بَنِي إِسْرائِيلَ۞﴾ «شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [192]. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى [193-194]. (قۇرئان) ئوچۇق ئەرەب تىلىدا (نازىل بولدى) [195]. ھەقىقەتەن قۇرئان ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرنىڭ) كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان [196]. (ئابدۇللاھ ئىبنى سالام

① سۈرە ئىسرا 82 ـ ئايەت.

② سۈرە ئىسرا 88 ـ ئايەت.

③ سۈرە تاھا 2 ـ، 3 ـ ۋە 4 ـ ئايەتلەر.

④ سۈرە فۇرقان 1 ـ ئايەت.

ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقان ھەمراھلىرىغا ئوخشاش) بەنى ئىسرائىل ئۆلىمالىرىنىڭ قۇرئاننى بىلىشى مۇشرىكلارغا (قۇرئاننىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بولمامدۇ؟ [197]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا تَنَزَّلَتْ بِهِ الشَّيَاطِينُ۞ وَمَا يَنْبَغِي لَهُمْ وَمَا يَسْتَطِيعُونَ۞﴾ «قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشكىنى يوق [210]. بۇ ئۇلارغا لايىق ئەمەس. ئۇلارمۇ (ئۇنىڭغا) قادىر بولالمايدۇ [211]»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بَلْ هُوَ آيَاتٌ بَيِّنَاتٌ فِي صُدُورِ الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ﴾ «ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش زالىملار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس)، قۇرئان ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە ساقلانغان روشەن ئايەتلەردۇر»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنْ هُوَ إِلاَّ ذِكْرٌ وَقُرْآنٌ مُبِينٌ۞ لِيُنْذِرَ مَنْ كَانَ حَيّاً وَيَحِقَّ الْقَوْلُ عَلَى الْكَافِرِينَ۞﴾ «ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز-نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر [69-70]»④.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُولُو الأَلْبَابِ﴾ «(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر»⑤.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللَّهُ نَزَّلَ أَحْسَنَ الْحَدِيثِ كِتَاباً مُتَشَابِهاً مَثَانِيَ تَقْشَعِرُّ مِنْهُ جُلُودُ الَّذِينَ يَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ إِلَى ذِكْرِ اللَّهِ ذَلِكَ هُدَى اللَّهِ يَهْدِي بِهِ مَنْ يَشَاءُ﴾ «الله سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلدى. (پاساھەتتە، بالاغەتتە) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، (ۋەز-نەسىھەتلەر، ئەھكاملار، قىسسىلەر ئۇنىڭدا) تەكرارلىنىدۇ، (قۇرئاندىكى ئازاب ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) پەرۋەردىگارىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى

① سۈرە شۇئەرا 192- ئايەتتىن 197- ئايەتكىچە.

② سۈرە شۇئەرا 210- ۋە 211- ئايەتلەر.

③ سۈرە ئەنكەبۇت 49- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

④ سۈرە ياسىن 69- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 70- ئايەت.

⑤ سۈرە ساد ئايەت 29- ئايەت.

تىترەيدۇ، ئاندىن الله نىڭ زىكرى ئۈچۈن (يەنى الله نىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتىگە دائىر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا)، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى يۇمشاپ (ئارام تاپىدۇ)، ئەنە شۇ (يەنى قۇرئان) الله نىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن (الله ) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِالذِّكْرِ لَمَّا جَاءَهُمْ وَإِنَّهُ لَكِتَابٌ عَزِيزٌ۞ لا يَأْتِيهِ الْبَاطِلُ مِنْ بَيْنِ يَدَيْهِ وَلا مِنْ خَلْفِهِ تَنْزِيلٌ مِنْ حَكِيمٍ حَمِيدٍ۞﴾ «شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار (قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)، شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر [41]. ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۇزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [42]»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَذَلِكَ أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ رُوحاً مِنْ أَمْرِنَا مَا كُنْتَ تَدْرِي مَا الْكِتَابُ وَلا الْإِيمَانُ وَلَكِنْ جَعَلْنَاهُ نُوراً نَهْدِي بِهِ مَنْ نَشَاءُ مِنْ عِبَادِنَا﴾ «شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَذَا بَصَائِرُ مِنْ رَبِّكُمْ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾ «بۇ ـــ (قۇرئاندا سىلەرگە) رەببىڭلار تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن دەلىللەردۇر (قۇرئان باشقا مۆجىزىلەرگە ئېھتىياج قالدۇرمايدۇ)، ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر»[4].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلا أُقْسِمُ بِمَوَاقِعِ النُّجُومِ۞ وَإِنَّهُ لَقَسَمٌ لَوْ تَعْلَمُونَ عَظِيمٌ۞ إِنَّهُ لَقُرْآنٌ كَرِيمٌ۞ فِي كِتَابٍ مَكْنُونٍ۞ لا يَمَسُّهُ إِلاَّ الْمُطَهَّرُونَ۞ تَنْزِيلٌ مِنْ رَبِّ الْعَالَمِينَ۞﴾ «يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن [75]. شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار الله نىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن)

[1] سۈرە زۇمەر 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فۇسسىلەت 41 ـ ۋە 42 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە شۇرا 52 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەئراف 203 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر [76]. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر [77]. كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر [78]. ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ [79]. ئۇ ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر [80]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَوْ أَنْزَلْنَا هَذَا الْقُرْآنَ عَلَى جَبَلٍ لَرَأَيْتَهُ خَاشِعاً مُتَصَدِّعاً مِنْ خَشْيَةِ اللَّهِ وَتِلْكَ الأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ «ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ الله تىن قورقانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (الله نىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا سَمِعْنَا قُرْآناً عَجَباً ۞ يَهْدِي إِلَى الرُّشْدِ فَآمَنَّا بِهِ﴾ «بىز، توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق [1]. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق»③.

يۇقىرىدا، قۇرئاننىڭ بىز نەقىل قىلغان كۆپ ۋە ئۇلۇغ سۈپەتلىرى ھەمدە بىز نەقىل قىلغاندىن باشقا سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسى — قۇرئاننىڭ ئۇلۇغلۇقى، قۇرئاننى ئۇلۇغلاشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى، ئۇنى تىلاۋەت قىلغاندا ئەدەپلىك بولۇش ۋە بىھۇدە ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى

❖ قۇرئان تىلاۋەت قىلغاندا نىيەتنى الله ئۈچۈن خالىس قىلىش

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بۈيۈك ئىبادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَادْعُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ﴾ «دىنىڭلارنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا الله قا ئىبادەت قىلىڭلار»④.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ﴾ «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان

① سۈرە ۋاقىئە 75 ـ ئايەتتىن 80 ـ ئايەتكىچە.

② سۈرە ھەشر 21 ـ ئايەت.

③ سۈرە جىن 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

④ سۈرە غافىر 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھالدا (يالغۇز) الله قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى»[①].

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اقرؤا القرآن وابتغوا به وجه الله عز وجل، من قبل أن يأتي قوم يقيمونه إقامة القدح، يتعجلونه ولا يتأجلونه» «قۇرئاننى خۇددى ئوقنى رۇسلىغاندەك رۇسلاپ ئوقۇيدىغان بىر قەۋملەر كېلىشتىن بۇرۇن قۇرئاننى ئوقۇڭلار، قۇرئان ئوقۇشتا الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدەڭلار، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى دۇنيادىلا ئالىدۇ، ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىمەيدۇ».[②]

❖ قەلب ھۇزۇرى بىلەن ئوقۇش، ئوقۇغىنىنى تەپەككۇر قىلىش، مەنىلىرىنى چۈشىنىش، ئوقۇغاندا قەلبىدىن قورقۇش ۋە قۇرئاندا الله شۇ كىشىگە خىتاب قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىش. چۈنكى، قۇرئان الله نىڭ سۆزىدۇر.

❖ تاھارەت بىلەن ئوقۇش

تاھارەت بىلەن ئوقۇش ــ الله نىڭ كالامىنى ئۇلۇغلىغانلىقتۇر. جۇنۇپ كىشى سۇ تاپالىسا يۇيۇنمىغۇچە؛ سۇ يوق ياكى كېسەل سەۋەبلىك سۇ ئىشلىتەلمىسە، تەيەممۇم قىلمىغۇچە قۇرئان ئوقۇمايدۇ لېكىن قۇرئان ئوقۇشنى نىيەت قىلماستىن، قۇرئانغا مۇۋاپىقلىشىدىغان: ﴿لَا إِلَٰهَ إِلَّا أَنتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ الظَّالِمِينَ﴾ «(رەببىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»[③] ياكى ﴿رَبَّنَا لَا تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنتَ الْوَهَّابُ﴾ «رەببىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن»[④] دېگەنگە ئوخشاش دۇئالار بىلەن دۇئا قىلسا ۋە الله نى ئەسلىسە بولىدۇ.

❖ پاسكىنا ئورۇنلاردا ياكى قىرائەتكە قۇلاق سالمايدىغان كىشىلەر توپى ئىچىدە ئوقۇماسلىق

---

① سۈرە بەييىنە 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ سۈرە ئەنبىيا 87- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

④ سۈرە ئال ئىمران 8- ئايەت.

بۇنداق ئورۇنلاردا قۇرئان ئوقۇش ــ قۇرئاننى خارلىغانلىقتۇر. ھاجەتخانىلاردا قۇرئان ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس چۈنكى ئۇنداق ئورۇنلار قۇرئان كەرىمگە لايىق ئەمەس.

❖ قۇرئان ئوقۇماقچى بولغاندا الله نىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغان شەيتاندىن الله قا سىغىنىپ پاناھ تىلەش

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ «سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتانىنىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) الله قا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن»[①].

شەيتاندىن پاناھ تىلەشتىن بولغان مەقسەت ــ قىرائەت قىلىشتىن ياكى قىرائەتنى كامىل قىلىشتىن شەيتانىنىڭ توسۇپ قويماسلىقى ئۈچۈندۇر. ئەمما «بِسْمِ اللَّهِ» دېيىش مەسىلىسىدە، قۇرئاننى سۈرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئوقۇسا «بِسْمِ اللَّهِ» دېمەيدۇ ئەمما سۈرىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئوقۇسا «بِسْمِ اللَّهِ» دەيدۇ لېكىن «سۈرە تەۋبە» نى بېشىدىن باشلاپ ئوقۇسىمۇ «بِسْمِ اللَّهِ» دېمەيدۇ چۈنكى ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) مۇسھەب (قۇرئان سەھىپىلىرى) نى يازغاندا، «سۈرە تەۋبە» نىڭ مۇستەقىل سۈرە ياكى «سۈرە ئەنفال» نىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە قىينىلىپ قېلىپ، ئىككى سۈرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى «بِسْمِ اللَّهِ» يازماستىن ئايرىغان.

❖ قۇرئاننى چىرايلىق ۋە مۇڭلۇق ئاۋازدا ئوقۇش

بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ما أذن الله لشيء ،كما أذن لنبي حسن الصوت يتغنى بالقرآن بجهر به» «الله تائالا ھېچبىر نەرسىگە، پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازنى چىرايلىق قىلىپ قۇرئاننى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن مۇڭلۇق ئوقۇغىنىغا قۇلاق سالغاندەك قۇلاق سېلىپ باقمىدى»[②].

جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «سمعت النبي ﷺ يقرأ في المغرب بالطور، فما سمعت أحداً أحسن صوتاً أو قراءة

[①] سۈرە نەھل 98ـ ئايەت.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

منه ﷺ» «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شام نامىزىدا تۇر سۈرىسىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، مەن ئۇنىڭ ئاۋازى ياكى قىرائىتىدىن چىرايلىق ھېچكىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىدىم».[1]

قارىنىڭ ئەتراپىدا، قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇسا ئەزىيەت تارتىدىغان، ئۇخلاۋاتقان، ناماز ئوقۇۋاتقان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر كىشى بولۇپ قالسا، ئەزىيەت بېرىدىغان ۋە ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنى تەشۋىشلەندۈرۈپ قويىدىغان دەرىجىدە قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇمايدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇۋاتقان ۋە ئۈنلۈك قىرائەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قېشىغا چىقىپ مۇنداق دېگەن: «كلكم يناجي ربه، فلا يجهر بعضكم على بعض في القرآن» «سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار رەببىگە مۇناجات قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىڭلار بەزىڭلارغا (ئازار بېرىپ) قۇرئاننى ئۈنلۈك ئوقۇمىسۇن».[2]

❖ قۇرئاننى تەرتىل بىلەن دانە-دانە ئوچۇق ئوقۇش

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَتِّلِ الْقُرْآنَ تَرْتِيلاً﴾ «قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە-دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن»[3]. دېمەك، قۇرئاننى سالماقلىق بىلەن ئالدىرىماي ئوقۇش لازىم چۈنكى ئالدىرىماي ئوقۇش — قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى تەپەككۇر قىلىشقا، ئۇنىڭ ھەرپ ۋە لەۋزىلىرىنى توغرا ئوقۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أنه سُئِل عن قراءة النبي ﷺ فقال: كانتْ مَدّاً ثم قرأ بسم الله الرحمن الرحيم يمدُّ بسم الله ويَمدُّ الرحمن ويمدُّ الرحيم» «ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىرائىتى توغرۇلۇق سورالغاندا، ئۇ: <پەيغەمبەر ﷺ سوزۇپ قىرائەت قىلاتتى> دېدى، ئاندىن <بسم الله الرحمن الرحيم> نى <بسم الله> دەپ سوزۇپ، ئاندىن <الرحمن> دەپ سوزۇپ، ئاندىن <الرحيم> دەپ سوزۇپ ئوقۇدى».[4]

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىرائىتى توغرىسىدا

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] مالىك توپلىغان، ئىبنى ئابدۇلبەر «سەھىھ» دېگەن.

[3] سۈرە مۇززەممىل 4- ئايەت..

[4] بۇخارى توپلىغان.

سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «كان يقطع قراءته آية آية، ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ ۞ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ۞ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ ۞ مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ ۞﴾» «پەيغەمبەر ﷺ: ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ ۞ الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ ۞ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ ۞ مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ ۞﴾ دەپ بىر ئايەت ـ بىر ئايەتتىن ئۈزۈپ ئوقۇيتتى».[1]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «لا تنثروه نثر الرمل، ولا تهذوه هذ الشعر، قفوا عند عجائبه، وحركوا به القلوب، ولا يكن هم أحدكم آخر السورة» «قۇرئاننى قۇم چاچقاندەك چېچىپ (ھەرپلىرىنى چۇشۇرۇپ قويۇپ) ئوقۇماڭلار، شېئىر ئوقۇغاندەك ئالدىراپ ئوقۇماڭلار، قۇرئاننىڭ ئاجايىباتلىرىدا توختاڭلار، مۇڭلۇق ئوقۇش بىلەن قەلبلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈڭلار، بىرىڭلارنىڭ مەقسىتى سۈرىنى ئاخىرلاشتۇرۇش بولۇپ قالمىسۇن».

بەزى ھەرپلەرنى چۈشۈرۈۋېتىپ ياكى ئىدغام قىلىپ ئوقۇش دۇرۇس بولمايدىغان ئورۇنلاردا، ھەرپلەرنى ئىدغام قىلىش ئارقىلىق لەۋزىنى بۇزۇپ ئوقۇش ھارامدۇر. ئەمما لەۋزىنى بۇزۇپ قويمايدىغان دەرىجىدە تېز ئوقۇسا ئۇنىڭدا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ چۈنكى لەۋزىنى بۇزۇپ قويىدىغان دەرىجىدە تېز ئوقۇش — قۇرئاننى ئۆزگەرتىۋېتىشتۇر.

❖ سەجدە ئايىتىدىن ئۆتكەندە، تاھارىتى بولسا كىچە ياكى كۈندۈزنىڭ قايسى ۋاقىتلىرىدا بولسۇن سەجدە قىلىدۇ.

❖ سەجدىگە تەكبىر ئېيتىپ چۈشۈپ: «سبحان ربي الأعلى» دەپ دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتماستىن، سالام بەرمەستىن سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرىدۇ چۈنكى سەجدىدىن كېيىن تەكبىر ئېيتىش ۋە سالام بېرىش ھەققىدە پەيغەمبەر ﷺ دىن دەلىل كەلمىگەن.

ئەگەر سەجدە (ئايىتى) نامازنىڭ ئىچىدە بولسا، سەجدە قىلغاندا ۋە سەجدىدىن تۇرغاندا تەكبىر ئېيتىدۇ چۈنكى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازدا سەجدىگە بارغان ۋە سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تەكبىر ئېيتىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن.[2]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ:

---

[1] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

«رأيت النبي ﷺ يكبر في كل رفع وخفض وقيام وقعود» «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەربىر (رۇكۇ ۋە سەجدىدىن)بېشىنى كۆتۈرگەندە، (رۇكۇ ۋە سەجدىگە) بېشىنى چۈشۈرگەندە، قىيامغا تۇرغاندا ۋە تەشەھھۇدقا ئولتۇرغاندا تەكبىر ئېيتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم».[1] بۇلار نامازنىڭ سەجدىسىگە ۋە نامازدىكى تىلاۋەت سەجدىسىگە ئورتاق بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار بولسا قۇرئان ئوقۇشنىڭ بەزى ئەدەپلىرى بولۇپ، ئۇ ئەدەپلەرگە ھېرىسمەن بولۇڭلار، ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈڭلار ۋە ئۇ ئەدەپلەر ئارقىلىق الله نىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلىڭلار!

ئى الله ! بىزلەرنى ھۆرمەتلىرىڭنى ئۇلۇغلىغان، ئىنئاملىرىڭغا ئېرىشكەن ۋە جەننەتلىرىڭگە ۋارىس بولغان كىشىلەردىن قىلغىن. ئى مېھرىبان الله ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلىسىگە، جىمى ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

---

[1] ئەھمەد، نەسائى ۋە تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى «سەھىھ» دېگەن.

## 14 - سۆھبەت

# روزىنى بۇزغۇچى ئامىللار

اللە قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! اللە كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. اللە ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، اللە تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللە نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَالآنَ بَاشِرُوهُنَّ وَابْتَغُوا مَا كَتَبَ اللَّهُ لَكُمْ وَكُلُوا وَاشْرَبُوا حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَكُمُ الْخَيْطُ الأَبْيَضُ مِنَ الْخَيْطِ الأَسْوَدِ مِنَ الْفَجْرِ ثُمَّ أَتِمُّوا الصِّيَامَ إِلَى اللَّيْلِ﴾ «ئەمدى ئۇلارغا (يەنى ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلىڭلار، اللە سىلەرگە

تەقدىر قىلغان نەرسىنى (يەنى پەرزەنتنى) تەلەپ قىلىڭلار؛ تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار»[①]. الله تائالا بۇ ئايەتتە روزىنى بۇزغۇچى ئاساسلىق ئامىللارنى بايان قىلدى.

پەيغەمبەر ﷺ روزىنى بۇزغۇچى ئامىللارنى تولۇق تىلغا ئالغان. روزىنى بۇزغۇچى ئامىللار يەتتە تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار:

بىرىنچى، جىما

جىما قىلىش — روزىنى بۇزغۇچى ئامىللارنىڭ ئىچىدىكى گۇناھ جەھەتتە ئەڭ چوڭى بولۇپ، روزىدار كىشى جىما قىلسا ئۇنىڭ روزىسى پەرز ياكى نەفلە بولسۇن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر روزا پەرز بولغان كىشى رامىزاندا كۈندۈزى جىما قىلسا، قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە ئېغىر كەففارەت بىرىشى ۋاجىب بولىدۇ. كەففارىتى — مۇئمىن قۇل ئازاد قىلىشتۇر، ئەگەر مۇئمىن قۇل تاپالمىسا، ئىككى ئاي ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتۇشتۇر. ئىككى ئاي ئارىلىقىدا روزا تۇتماسلىقنى ياكى روزىسىنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلماستىن، ئىككى ھېيت كۈنلىرى ۋە تەشرىق كۈنلىرىگە ئوخشاش شەرئىي ئۆزرە ياكى كېسەل ۋە ياكى سەپەرگە ئوخشاش ھېسسىي ئۆزرە تېپىلغاندىلا روزا تۇتمايدۇ ياكى روزىسىنى بۇزىدۇ. ئەگەر بىرەر كۈن ئۆزرىسىز روزا تۇتمىسا ياكى روزىسىنى بۇزسا، ئۇزۇلدۇرمەي تۇتۇشنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، روزىسىنى يېڭىدىن باشلاش ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر ئىككى ئاي ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىسا، 60 مىسكىنگە تائام بىرىدۇ، ھەر بىر مىسكىنگە ياخشى بۇغدايدىن 510 گرام بىرىدۇ.

ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇراھماندىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بينما نحن جلوس عند رسول الله ﷺ إذ جاء رجل، فقال يا رسول الله: هلكت قال: ما لك؟ قال: وقعت على امرأتي وأنا صائم، قال: هل تجد رقبة تعتقها؟ قال: لا، قال: فهل تستطيع أن تصوم شهرين متتابعين؟ قال: لا، قال: هل تجد إطعام ستين مسكينا قال: لا. قال: اجلس فأتي النبي ﷺ بعرق فيه تمر، ثم قال: أين السائل؟ قال: أنا، قال: خذ هذا فتصدق به فقال: على أفقر مني يا رسول الله، فوالله ما بين لابتيها - يريد الحرتين- أهل بيت أفقر من أهل بيتي، فضحك رسول الله ﷺ حتى بدت أنيابه، ثم قال: أطعمه أهلك» «بىر

① سۈرە بەقەرە 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، بىر ئادەم كېلىپ: <ئى الله نىڭ رەسۇلى! مەن تۈگەشتىم> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <نېمە بولدى؟> دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ كىشى: <روزىدار تۇرۇپ ئايالىمغا يېقىنچىلىق قىلىپ سالدىم> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <قۇل ئازاد قىلالامسەن؟> دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: <ياق> دېدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئىككى ئاي ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتالامسەن؟> دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم: <ياق> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنداقتا، 60 مىسكىننى تويغۇزالامسەن؟> دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم يەنە: <ياق> دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ جىم بولۇپ قالدى، بىز ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتۇق. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر ﷺ گە چوڭ بىر سېۋەتتە خورما كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ﷺ: <بايىقى ئادەم قېنى؟> دەپ سورىدى. ئۇ: <مانا مەن> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <بۇنى ئېلىپ سەدىقە قىلغىن!> دېدى. ئۇ ئادەم: <ئى الله نىڭ رەسۇلى! مەندىنمۇ كەمبەغەل بىرسى بارمىدۇ؟ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىككى سايلىقنىڭ ئارىسىدا (يەنى مەدىنىدە) مېنىڭ ئائىلەمدىنمۇ كەمبەغەل ئائىلە يوق> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ: <ئۇنداقتا، بۇنى ئۆز ئەھلىڭگە بەرگىن!> دېدى». [1]

ئىككىنچى، سۆيۈش، سىلاش، قول بىلەن لەززەتلىنىش ياكى باشقا ئىشلار بىلەن ئىختىيارى مەني چىقىرىش

روزىدار كىشى بۇ شەھۋەتلەردىن يىراق تۇرغاندىلا تۇتقان روزىسى دۇرۇس بولىدۇ. ھەدىس قۇددۇستا بۇ ھەقتە مۇنداق كەلگەن: «يدع طعامه وشرابه وشهوته من أجلي» «روزىدار كىشى (مېنىڭ رازىلىقىمنى دەپ) يېمەك-ئىچمىكىنى ۋە شەھۋىتىنى تەرك ئېتىدۇ». [2]

ئەمما، مەني چىقارماستىن سۆيۈش ۋە سىلاش روزىنى بۇزمايدۇ. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ كان يقبل وهو صائم، ويباشر وهو صائم، ولكنه كان أملككم لإربه» «پەيغەمبەر ﷺ روزىدار تۇرۇپ مېنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قوياتتى لېكىن ئۇ سىلەرگە قارىغاندا ئۆزىنى بەكرەك

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

تۇتۇۋالالايتتى». [1]

ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «سأل النبي ﷺ: أيقبل الصائم ؟ فقال النبي ﷺ: سل هذه (لأم سلمة) فأخبرته أن النبي ﷺ كان يصنع ذلك، فقال: يا رسول الله، قد غفر الله لك ما تقدم من ذنبك وما تأخر، فقال النبي ﷺ:أما والله إني لأتقاكم لله وأخشاكم له» «ئۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن: <روزىدار كىشى سۆيۈپ قويسا بولامدۇ؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <بۇ ئايالدىن سوراڭ!> دېدى. ئۇممۇ سەلەمە ئۇ كىشىگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى، ئۇ كىشى: <ئى رەسۇلۇللاھ! الله سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرگەن> دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئاگاھ بولغىن! الله بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا الله تىن ئەڭ قورقىمەن> دېدى». [2]

ئەگەر روزىدار كىشى سۆيۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئارقىلىق مەنىي چىقىپ كېتىشتىن ياكى شەھۋىتىنى تۇتۇۋېلىشى كۈچلۈك بولمىغانلىقتىن، تەدرىجىي جىماغا بېرىپ قېلىشتىن ئەنسىرىسە، شۇ ۋاقىتتا سۆيۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بولسا ۋاستىنى توسۇش ھەمدە ئۇ كىشىنى روزىسىنى بۇزۇۋېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھارام بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، روزىدار كىشى بۇرنىغا سۇ ئالغاندا، سۇ روزىدار كىشىنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كېتىپ، ئۇنىڭ روزىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبەر ﷺ روزىدار كىشىنى بۇرۇنغا سۇ ئالغاندا سۇنى دىماغقا يەتكۈزۈشتىن چەكلىدى. ئەمما ئېھتىلام بولۇش ياكى ئويلاش بىلەن مەنىي چىقىپ كەتسە روزىنى بۇزمايدۇ چۈنكى ئېھتىلام بولۇش روزىدار كىشىنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىش ئەمەس. شۇنداقلا ئويلاشمۇ ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن الله تجاوز عن أمتي ما حدثت به أنفسها ما لم تعمل أو تتكلم» «ئۇممىتىم كۆڭلىگە كەچكەن گۇناھلارغا ئەمەل قىلمىغان ياكى ئۇنى سۆزلىمىگەن بولسىلا الله تائالا ئۇممىتىمدىن ئۆتىۋەتتى». [3]

ئۈچىنچى، يەپ ـ ئىچىش

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يەپ ـ ئىچىش ــ ھەر قانداق يېمەكلىك ياكى ئىچىملىكنىڭ ئېغىز ياكى بۇرۇن يولى ئارقىلىق قورساققا يېتىپ بېرىشىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكُلُوا وَاشْرَبُوا حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَكُمُ الْخَيْطُ الْأَبْيَضُ مِنَ الْخَيْطِ الْأَسْوَدِ مِنَ الْفَجْرِ ثُمَّ أَتِمُّوا الصِّيَامَ إِلَى اللَّيْلِ﴾«تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار»[1].

لەقىت ئىبنى سەمۇرەدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ: «وبالغ في الاستنشاق، إلا أن تكون صائماً» «روزىدار بولمىساڭلا بۇرۇنغا سۇ ئالغاندا چېكىگە يەتكۈزگىن!»[2] دېگەنلىكى ئۈچۈن، بۇرۇنغا بىرەر نەرسە تېمىتىش ــ يەپ ـ ئىچىشكە ئوخشاشتۇر ئەمما پۇراقلارنى پۇراش روزىنى سۇندۇرمايدۇ چۈنكى پۇراقتا قورساققا بىر نەرسە كىرمەيدۇ.

تۆتىنچى، يەپ ـ ئىچىشنىڭ ئورنىدىكى نەرسىلەر

بۇ ئىككى قىسىمدۇر: بىرى، روزىدار كىشىنىڭ قان سالدۇرۇشى بولۇپ، بۇ ــ قان چىقىپ كېتىپ مۇسىبەتلەنگەندە قان سالغانغا ئوخشاشتۇر. قان سالدۇرۇش بىلەن روزا بۇزۇلىدۇ چۈنكى قان ــ يېمەك ـ ئىچمەك ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان غىزانىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى بولۇپ، بۇ، قان سېلىش بىلەن ھاسىل بولغان بولىدۇ.

يەنە بىرى، ئوزۇقلۇق تۇردىكى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان ئوكۇل بولۇپ، بۇ تۇردىكى ئوكۇلنى ئىشلەتكەندە روزا بۇزۇلىدۇ چۈنكى ئوزۇقلۇق تۇردىكى ئوكۇلنى سېلىشنىڭ ئۆزى گەرچە يەپ ـ ئىچىش بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەپ ـ ئىچىشنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئوزۇقلۇق تۇردىكى ئوكۇل سېلىشقا يەپ ـ ئىچىشنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ.

ئوزۇقلۇق تۇردىكى ئوكۇلدىن باشقا ئوكۇللارنى مۇسكۇل ياكى تومۇردىن سالسۇن، گەرچە ئوكۇلنىڭ ھارارىتى گالغا ھېس قىلىنسىمۇ روزىنى بۇزمايدۇ چۈنكى بۇنداق ئوكۇللار يەپ ـ ئىچىش ۋە يەپ ـ ئىچىشنىڭ ئورنىدىكى ئوكۇللار ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭغا يەپ ـ ئىچىشنىڭ ھۆكمى بېرىلمەيدۇ. يەپ ـ

[1] سۇرە بەقەرە 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد توپلىغان: ئىبنى ھەجەر، نەۋەۋى ۋە تىرمىزى «سەھىھ» دېگەن.

ئىچمەستىن، گالدا تەمىنى ھېس قىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى يوق.

فىقھشۇناس ئالىملار بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئاچچىق تاۋۇزغا يالاڭ ئاياغ دەسسىگەندە تاۋۇزنىڭ تەمىنى گېلىدا ھېس قىلسىمۇ روزا بۇزۇلمايدۇ».

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) «حقيقة الصيام» ناملىق رىسالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى <روزىنى بۇزىدۇ> دېگەن دەلىللەرنىڭ ئىچىدە: <روزىنى بۇزىدىغان نەرسىلەر بەدەنگە ۋە قورساققا يېتىپ بارسا ياكى كىرىش ئورۇنلىرىدىن ئىچىگە كىرسە — روزىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ> دەيدىغان دەلىل يوق. <الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمنىڭ باغلىنىش ئورنى بەدەنگە ۋە قورساققا يېتىپ بارسا ياكى كىرىش ئورۇنلىرىدىن ئىچىگە كىرسە> دەيدىغان كىشىلەرنىڭ قارىشىغا كەلسەك، ئەگەر الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھۆكۈمنى (يەنى روزىنىڭ بۇزۇلۇشىنى) بۇ سۈپەتكە (يەنى كىرىش ئورۇنلىرىدىن كىرسە ياكى قورساققا يېتىپ بارسا دېگەنگە) قاراتقانلىقىغا دەلىل بولمىسا، بۇ سۆز ئىگىلىرىنىڭ <الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (يېيىش ۋە ئىچىشنى) بۇ سۈپەتنىڭ سەۋەبىدىن (يەنى كىرىش ئورۇنلىرىدىن كىرگەنلىكى ياكى قورساققا يېتىپ بارغانلىقى ئۈچۈن) روزىنى بۇزغۇچى ئامىل قاتارىدىن قىلدى> دېگەن سۆزى ئىلىمسىزلىك بىلەن قىلىنغان سۆزدۇر».

بەشىنچى، لوڭقا قويۇش ئارقىلىق قان ئالدۇرۇش

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «أفطر الحاجم والمحجوم» «قان ئالدۇرغۇچى ۋە ئالغۇچىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ».[1]

مانا بۇ — ئىمام ئەھمەد ۋە كۆپلىگەن ھەدىس فىقھشۇناسلىرىنىڭ قارىشىدۇر.

قان ئېلىش — بەدەنگە خۇددى لوڭقا قويۇش تەسىر كۆرسەتكەندەك تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالسا، لوڭقا قويۇپ قان ئالغاننىڭ ئورنىدا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، پەرز روزا تۇتۇۋاتقان كىشىنىڭ قان تەقدىم قىلىش ئارقىلىق خەير-ئېھسان قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. پەقەت شۇنداق قىلىشقا قىستىلىپ،

[1] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

زۆرۈرىيەت شۇنداق قىلىشقا ئېلىپ بارسا ۋە قان ئېلىش سەۋەبلىك روزىدار كىشىگە زەرەر يېتىپ قالمىسا، زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن دۇرۇس بولىدۇ لېكىن شۇ كۈنى بۇزۇلغان روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

ئەمما بۇرنى قاناش، يۆتىلىش، بوۋاسىر، چىش تارتقۇزۇش، جاراھەتنى قاناش ياكى يېغنە سانجىش ئارقىلىق قاننىڭ چىقىشى روزىنى بۇزمايدۇ چۈنكى بۇ سەۋەبلەر بىلەن قاننىڭ چىقىشى لوڭقا قويۇش ھېسابلانمايدۇ ھەمدە لوڭقا قويغاننىڭ ئورنىدىمۇ تۇرمايدۇ. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر بەدەنگە، لوڭقا قويۇش تەسىر كۆرسەتكەندەك تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

ئالتىنچى، قەستەن قەي قىلىپ قۇسۇش

قەستەن قەي قىلىش ــ ئاشقازاندىكى تائام ياكى ئىچىملىكنى ئېغىز يولىدىن سىرتقا چىقىرىۋېتىشتۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «من ذرعه القيء فليس عليه قضاء، ومن استقاء عمداً فليقض» «ئۆزلۈكىدىن قۇسۇۋەتكەن كىشىگە روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش كەلمەيدۇ، قەستەن قۇسقان كىشى قازاسىنى قىلىدۇ».[1]

قەستەن قۇسۇش ــ مەيلى قورساقنى سىقىش ياكى گېلىغا بارمىقىنى تىقىشقا ئوخشاش ھەرىكەت بىلەن بولسۇن، مەيلى قۇسۇش ئۈچۈن بىرەر نەرسە پۇراش ياكى بىرەر نەرسىگە قاراش بىلەن بولسۇن، شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە روزا بۇزۇلىدۇ ئەمما قەي قىلىش سەۋەبسىز ھاسىل بولسا روزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئەگەر ئاشقازىنى بىئارام بولۇپ كەتسە قۇسۇشنى چەكلىمەيدۇ چۈنكى قۇسۇشنى چەكلەش زەرەر ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىدۇ، قۇسۇشقا ئۇرۇنمايدۇ ۋە قۇسۇشنى چەكلىمەيدۇ.

يەتتىنچى، ھەيز، نىپاس قېنىنىڭ چىقىشى

پەيغەمبەر ﷺ ئايال كىشى ھەققىدە: «أليس إذا حاضت لم تصل ولم تصم» «ئايال كىشى ھەيزدار ۋاقىتتا ناماز ئوقۇمايدۇ ۋە روزا تۇتمايدۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن.[2]

ئايال كىشى ھەيز ۋە نىپاسنىڭ قېنىنى كۆرسىلا، مەيلى كۈندۈزنىڭ باشلىرى ياكى ئاخىرىدا كۆرسۇن، ھەتتا كۈن پېتىشتىن بىر مىنۇت ئىلگىرى

[1] نەسائىدىن باشقا بەش ئىمام توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى توپلىغان.

كۆرسىمۇ روزىسى بۇزۇلىدۇ. ئەگەر ئايال كىشى قاننىڭ يۆتكىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا لېكىن قاننىڭ ئاشكارا بولۇشى كۈن پاتقاندىن كېيىن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ روزىسى دۇرۇس بولىدۇ.

روزىدار كىشىنىڭ روزىسى — رامىزان روزىسى، كەففارەت روزىسى ۋە نەزىر روزىغا ئوخشاش ۋاجىب روزا بولسا، روزىنى بۇزغۇچى ئامىلللارنى سادىر قىلىش ھارام بولىدۇ چۈنكى ۋاجىب روزىنى نىيەت قىلغان كىشىگە روزىنى تولۇق تۇتۇشى ۋاجىب بولىدۇ ئەمما روزا تۇتماسلىقنى ياكى روزىسىنى بۇزۇشىنى دۇرۇس قىلىدىغان (شەرئىي) ئۆزرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

رامىزاننىڭ كۈندۈزلىرى ئەگەر روزىدار كىشى دۇرۇس ئۆزرە بىلەن روزىنى سۇندۇرغان بولسا، كۈندۈزنىڭ قالغان قىسمىدا (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) توختىشى ۋاجىب بولىدۇ، قازاسىنى قىلىدۇ. رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتىكى ۋاجىب روزىنى (ئۆزرە بىلەن سۇندۇرغان بولسا) قازاسىنى قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ، (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) توختاش ۋاجىب بولمايدۇ. ئەمما، روزىدار كىشىنىڭ روزىسى نەفلە روزا بولۇپ قالسا، روزىسىنى ئۆزرىسىز بۇزۇشىمۇ دۇرۇس بولىدۇ، لېكىن روزىنى تولۇق تۇتۇشى ئەۋزەلدۇر.

قېرىنداشلىرىم، ئىتائەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈڭلار، گۇناھ ـ مەئسىيەت ۋە ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار، ئاسمان ـ زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى بولغان اللہ قا ئىلتىجا قىلىڭلار ۋە ئۇ زاتنىڭ سېخىيلىقىغا ئېرىشىشكە تىرىشىڭلار چۈنكى اللہ تائالانىڭ ئاتا ـ ئېھسانى ناھايىتى مولدۇر. بىلىڭلاركى، سىلەرگە دۇنيالىقتىن پەقەت سىلەرنىڭ ھەقىقىي ئىگەڭلار اللہ قا ئىتائەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ۋاقتىڭلارلا سىلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ۋاقىت كېتىشتىن بۇرۇن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىڭلار، زىيان تارتىشقا چۈشۈپ قېلىشتىن بۇرۇن، پايدىلىق ئەمەللەرنى لازىم تۇتۇڭلار!

ئى اللہ ! بىزلەرنى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىشكە، ياخشى ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولۇشقا مۇۋەپپەق قىلغىن. ئى اللہ ! بىزلەرگە پەزلى ـ ئېھسان قىلغىن، بىزلەرگە ئەپۇ قىلىش ۋە مەغپىرەت قىلىش بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. ئى اللہ ! بىزلەرگە ياخشىلىق يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بەرگىن، بىزلەرنى قىيىنچىلىقتىن يىراق قىلغىن، بىزلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەغپىرەت

قىلغىن. ئى الله ! بىزلەرگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىنى ۋە ئۇنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىگە كېلىشىمىزنى رىزىق قىلىپ بەرگىن. ئى ئالەملەرنىڭ رەببى! بىزلەرنى ئۇنىڭدىن بىر يۇتۇم سۇغارساڭ، بىز مەڭگۈ ئۇسسىمايمىز.

ئى الله ! سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ۋە ئۇنىڭ جىمى ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلغىن.

## 15 - سۆھبەت

## روزىنى بۇزغۇچى ئامىللار سەۋەبلىك روزىنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى بۇزۇلماسلىقىنىڭ شەرتلىرى ۋە روزىدار كىشى ئۈچۈن دۇرۇس بولىدىغان ئىشلار

اللە قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! اللە كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. اللە ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، اللە تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللە نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا

قىلىسۇن!

قېرىنداشلىرىم، ئىلگىرىكى سۆھبەتتە بايان قىلىنغان روزىنى بۇزغۇچى ئامىللاردىن ھەيز ۋە نىپاستىن باشقا، جىما ياكى قۇچاقلاش ئارقىلىق مەنىي چىقىش، يېيىش، ئىچىش ۋە يەپ-ئىچىشنىڭ ئورنىدىكى نەرسىلەر، لوڭقا قويۇش ئارقىلىق قان ئالدۇرۇش ۋە قەي قىلىش قاتارلىق ئامىللارنىڭ بىرەرسىنى روزىدار كىشى بىلىپ، ئېسىدە بار تۇرۇپ، ئىختىيارى ھالدا قىلسا روزىسى بۇزۇلىدۇ، بۇلار بۇزۇلۇشىدىكى ئۈچ شەرتتۇر.

❖ بىرىنچى شەرت: بىلگەن بولۇش

ئەگەر بىلمىسە روزىسى بۇزۇلمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿رَبَّنَا لا تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا﴾ «رەببىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن»[①].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ فِيمَا أَخْطَأْتُمْ بِهِ وَلَكِنْ مَا تَعَمَّدَتْ قُلُوبُكُمْ وَكَانَ اللَّهُ غَفُوراً رَحِيماً﴾ «سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[②].

روزىدار كىشىنىڭ شەرئىي ھۆكۈمنى بىلمىگەنلىكتىن روزىنى بۇزىدىغان بىرەر ئىشنى «روزىنى بۇزمايدۇ» دەپ ئويلاپ قىلىشى ياكى سوھۇرلۇق يېيىشنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىنى بىلەلمىگەنلىكتىن «تاڭ يورىمىدى» دەپ ئويلاپ قىلىپ تاڭ يورىغاندا بىر نەرسە يېيىشى ۋە ياكى «قۇياش پاتتى» دەپ ئويلاپ قىلىپ، قۇياش پاتمىغان بولسىمۇ بىر نەرسە يېيىشكە ئوخشاش ھالەتلەرنىڭ ھەممىسىدە روزا بۇزۇلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «لما نزلت هذه الآية: ﴿حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَكُمُ الْخَيْطُ الأَبْيَضُ مِنَ الْخَيْطِ الأَسْوَدِ﴾ عمدت إلى عقالين: أحدهما أسود والآخر أبيض، فجعلتهما تحت وسادتي، وجعلت أنظر إليهما، فلما تبين لي الأبيض من الأسود أمسكت، فلما أصبحت غدوت إلى رسول الله ﷺ فأخبرته بالذي صنعتُ، فقال النبي ﷺ: إن وسادك إذن لعريض؛ إن كان

① سۇرە بەقەرە 286- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۇرە ئەھزاب 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الخيط الأبيض والأسود تحت وسادك، إنما ذلك بياض النهار وسواد الليل» «<تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپتىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورىغانغا) قەدەر يەڭلار>[1] دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولغان ۋاقىتتا، مەن بىر تال قارا يىپ بىلەن بىر تال ئاق يىپنى ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويدۇم ۋە ئۇنىڭغا قاراشقا باشلىدىم. ماڭا قارا يىپ ئاق يىپتىن ئاشكارە بولغاندا (سوھۇرلۇق يېيىشتىن) توختىدىم. تاڭ يورىغاندا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ قىلغان ئىشىمنى خەۋەر قىلسام، پەيغەمبەر ﷺ: <ئەگەر ئاق يىپ بىلەن قارا يىپ ياستۇقۇڭنىڭ ئاستىغا سىغقان بولسا، ياستۇقۇڭ ھەقىقەتەن كەڭرى ئىكەن. ئۇ سەن ئويلىغاندەك (يىپ) ئەمەس، بەلكى كېچىنىڭ قاراڭغۇسى بىلەن كۈندۈزنىڭ يورۇقى> دېدى».[2]

دېمەك، ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاڭ يورۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ سوھۇرلۇق يېگەن، ھەتتا ئۇ قارا يىپ بىلەن ئاق يىپنى پەرقلەندۈرەلىگۈچە توختىمىغان. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇمىغان چۈنكى ئۇ ھۆكۈمنى بىلمىگەن ئىدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «أفطرنا في عهد النبي ﷺ يوم غيم ثم طلعت الشمس» «بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدە بۇلۇتلۇق بىر كۈندە ئىپتار قىلدۇق، ئاندىن كېيىن قۇياش چىقتى».[3]

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلارنى قازاسىنى قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى تىلغا ئالمىدى چۈنكى ئۇلار ۋاقىتنى بىلەلمىگەن ئىدى، ئەگەر ئۇلارنى قازاسىنى قىلىشقا بۇيرىغان بولسا ئەلۋەتتە نەقىل قىلىنغان بولاتتى چۈنكى بۇ مۇھىم ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن نەقىل قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى تولۇق ئىدى.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) «حقيقة الصيام» ناملىق رىسالىسىدە مۇنداق دېگەن: «ھەدىس نەقىل قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان

[1] سۈرە بەقەرە 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى توپلىغان.

ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، ئاتىسى ئۇرۋەدىن ئۇلارنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلمىغانلىقىنى نەقىل قىلغان».

لېكىن، تېخى كۈندۈز ئىكەنلىكىنى ۋە قۇياشنىڭ تېخى پاتمىغانلىقىنى بىلسە، قۇياش پاتقانغا قەدەر توختايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىر كىشى «تاڭ يورىمىدى» دەپ ئويلاپ، تاڭ يورىغاندىن كېيىنمۇ يېگەن بولسا، ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى تاڭنىڭ يورۇپ بولغانلىقىنى بىلسە، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى دۇرۇس بولىدۇ، قازاسىنى قىلمايدۇ چۈنكى بۇ كىشى ۋاقىتنى بىلەلمىدى. شۈبھىسىزكى، الله تائالا بۇ كىشىگە تاڭ يورىغانلىقىنى ئاشكارا بىلگەنگە قەدەر يېيىش ۋە ئىچىشكە رۇخسەت قىلغان، رۇخسەت قىلىنغان مۇباھ ئىشنى قىلغان كىشى قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ.

❖ ئىككىنچى شەرت: ئېسىدە بار بولۇش

ئەگەر ئۇنتۇپ قېلىپ يېگەن بولسا روزىسى دۇرۇس بولىدۇ، قازاسىنى قىلمايدۇ. بۇنىڭغا «سۈرە بەقەرە»نىڭ يۇقىرىدىكى ئايىتى دەلىلدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «من نسي وهو صائم فأكل أو شرب فليتم صومه، فإنما أطعمه الله وسقاه» «روزىدار ئادەم ئېسىدە يوق بىر نەرسە يەپ ياكى ئىچىپ سالسا، روزىسىنى بۇزۇۋەتمەي تولۇقلىۋەرسۇن. ئۇنى يېگۈزگەن ۋە ئىچكۈزگەن الله تۇر».[1]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ روزىنى تولۇقلىۋېرىشكە بۇيرىغانلىقى — ئۇ كىشىنىڭ روزىسىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇنتۇپ قالغۇچىغا يېگۈزۈش ۋە ئىچكۈزۈشنى الله قا نىسبەت بېرىشى — الله نىڭ ئۇ كىشىنى جازالىمايدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. لېكىن قاچان ئېسىگە كەلسە ياكى باشقىلار تەرىپىدىن (ئۆزىنىڭ روزىدار ئىكەنلىكى) ئەسلىتىلسە توختايدۇ ۋە ئېغىزىدىكى تائامنىڭ قالدۇقىنى تۈكۈرۈۋېتىدۇ، گەرچە شۇ ۋاقىتتا ئېغىزىدا تائامنىڭ قالدۇقى قالغان بولسىمۇ، ئۆزرىسى يوقالغان بولىدۇ. روزىدار كىشىنىڭ بىرەر نەرسە يەپ-ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىگە ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشى ۋاجىب بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى﴾

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

«ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار». [1]

❖ ئۈچىنچى شەرت: ئىختىيارى قىلغان بولۇش

يەنى روزىنى بۇزغۇچى ئامىللارنى ئۆز ئىختىيارلىقى ۋە ئىرادىسى بويىچە قىلغان بولۇشىدۇر. ئەگەر (باشقىلار تەرىپىدىن روزىنى بۇزۇشقا) مەجبۇرلانغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى دۇرۇس بولىدۇ، قازاسىنى قىلمايدۇ چۈنكى قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرغان ھالەتتە كۇپرىنى سۆزلىگەن كىشىدىن الله تائالا «كۇفرىلىق» ھۆكۈمىنى كۆتۈرۈۋەتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ كَفَرَ بِاللَّهِ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِهِ إِلاَّ مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالإِيمَانِ وَلَكِنْ مَنْ شَرَحَ بِالْكُفْرِ صَدْراً فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِنَ اللَّهِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «كىمكى الله قا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، ــ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ــ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ» [2].

كۇفرىغا مەجبۇرلانغان كىشىدىن الله تائالا «كۇفرىلىق» ھۆكۈمىنى كۆتۈرۈۋەتكەن يەردە، كۇفرىلىقتىن تۆۋەن بولغان ئىشلاردا كۆتۈرۈۋېتىشى تېخىمۇ ئېنىق. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «إن الله تجاوز عن أمتي الخطأ والنسيان وما استكرهوا عليه» «ھەقىقەتەن الله تائالا ئۈممىتىمدىن خاتالىشىپ، ئۇنتۇپ قېلىپ ۋە مەجبۇرلىنىپ (قىلغان ئىشنىڭ گۇناھىنى) ئۆتۈۋەتتى». [3]

ئەگەر بىر كىشى روزىدار ئايالىنى جىما قىلىشقا مەجبۇرلىسا، ئايالىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ ۋە ئۇ ئايالغا قازاسىنى قىلىش كەلمەيدۇ. ئەر كىشىنىڭ روزىدار ئايالىنى جىماغا مەجبۇرلىشى ھالال بولمايدۇ لېكىن ئايال كىشى ئېرى بار ھالەتتە ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز نەفلە روزا تۇتۇۋالغان بولسا، بۇ ھالەتتە مەجبۇرلاش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.

ئەگەر روزىدار كىشىنىڭ قورسىقىغا ئىختىيارسىز ھالەتتە چاڭ ـ توزان ياكى بىرەر نەرسە كىرىپ كەتسە ۋە ياكى ئېغىز ـ بۇرنىغا سۇ ئالغاندا ئىختىيارسىز

---

[1] سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نەھل 106 ـ ئايەت.

[3] ئىبنى ماجە ۋە بەيھەقى توپلىغان، نەۋەۋى «ھەسەن» دېگەن.

ھالەتتە قورسىقىغا سۇ كىرىپ كەتسە، ئۇنىڭ روزىسى دۇرۇس بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قازاسىنى قىلىش كەلمەيدۇ.

روزىدار كىشى سۇرمە تارتسا ياكى كۆزىگە دورا ئىشلەتسە، گەرچە شۇ دورىنىڭ تەمىنى گېلىدا ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ روزىسى بۇزۇلمايدۇ چۈنكى بۇ نەرسىلەر يەپ-ئىچىش ۋە يەپ-ئىچىشنىڭ ئورنىدىكى نەرسىلەر ئەمەس. قۇلاققا دورا تېمىتىش، جاراھەتكە دورا چاپلاشتەك ئىشلاردا گەرچە دورىنىڭ تەمىنى گېلىدا ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ روزىسى بۇزۇلمايدۇ چۈنكى بۇ نەرسىلەر يەپ-ئىچىش ۋە يەپ-ئىچىشنىڭ ئورنىدىكى نەرسىلەر ئەمەس. ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) «حقيقة الصيام» ناملىق رىسالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: [كىتاب ۋە سۈننەتتە بۇ نەرسىلەرنىڭ روزىنى بۇزىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان دەلىل يوق، شۇ سەۋەبتىن بىز بۇ نەرسىلەرنى روزىنى بۇزغۇچى ئامىللار ئەمەس دەپ بىلىمىز چۈنكى روزا — ئومۇمىي ۋە ئايرىم كىشىلەر تونۇشقا موھتاج بولىدىغان ئىبادەت بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەگەر بۇ ئىشلار الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى روزىدا ھارام قىلغان، شۇ ئارقىلىق روزا بۇزۇلىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولغان بولسا، ئۇنى بايان قىلىپ بېرىش پەيغەمبەر ﷺ گە ۋاجىب بولغان بولاتتى. ئەگەر بايان قىلغان بولسا، ساھابىلەر ئۇنى بىلىپ شەرىئەتنىڭ قالغان قىسىملىرىنى ئۈممەتكە يەتكۈزگەندەك يەتكۈزگەن بولاتتى. ئىلىم ئەھلىلىرىدىن بىرەر كىشىنىڭ شۇ نەرسىلەر ھەققىدە سەھىھ ياكى زەئىپ ۋە ياكى مۇرسەل ھەدىس نەقىل قىلمىغانلىقىدىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ ھەقتە بايان قىلمىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

سۇرمە ھەققىدىكى «پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن كۆزىگە خۇشبۇي سۇرمە سۈرۈشكە بۇيرۇپ ئەمما <روزىدار كىشى سۇرمىدىن ساقلانسۇن> دېگەن» دېگەن ھەدىس زەئىپ بولۇپ، بۇ ھەدىسنى پەقەت ئەبۇ داۋۇدلا توپلىغان، ئەبۇ داۋۇدتىن باشقىلار توپلىمىغان ھەمدە ئەبۇ داۋۇد: <يەھيا ئىبنى مەئىين ماڭا بۇ ھەدىسنىڭ مۇنكەر ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى> دېگەن».

ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۈممەت تونۇشقا موھتاج بولغان ھۆكۈملەرنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئومۇمىي بايان قىلىپ بېرىشى ۋە ئۈممەتنىڭ ئۇ ھۆكۈملەرنى نەقىل قىلىشى زۆرۈردۇر. ئۈممەتنىڭ نەقىل

قىلمىغانلىقىدىن، بۇ ئىشلارنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دىنىدىن ئەمەسلىكى بىلىنىدى».

تائامنى تېتىپ باققان ئەمما يۇتمىغان بولسا روزا بۇزۇلمايدۇ. خۇشپۇراقنى ۋە چاچىدىغان خۇشپۇراقنى پۇراش بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ لېكىن چاچىدىغان خۇشپۇراقنىڭ بۇسىنى سۈمۈرۈشكە بولمايدۇ چۈنكى ئۇنىڭ ھاۋاغا ئۆرلەيدىغان پارچىلىرى بولۇپ، گاھى ئاشقازانغا يېتىپ قالىدۇ. ئېغىز ۋە بۇرۇنغا سۇ ئېلىش بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ لېكىن بەك چېكىگە يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ چۈنكى گاھىدا سۇ قورساققا كىرىپ كېتىپ قالىدۇ.

لەقىت ئىبنى سىبرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «أسبغ الوضوء، وخلل بين الأصابع، وبالغ في الاستنشاق إلا أن تكون صائماً» «تاھارەتنى كامىل ئالغىن، بارماقلىرىڭنىڭ ئارىسىنى يۇغىن، ئەگەر روزىدار بولمىساڭلا ئېغىز-بۇرنۇڭنى ياخشى چايقىغىن». ①

مىسۋاك ئىشلىتىش بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ بەلكى كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرىدا مىسۋاك ئىشلىتىش — روزا تۇتمىغان ھالەتكە ئوخشاشلا سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «لولا أن أشق على أمتي لأمرتهم بالسواك عند كل صلاة» «ئەگەر ئۈممىتىمگە قىيىنچىلىق كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، ئۇلارنى ھەر نامازدا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇيتتىم». ② بۇ ھەدىس روزىدارلارغا، روزىدارلاردىن باشقىلارغا ۋە ھەممە ۋاقىتقا ئورتاقتۇر.

ئامىر ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «رأيت النبي ﷺ ما لا أحصى يتسوك وهو صائم» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ روزىدار ھالىتىدە ساناپ بولالمىغۇدەك مىسۋاك ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم». ③

روزىدار كىشىنىڭ چىش پاستىسى بىلەن چىشلىرىنى چوتكىلىشى توغرا ئەمەس چۈنكى چىش پاستىسىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، تۈكۈرۈكى بىلەن بىرگە قورساققا كىرىپ كېتىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. مىسۋاك ئىشلەتكەندە چىش پاستىسىدىن بىھاجەت بولغىلى بولىدۇ.

---

① ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئىبنى خۇزەيمە «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

روزىدارنىڭ سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە ئارقىلىق ئۆزىدىكى قاتتىق ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرىنى ۋە ئۇسسۇزلۇقىنى يەڭگىللىتىشى دۇرۇس.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەزى ساھابىلىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «رأيت النبي ﷺ بالعرج ،يصب الماء على رأسه وهو صائم من العطش أو من الحر» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <ئەرج> دېگەن ئورۇندا ئۇسسۇزلۇق ياكى قاتتىق ئىسسىقنىڭ سەۋەبىدىن، روزىدار ھالەتتە بېشىغا سۇ تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم». ①

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ روزىدار ھالىتىدە كىيىمىنى ھۆللەپ ئۇستىگە تاشلىۋالاتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خۇددى كۆلدەك ئويۇلغان تېشى بار بولۇپ، ئىسسىپ كەتسە روزىدار ھالىتىدە سۇغا چۈشەتتى. ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «روزىدار كىشى ئېغىزىنى چايقىسا ۋە سۇ بىلەن ئۆزىنى سوۋۇتسا، روزىغا تەسىرى بولمايدۇ». ئىمام بۇخارى (رەھىمەھۇللاھ) ئۆزىنىڭ «سەھىھ بۇخارى» ناملىق كىتابىدا ھەدىسنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن بۇ ئەسەرلەرنى تىلغا ئالغان.

قېرىنداشلىرىم، الله قا روشەن دەلىل بىلەن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، الله نىڭ دىنىنى مۇكەممەل چۈشىنىڭلار چۈنكى بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولمايدۇ. الله كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇ كىشىنى دىندا ئالىم قىلىدۇ.

ئى الله ! بىزلەرنى دىنىڭدا ئالىم قىلغىن، ئىلىمگە ئەمەل قىلىشنى بىزلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگىن، بىزلەرنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن، مۇئمىن ھالەتتە ۋاپات تاپقۇزغىن، بىزلەرنى سالىھلارغا قوشقىن. ئى مېھرىبان الله ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا-ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلىسىگە، جىمى ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

① مالىك ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

# 16 ـ سۆھبەت
# زاكات ھەققىدە

ﷲ قا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! ﷲ كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ﷲ ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر. ﷲ تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان ﷲ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ ﷲ نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ﷲ تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلاَّ لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلاَةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ﴾ «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ﷲ قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ﷲ قىلا ئىبادەت

قىلىشقا بۇيرۇلدى؛ نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَأَقْرِضُوا اللَّهَ قَرْضاً حَسَناً وَمَا تُقَدِّمُوا لِأَنْفُسِكُمْ مِنْ خَيْرٍ تَجِدُوهُ عِنْدَ اللَّهِ هُوَ خَيْراً وَأَعْظَمَ أَجْراً﴾ «(پەرز) نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، اللهقا قەرزىي ھەسەنە بېرىڭلار (يەنى الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىڭلار)، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قايسىبىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، الله نىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسىلەر (دۇنيا بولسا پانىيدۇر، ئاخىرەت بولسا باقىيدۇر، ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن الله نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ھەممىدىن ئارتۇقتۇر)»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا آتَيْتُمْ مِنْ رِباً لِيَرْبُوَ فِي أَمْوَالِ النَّاسِ فَلا يَرْبُو عِنْدَ اللَّهِ وَمَا آتَيْتُمْ مِنْ زَكَاةٍ تُرِيدُونَ وَجْهَ اللَّهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُضْعِفُونَ﴾ «سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىرەر پۇل ـ مال بەرسەڭلار، الله نىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ (يەنى <كىشىلەر بەرگىنىمدىن جىقراق قايتۇرسۇن> دېگەن نىيەت بىلەن بېرىلگەن سوۋغىنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدا ساۋابى بولمايدۇ)، الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلار (ياكى ئېھسانىڭلار) غا ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ»③.

زاكاتنىڭ پەرزلىكى ھەققىدىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ.

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بنى الإسلام على خمسة، على أن يوحد الله، وإقام الصلاة، وإيتاء الزكاة، وصيام رمضان، والحج» «ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار: الله نى يەككە ـ يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش، نامازنى بەرپا قىلىش، زاكات بېرىش، رامىزان روزىسى تۇتۇش ۋە ھەج قىلىشتىن ئىبارەتتۇر». ④

① سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت.

② سۈرە مۇززەممىل 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە رۇم 39 ـ ئايەت.

④ مۇسلىم توپلىغان.

بىر كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: «<ھەج قىلىش ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتۇش> دەپ ئاڭلىدىڭمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «ياق، مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن <رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ۋە ھەج قىلىش> دەپ ئاڭلىغان ئىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە بىر نەقىلدە: «<ﷲ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ﷲ نىڭ ئەلچىسىدۇر> دەپ گۇۋاھلىق بېرىش» دەپ كەلگەن، ئاخىرى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش.

دېمەك، زاكات ــ ئىسلام ئاساسلىرى ۋە ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ﷲ ئەززە ۋە جەللەنىڭ كىتابىنىڭ كۆپ ئورۇنلىرىدا ناماز بىلەن بىرگە كەلگەن.

مۇسۇلمانلار زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە كەسكىن ئىجماغا كەلگەن. كىمكى زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلسا، كاپىر بولۇپ ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ. كىمكى زاكاتقا بېخىللىق قىلسا ياكى زاكاتنى كېمەيتىۋەتسە، زالىملاردىن بولۇپ ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

زاكات تۆت تۈرلۈك نەرسىدە ۋاجىب بولىدۇ:

بىرىنچى، زېمىندىن چىققان دان ۋە مېۋىلەر

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنْفِقُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُمْ مِنَ الأَرْضِ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار»[1].

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَآتُوا حَقَّهُ يَوْمَ حَصَادِهِ﴾«مېۋە (نىڭ ھوسۇلى) نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقىتتا)، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار»[2].

مالنىڭ ئەڭ چوڭ ھەققى ــ زاكاتتۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «فيما سقت السماء أو كان عثرياً العشر، وفيما سقي بالنضح نصف العشر» «يامغۇر سۈيىدە سۇغۇرۇلىدىغان يەردىن ياكى نەم يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرى زاكاتقا بېرىلىدۇ، باشقا ئۇسۇللاردا سۇغۇرۇلىدىغان يەردىن چىققان

---

[1] سۈرە بەقەرە 267 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئەنئام 141 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ».[1]

نىسابقا يەتمىگۈچە زاكات ۋاجىب بولمايدۇ، نىسابى ــ بەش ۋەسەقتۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ليس في حب ولا ثمر صدقة حتى يبلغ خمسة أوسق» «بەش ۋەسەقتىن ئاز بولغان دان ۋە مېۋە-چېۋىگە زاكات كەلمەيدۇ».[2]

بىر ۋەسەق ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆلچىمىدىكى سا بويىچە ئۆلچەنگەندە 60 سادۇر، دېمەك، نىسابنىڭ ئۆلچىمى 300 سا بولىدۇ. ياخشى بۇغداي بىلەن ئۆلچىنگەندە، بىر سا ــ ئىككى كىلو 40 گىرامغا تەڭ بولىدۇ. دېمەك، نىسابنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى 612 كىلوگىرام بولىدۇ، بەش ۋەسەقتىن ئاز بولغان دانغا زاكات كەلمەيدۇ.

زاكاتنىڭ مىقدارى: مۇشەققەتسىز (يەنى يامغۇر بىلەن) سۇغۇرۇلغان يەرلەردە ئوندىن بىرى تولۇق بېرىلىدۇ، مۇشەققەت بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان يەرلەردە ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ.

مېۋە-چېۋە، سەي-كۆكتات ۋە قوغۇن-تاۋۇزغا زاكات ۋاجىب بولمايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سەي-كۆكتاتلارغا زاكات كەلمەيدۇ». ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئالما ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مېۋىلەرگە زاكات كەلمەيدۇ». چۈنكى، بۇ نەرسىلەر دانلىق زىرائەت ئەمەس لېكىن ئەگەر بۇ نەرسىلەر دەرھەمگە سېتىلغان بولسا، يىل ئۆرۈلگەندە ئۇنىڭ پۇلىدىن (نىسابقا يەتسە) زاكات بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى، چارۋا ماللار

ئۇلار: تۆگە، كالا، قوي (ئۆچكىمۇ قوينىڭ قاتارىدا) قاتارلىقلار بولۇپ، ئەگەر سۈت سېغىش ۋە نەسىل قالدۇرۇش ئۈچۈن يايلاقتا بېقىلغان بولسا، نىسابقا يەتسە زاكات ۋاجىب بولىدۇ. تۆگىنىڭ نىسابى بەش تۇياق، كالىنىڭ نىسابى 30 تۇياق، قوينىڭ نىسابى 40 تۇياق.

«يايلاقتا بېقىلغان» دېگەننىڭ مەنىسى ــ بىر يىلنىڭ ھەممىسىدە ياكى بىر يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا ئادەملەر ئۇرۇق سالماستىن ئۆسكەن ئوت-چۆپلەرنى يەپ ئوتلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر يايلاقتا بېقىلمىغان بولسا زاكات

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

ۋاجىب بولمايدۇ لېكىن ئىلىم-سېتىم ۋە كەسىپ قىلىش ئۈچۈن تىجارەتكە تەييارلاپ قويغان بولسا زاكات ۋاجىب بولىدۇ. دېمەك، تىجارەتكە تەييارلانغان چارۋا ماللار مەيلى يايلاقتا بېقىلسۇن ياكى ھەلەپ ئېتىپ بېقىلسۇن، تىجارەت قىلىپ شۇ مالنىڭ ئۆزى نىسابقا يەتسۇن ياكى تىجارەتكە قوشۇلغاندا نىسابقا يەتسۇن، ئوخشاشلا زاكات ۋاجىب بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئالتۇن-كۈمۈش قايسى ھالەتتە بولسۇن زاكات ۋاجىب بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلا يُنْفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُمْ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنُوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ هَذَا مَا كَنَزْتُمْ لأنْفُسِكُمْ فَذُوقُوا مَا كُنْتُمْ تَكْنِزُونَ۞﴾ «ئالتۇن-كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى الله نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن [34]. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: <بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلار (سىلەر الله نىڭ بۇ دۇنيايىڭلاردىكى ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار> دېيىلىدۇ [35]»[①].

ئايەتتىكى «ئالتۇن-كۈمۈش يىغىش» تىن كۆزدە تۇتۇلغىنى — ئالتۇن-كۈمۈشنى الله يولىدا چىقىم قىلماسلىقتۇر. الله يولىدا چىقىم قىلىشنىڭ كاتتىسى — ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىشتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ما من صاحب ذهب ولا فضة لا يؤدي منها حقها إلا إذا كان يوم القيامة، صفحت له صفائح من نار، فأحمي عليها في نار جهنم، فيكوى بها جنبه وجبينه وظهره، كلما بردت أعيدت له، في يوم كان مقداره خمسين ألف سنة، حتى يقضى بين العباد» «قىيامەت كۈنى ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان كۈندە، الله تائالا بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ بولغانغا قەدەر، ئالتۇن-كۈمۈش (لېگەندەك) كەڭ قىلىنىپ، جەھەننەمنىڭ ئوتى بىلەن قىزىتىلىپ، ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشىنىڭ بېقىنى، پېشانىسى ۋە دۈمبىسى داغلىنىپ

[①] سۈرە تەۋبە 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 35- ئايەت.

تۇرىدۇ، ئۇلار سوۋۇپ قالغان هامان ئوتتا قايتا قىزىتىلىپ تۇرۇلىدۇ». [1]

ئالتۇن-كۈمۈش مەيلى نەق پۇللۇق ياكى خام ئالتۇن بولسۇن، مەيلى سېلىنىدىغان ياكى ئارىيەت بېرىلىدىغان زىبۇ-زىننەت بولسۇن، ئالتۇن-كۈمۈش ھەققىدىكى زاكاتنىڭ ۋاجىبلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەلىللەر ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن، زاكات بېرىش ۋاجىب بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن امرأة أتت النبي ﷺ ومعها ابنة لها، وفي يد ابنتها مسكتان غليظتان من ذهب ،فقال لها النبي ﷺ:أتعطين زكاة هذا ؟ قالت: لا، قال: أيسرك أن يسورك الله بهما يوم القيامة سوارين من نار ؟ قال: فخلعتهما فألقتهما إلى النبي ﷺ، وقالت: هما لله ورسوله» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا بىر ئايال قىزىنى ئېلىپ كەلدى، قىزىنىڭ قولىدا چوڭ ئىككى ئالتۇن بىلەيزۈك بار ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالغا: <بۇنىڭ زاكىتىنى بېرەمسىز؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئايال: <ياق> دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: <قىيامەت كۈنى بۇ ئىككى بىلەيزۈكنىڭ ئورنىغا الله نىڭ ئوتتىن ئىككى بىلەيزۈك سېلىپ قويۇشىنى خالامسىز؟> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ئىككى بىلەيزۈكنى چىقىرىپ پەيغەمبەر ﷺ گە بەردى ۋە: <بۇ، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى ئۈچۈن بولسۇن> دېدى». [2]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «دخل علي رسول الله ﷺ فرأى في يدي فتخات من ورِق فقال النبي ﷺ: ما هذا ؟ فقلت: صنعتهن أتزين لك يارسول الله، قال: أتؤدين زكاتهن ؟ قالت: لا، أو ما شاء الله، قال: هو حسبك من النار» «پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ قېشىمغا كىرىپ قولۇمدىكى كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى كۆرۈپ: <ئى ئائىشە، بۇ نېمە؟> دەپ سورىدى. مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ، مەن بۇلارنى ساڭا چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ياساتتىم> دېگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <بۇلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلامسەن؟> دەپ سورىدى. مەن: <ياق ياكى الله خالىسا> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <بۇ، ئوتقا كىرىشىڭگە يېتەرلىك> دېدى». [3]

ئالتۇن نىسابقا يەتمىسە زاكات ۋاجىب بولمايدۇ، ئالتۇننىڭ نىسابى 20

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

دىناردۇر چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ئالتۇن ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ليس عليك شيء حتى يكون لك عشرون ديناراً» «سەندە 20 دىنار ئالتۇن بولمىسا زاكات كەلمەيدۇ». [1]
دىنار دېگىنىمىزدە — ئېغىرلىقى بىر مىسقالغا يېتىدىغان ئىسلامىي دىنار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر مىسقالنىڭ ئېغىرلىقى 4.25 گىرام، ئۇنداقتا ئالتۇننىڭ نىسابى 85 گىرام بولىدۇ.

كۈمۈش نىسابقا يەتمىسە زاكات ۋاجىب بولمايدۇ، كۈمۈشنىڭ نىسابى بەش ئۇقىيەدۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ليس فيما دون خمس أواق صدقة» «(كۈمۈش) بەش ئۇقىيەگە يەتمىسە زاكات ۋاجىب بولمايدۇ». [2]

بىر ئۇقىيە ئىسلامىي ئۆلچەمدە 40 دەرھەمدۇر، بىر دەرھەم 2.975 گىرام بولىدۇ، ئۇنداقتا كۈمۈشنىڭ نىسابى 595 گىرام بولىدۇ.

ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ 1/10 نىڭ 1/4 ى (يەنى 1/40 ى) زاكاتقا ئايرىلىدۇ. قەغەز پۇللارغىمۇ زاكات ۋاجىب بولىدۇ چۈنكى قەغەز پۇللار كۈمۈشنىڭ ئورنىدا بولۇپ، كۈمۈشنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ، ئەگەر كۈمۈشنىڭ نىسابىغا يەتسە ئۇنىڭغا زاكات ۋاجىب بولىدۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە قەغەز پۇللار مەيلى يېنىدا بار بولسۇن ياكى كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە بولسۇن زاكات ۋاجىب بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئېنىق بولغان قەرزدە، مەيلى ئۇ قەرز بولسۇن ياكى سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلى بولسۇن ۋە ياكى ئىش ھەققى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پۇل بولسۇن زاكات ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر قەرز، قەرزنى بېرەلەيدىغان باينىڭ ئۇستىدە بولسا، قەرز ئىگىسى ھەر يىلى ئۆزىنىڭ مېلىغا قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى قەرزنى قوشۇپ زاكىتىنى بېرىدۇ ياكى قەرزنىڭ زاكىتىنى قولىغا ئالغۇچە كېچىكتۈرۈپ، قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئۆتۈپ كەتكەن ھەربىر يىلنىڭ زاكىتىنى بېرىدۇ. ئەگەر قەرز، قىيىنچىلىقتا قالغان ياكى قەرزنى كەينىگە سوزۇۋاتقان كىشىدە بولۇپ قالسا، قەرزنى ئۇنىڭدىن ئېلىش قىيىن بولسا، قەرزنى قولىغا ئالغان يىلى زاكىتىنى بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن يىللارغا زاكات بەرمەيدۇ.

ئالتۇن ـ كۈمۈش كانلىرىدىن باشقا مەدەن كانلىرىدىن چىققان بايلىقلار گەرچە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن قىممەت بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا زاكات ۋاجىب

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولمايدۇ لېكىن تىجارەت ئۈچۈن ئىشلىتىلسە تىجارەتتىن زاكىتىنى بېرىدۇ.

تۆتىنچى، تىجارەت دەسمايىلىرى

تىجارەت دەسمايىلىرى — ئۆي، زېمىن، ھايۋانات، يېمەك ـ ئىچمەك، ماشىنا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك ماللاردىن تىجارەت قىلىش ياكى ھۈنەر ـ كەسىپ قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇ نەرسىلەرنى ھەر يىلى يىل ئۆرۈلگەندە نورمال باھادا باھالاپ، شۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتى سېتىۋالغان قىممىتىدىن ئاز ياكى كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتى بويىچە 1/10 نىنىڭ 1/4نى (يەنى 1/40نى) زاكاتقا ئايرىيدۇ.

ئىستىمال بۇيۇملىرى، ئەسۋابلار، زاپچاسلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممە نەرسىسىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ، شۇ نەرسىلەرنىڭ زاكىتىنى ئايرىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىنچىكە ھېسابلاشتا قىينىلىپ قالسا، ھەممىنى جەملەپ مۆلچەرلەپ، زىممىسى پاك بولغىدەك مىقداردا زاكات ئايرىيدۇ.

ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان زىبۇ ـ زىننەتتىن باشقا، ئىنسان ئۆز ھاجىتى ئۈچۈن تەييارلىغان يېمەك ـ ئىچمەك، مال ـ بىسات، ئولتۇراق ئۆي، ھايۋانات، ماشىنا ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرگە ئوخشاش نەرسىلەردە زاكات ۋاجىب بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ليس على المسلم في عبده ولا فرسه صدقة» «مۇسۇلماننىڭ قۇلى ۋە ئېتىغا زاكات ۋاجىب بولمايدۇ».[①]

ئىجارە بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي ـ زېمىن، ماشىنا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردە زاكات ۋاجىب بولمايدۇ، لېكىن شۇ نەرسىلەرنىڭ ئىجارىسى نەق پۇل بولسا، يىل ئۆرۈلسە ۋە ئۆزى بىۋاستە نىسابقا يەتسە ياكى شۇ تۈردىكى مالغا قوشۇلغاندا نىسابقا يەتسە، شۇ نەرسىنىڭ زاكىتىنى بېرىش ۋاجىب بولىدۇ.

قېرىنداشلىرىم، ماللىرىڭلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى ئادا قىلىش ئارقىلىق نەپسىڭلارنى پاكلاڭلار. زاكاتنى ئادا قىلىش زىيان ئەمەس بەلكى بايلىق ۋە پايدىدۇر. زاكات بېرىش ۋاجىب بولغان مالنىڭ ھەممىسىنى ئىنچىكە ھېسابلاڭلار، الله تىن قىلغان چىقىمىڭلارنى قوبۇل قىلىشنى

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

سوراڭلار، قولۇڭلاردا قالغان مۇلۇكۇڭلارغا بەرىكەت تىلەڭلار.

بارلىق ھەمدۇ-سانالار ئالەملەرنىڭ رەببى ﷲ قا خاستۇر. ﷲ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلىسىگە ۋە جىمى ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

# 17 - سۆھبەت
# زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولىدىغان كىشىلەر

اللهقا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! الله كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. الله ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر. الله تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ الله نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ

﴿وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ﴾ «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، اللە نىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ اللە نىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، اللە (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»①.

اللە تائالا ئۆز ئىلمى، ھېكمىتى، ئادىللىقى ۋە رەھمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، بۇ ئايەتتە زاكاتنى سەرپ قىلىدىغان ئورۇنلار ۋە زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولىدىغان كىشىلەرنى بايان قىلىپ، ئۇلارنى مۇشۇ سەككىز تۈرگە بېكىتىپ بەردى ۋە زاكاتنى ئۇلارغا سەرپ قىلىشنىڭ زۆرۈر پەرز ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇ تەقسىماتنىڭ اللە نىڭ ئىلمى ۋە ھېكمىتىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. شۇڭلاشقا، بۇنىڭدىن ھالقىپ كېتىش ۋە زاكاتنى بۇلاردىن باشقا ئورۇنغا سەرپ قىلىش دۇرۇس ئەمەس چۈنكى اللە تائالا مەخلۇقاتلىرىغا نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر ۋە شەيئىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئەڭ ھېكمەتلىكتۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾ «(اللە قا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە، ھۆكۈمدە اللە تىنمۇ ئادىل كىم بار»②.

❖ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈردىكى كىشىلەر: پېقىر ۋە مىسكىنلەر

بۇلار ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك تاپالمايدىغان، نەق پۇلى ياكى مۇقىم تۇرمۇش پۇلى، شۇغۇللىنىدىغان كەسپى، يېتەرلىك كىرىمى ۋە باشقىلارنىڭ ئۈستىگە ۋاجىب بولۇپ يۈكلەنگەن نەپىقىسىمۇ يوق كىشىلەردۇر، شۇڭا بۇلار خەيرخاھلىق قىلىشقا ۋە ياردەمگە موھتاجدۇر.

ئالىملار مۇنداق دېگەن: «بۇلارغا ۋە بۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئىككىنچى يىلى زاكاتنىڭ ۋاقتى كەلگۈچە، تولۇق بىر يىل يەتكۈدەك مال زاكاتتىن ئايرىپ بېرىلىدۇ. ئۆيلىنىشكە ئېھتىياجلىق بولغان پېقىر كىشىنىڭ ئۆيلىنىشىگە يېتەرلىك مال زاكاتتىن بېرىلىدۇ. دىنىي ئىلىم ئېلىۋاتقان

① سۈرە تەۋبە 60 ـ ئايەت.

② سۈرە مائىدە 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پېقىر كىشىنىڭ ئۆزى ئېھتىياجلىق كىتابنى سېتىۋېلىشىغا زاكاتتىن بېرىلىدۇ. تۇرمۇش پۇلى بار لېكىن ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى قامدىيالمايدىغان كىشىگىمۇ زاكاتتىن تولۇقلاپ بېرىلىدۇ چۈنكى ئۇ موھتاج كىشىدۇر. ئەمما يېتەرلىك مېلى بار كىشى گەرچە سورىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا زاكاتتىن بېرىش دۇرۇس ئەمەس بەلكى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇنى ئۆزىگە ھالال بولمايدىغان مالنى سوراشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋاجىب بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «لا تزال المسألة بأحدكم حتى يلقى الله عز وجل وليس في وجهه مزعة لحم» «بىرىڭلار تىلەمچىلىك قىلىۋېرىپ، ھەتتاكى الله ئەززە ۋە جەللەگە يۈزىدە گۆش دىدارى قالمىغان ھالدا ئۇچرىشىدۇ».[1]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «من سأل الناس أموالهم تكثراً فإنما يسأل جمراً، فليستقل أو ليستكثر» «مېلىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى سورىغان ئادەم ھەقىقەتتە ئوتنى سورىغان بولىدۇ. ئۇ يا ئوتنى ئازايتسۇن، يا ئوتنى كۆپەيتسۇن».[2]

ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «إن هذا المال خضرة حلوة، فمن أخذه بسخاوة نفس بورك له فيه، ومن أخذه بإشراف نفس لم يبارك له فيه، وكان كالذي يأكل ولا يشبع، واليد العليا خير من اليد السفلى» «ھەقىقەتەن مال-دۇنيا ــ شېرىن ۋە تاتلىقتۇر. كىمكى ئۇنى نەپسىنىڭ قانائەتى بىلەن ئالسا، ئۇ بەرىكەت قىلىندۇ؛ كىمكى تاما بىلەن ئالسا، يەپ تويمىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇ بەرىكەت قىلىنمايدۇ. ئۈستۈن قول (بەرگەن قول) تۆۋەن قول (ئالغان قول)دىن ياخشىدۇر» دېگەن.[3]

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «لا يفتح عبد باب مسألة إلا فتح الله عليه باب فقر» «بەندە تىلەمچىلىك ئىشىكىنى ئاچسا، الله تائالا ئۇنىڭغا كەمبەغەللىكنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىدۇ».[4]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

قارىماققا زاكاتتىن بىھاجەتتەك كۆرۈنىدىغان، تۇرمۇش ئەھۋالى نامەلۇم بىر كىشى زاكاتتىن سورىسا، ئۇنىڭغا باي ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان كىشىنىڭ زاكاتتا نېسىۋىسى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، زاكاتتىن بېرىش دۇرۇس بولىدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا ئىككى ئادەم كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ دىن سەدىقە سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى كۆزەتكەندىن كېيىن ئۇ ئىككىسىنى كۈچى بار دەپ قاراپ، ئاندىن: «إن شئتما أعطيتكما، ولاحظ فيها لغني ولا لقوي مكتسب» «خالىساڭلار مەن سىلەرگە بېرەي لېكىن باي، كەسىپ قىلالايدىغان ۋە كۈچلۈك كىشىنىڭ زاكاتتا نېسىۋىسى يوق» دېدى.[1]

❖ ئۈچىنچى تۈردىكى كىشىلەر: زاكات خادىملىرى

بۇلار — زاكات بېرىشكە تېگىشلىك كىشىلەردىن زاكاتنى يىغىپ كېلىشكە، ئۇنى ساقلاپ ۋە يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئىش ئىگىلىرى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن كىشىلەردۇر. گەرچە بۇلار باي بولسىمۇ، قىلغان ئەمىلىگە قارىتا زاكاتتىن بېرىلىدۇ. ئەمما بىر شەخسنىڭ زاكىتىنى تارقىتىشقا ۋەكىل قىلىنغانلار بولسا زاكات خادىملىرى ھېسابلانمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار زاكاتتىن ھېچنەرسىگە ھەقلىق بولالمايدۇ. ئەگەر ئۇلار زاكاتنى ھەقلىق بولىدىغان كىشىلەرگە تارقىتىشتا ئامانەتدارلىق ۋە تىرىشچانلىق بىلەن خالىسانە خىزمەت قىلسا، زاكاتنىڭ ساۋابىغا شېرىك بولىدۇ. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «الخازن المسلم الأمين الذي ينفذ ما أمر به فيعطيه كاملا موفرا طيبة به نفسه فيدفعه إلى الذي أمر له به، أحد المتصدقين» «بۇيرۇقنى جايىدا ئورۇنلايدىغان، بېرىشكە تېگىشلىكنى كۆڭۈل ئازادىلىك بىلەن تولۇق بېرىدىغان، كىمگە بېرىشكە بۇيرۇلسا شۇنىڭغا بېرىدىغان ئىشەنچىلىك مۇسۇلمان ئامبارچى — سەدىقە بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ».[2] ئەگەر ئۇلار زاكاتنى تارقىتىشقا خالىسانە خىزمەت قىلمىسا، مال ئىگىسى ئۇلارغا زاكاتتىن بەرمەستىن بەلكى ئۆز مېلىدىن بېرىدۇ.

❖ تۆتىنچى تۈردىكى كىشىلەر: دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار

[1] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

بۇلار ئىمانى ئاجىز ياكى (مۇسۇلمانلارغا) يامانلىق قىلىشتىن ئەندىشە قىلىنىدىغان كىشىلەردۇر. بۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈش ياكى يامانلىقىنى چەكلەندۈرۈشى ئۈچۈن مال بېرىشتىن باشقا ئامال بولمىسا، ئۇلارغا زاكاتتىن بېرىلىدۇ.

❖ بەشىنچى تۈردىكى كىشىلەر: ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن خوجايىنلىرى بىلەن پۈتۈشكەن قۇللار

بۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىۋېلىشى ئۈچۈن خوجايىنلىرىغا تاپشۇرىدىغان مال زاكاتتىن تولۇقلاپ بېرىلىدۇ. زاكاتقا قۇل سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋېتىش ھەم دۇرۇس بولىدۇ. مۇسۇلمانىنى زاكات ئارقىلىق ئەسىرلىكتىن قۇتقۇزۇش دۇرۇس چۈنكى بۇ «الرِّقَابِ» دېگەن ئام لەۋزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

❖ ئالتىنچى تۈردىكى كىشىلەر: تۆلەمنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان قەرزدارلار

بۇلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى، ئارىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە پىتنىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي تۆلەمنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشىدۇر. مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش، پىتنىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈش، ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئېسىل ئەمەلگە بۇ كىشىنى جۈرئەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭغا ئۈستىگە ئالغان تۆلەم مىقدارىدا زاكاتتىن بېرىلىدۇ.

قەبىسە ھىلالى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: [مەن (ماجىرالاشقان ئىككى تەرەپنى تۈزەپ قويۇش ئۈچۈن) بىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۆلىمىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالغان ئىدىم، بۇ توغرۇلۇق ياردەم سوراپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدىم: «فقال النبي ﷺ أقم حتى تأتينا الصدقة فنأمر لك بها، ثم قال: يا قبيصة، إن المسألة لا تحل إلا لأحد ثلاثة: رجل تحمل حمالة فحلت له المسألة حتى يصيبها ثم يمسك» «پەيغەمبەر ﷺ: <تۇرۇپ تۇرغىن، بىزگە سەدىقە كەلسە ساڭا شۇنى بۇيرۇپ بېرەيلى> دېدى. ئاندىن: <ئى قەبىسە! سوراش پەقەت ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە ھالال بولىدۇ. (ئارىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن) باشقىلارنىڭ ئىقتىسادىي تۆلىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشى، بۇ كىشىگە ئۈستىگە ئالغان تۆلىمى ئۈچۈن يېتەرلىك نەرسە سورىشى ھالال بولىدۇ، (ئۇنىڭدىن ئارتۇق) سورىماسلىقى كېرەك...> دېدى»].[1] قەبىسە

[1] مۇسلىم توپلىغان.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى تولۇق بايان قىلغان.

يەنە بىرى، زىممىسىدە قەرز بار لېكىن قەرزنى ئادا قىلىشقا يېنىدا مېلى يوق كىشىدۇر. بۇ كىشىنىڭ قەرزى گەرچە كۆپ بولسىمۇ، قەرزنى ئادا قىلغۇدەك مال زاكاتتىن بېرىلىدۇ ياكى مال قەرزدارغا تاپشۇرۇلماستىن قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇلسىمۇ بولىدۇ چۈنكى ئۇنى قەرز ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق قەرزدارنىڭ زىممىسىدىن قەرزنىڭ پاكلىنىشىدىن ئىبارەت مەقسەت ھاسىل بولىدۇ.

❖ يەتتىنچى تۈر: الله يولىغا سەرپ قىلىش

بۇ بولسىمۇ قىزىققانلىق، تەرەپبازلىق ئۈچۈن ئەمەس بەلكى الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى مەقسەت قىلىنغان الله يولىدىكى جىھادتۇر. بۇنداق نىيەت بىلەن جىھاد قىلغان كىشىگە، جىھادىغا يەتكۈدەك مال زاكاتتىن بېرىلىدۇ ياكى ئىسلامنى ھىمايە قىلىش، قوغداش ۋە الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن الله يولىدا جىھاد قىلغانلارغا قورال ـ ياراق ۋە كېرەكلىك نەرسىلەر سېتىۋېلىنىدۇ.

❖ سەككىزىنچى تۈردىكى كىشىلەر: ئىبنى سەبىللەر

بۇ — سەپىرى ئۈزۈلۈپ قالغان ۋە قولىدىكى مېلى تۈگەپ كەتكەن مۇساپىردۇر. بۇ كىشى گەرچە ئۆز شەھىرىدە باي بولسىمۇ ۋە تۇرۇۋاتقان شەھەردە ئۆزىگە قەرز بېرىپ تۇرىدىغان كىشىنى تاپالىسىمۇ، بۇ كىشىگە ئۇنى ئۆز شەھىرىگە يەتكۈزۈپ قويغۇدەك مال زاكاتتىن بېرىلىدۇ لېكىن بۇ كىشىنىڭ ھەقلىق بولمىغان سەۋەبلەر بىلەن زاكاتتىن ئازغىنە نەپىقىنى يېنىدا بىللە ئېلىۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس.

زاكات كاپىرغا بېرىلمەيدۇ بىراق ئۇ دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار قاتارىدىن بولسا، ئۇنىڭغا بېرىش دۇرۇس بولىدۇ.

تىجارەتچى، ھۈنەر ـ كەسپچى، تۇرمۇش يولى، كىرىمى ياكى باشقىلارنىڭ ئۈستىگە ۋاجىب بولۇپ يۈكلەنگەن چىقىملىرى سەۋەبلىك زاكاتتىن بىھاجەت بولغان كىشىگە زاكات بېرىلمەيدۇ، بىراق زاكات خادىملىرى، الله يولىدىكى مۇجاھىدلار ياكى ئارىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن (تۆلەمنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان) قەرزدار كىشى بۇنىڭ سىرتىدا.

زاكات باشقا بىر ۋاجىبنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن، زاكات مېھمانغا زىياپەتنىڭ ئورنىدا بېرىلمەيدۇ. نەپىقە قىلىش ۋاجىب بولغان ئائىلە ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ۋاجىب نەپىقىسىنىڭ ئورنىدىمۇ بېرىلمەيدۇ. ئۇنى ۋاجىب بولغان نەپىقىسىدىن سىرت، ئائىلىغا ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا بېرىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئائىلە ئۆز قەرزىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالمىسا، ئائىلىنىڭ قەرزىنى زاكىتى بىلەن ئادا قىلىسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئاتا-ئانىسى ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن بىرەر كىشى قەرزىنى ئادا قىلىشقا قادىر بولالمىسا، زاكىتى بىلەن ئۇنى ئادا قىلىش ھەم دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ چىقىملىرىنى قامداش ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىب بولمىسا، زاكىتىنى ئۇلارغا بېرىش دۇرۇس بولىدۇ چۈنكى ئۇلارغا ياكى ئۇلارغا ئوخشاش كىشىلەرگە نەپىقە قىلىش ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ.

ئايال كىشىنىڭ ئۆز زاكىتىنى ئېرىنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىش ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان بىر ئىش ئۈچۈن ئېرىگە بېرىشى دۇرۇس چۈنكى الله تائالا زاكاتقا ھەقلىق بولۇشنى بىز بايان قىلغان كىشىلەرنى ۋە ئۇلاردىن باشقا كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي سۈپەتلەرگە باغلىدى، شۇڭلاشقا بىر كىشى ئۇنىڭدىن پەقەت ئايەت-ھەدىس ياكى ئىجما بىلەنلا چىقىپ كېتىدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «جاءت زينب امرأة ابن مسعود، فقالت: يا رسول الله، إنّك أمرت اليوم بالصّدقة، وكان عندي حلي لي، فأردْت أن أتصدّق به، فزعم ابن مسعود أنّه وولده أحقّ من تصدّقت به عليهم، فقال النّبيّ ﷺ صدق ابن مسعود، زوجك وولدك أحقّ من تصدّقت به عليهم» «ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېلىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ھەقىقەتەن سەن بۈگۈن سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇدۇڭ، مېنىڭ يېنىمدا زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىم بار ئىدى، مەن ئۇنى سەدىقە قىلىشنى ئويلىغانىدىم لېكىن ئىبنى مەسئۇد ئۆزىنى ۋە بالىسىنى مەن سەدىقە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ھەقلىقى دەپ قارايدىكەن› دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئىبنى مەسئۇد راست ئېيتىپتۇ، سەن سەدىقە قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشى سېنىڭ ئېرىڭ ۋە بالاڭدۇر› دېدى».[1]

سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق

[1] بۇخارى توپلىغان.

دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «الصدقة على الفقير صدقة، وعلى ذوي الرحم صدقة وصلة» «پېقىرغا سەدىقە قىلىش سەدىقىدۇر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سەدىقە قىلىش ــ سەدىقە ھەم سىلە ـ رەھىمدۇر».①

زاكاتقا ھېسابلاپ پېقىر كىشىدىكى قەرزنى ساقىت قىلىۋېتىش دۇرۇس ئەمەس چۈنكى زاكات دېگەن قولغا ئېلىش ۋە بېرىشتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىن»②.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن الله افترض عليهم صدقة، تؤخذ من أغنيائهم فترد على فقرائهم» «الله تائالا ئۇلارغا زاكاتنى پەرز قىلدى، زاكات ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىنىدۇ ۋە كەمبەغەللىرىگە بېرىلىدۇ».③

پېقىر كىشىدىن قەرزنى ساقىت قىلىۋېتىش ــ قولىغا ئېلىش ۋە قولىغا بېرىش ئەمەس چۈنكى پېقىر كىشىنىڭ زىممىسىدىكى قەرز بولسا قەرز ئىگىسى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلالمايدىغان غايىب قەرزدۇر، شۇڭلاشقا ئۇنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلالايدىغان نەق مالغا ھېسابلاش كۇپايە قىلمايدۇ چۈنكى قەرز ــ كۆڭۈلدە نەق مالدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنى زاكاتقا ھېسابلاش ناچار نەرسىنى ئېسىل نەرسىگە ھېسابلاشتۇر.

ئەگەر زاكات بەرمەكچى بولغان كىشى تىرىشچانلىق قىلىپ، زاكىتىنى زاكات ئېلىشقا لايىق دەپ قارىغان بىر كىشىگە بەرسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ زاكاتقا ھەقلىق ئەمەسلىكى ئايدىڭ بولسا، زاكات ئۇ كىشىدىن ساقىت بولىدۇ چۈنكى ئۇ كىشى قادىر بولۇشچە اللهقا تەقۋالىق قىلغان بولىدۇ. الله تائالا ئىنساننى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «بىر ئادەم: <الله بىلەن قەسەمكى، (بۇ كېچە) چوقۇم سەدىقە قىلىمەن> دېدى...». ئەبۇ ھۇرەيرە ھەدىسنى تولۇق بايان قىلغان ۋە ھەدىسنىڭ داۋامىدا: «فوضعها في يد غني، فأصبح الناس يتحدثون: تصدق على غني. فقال:

---

① نەسائى، تىرمىزى، ئىبنى خۇزەيمە ۋە ھاكىم توپلىغان، ھاكىم بۇ ھەدىسنى «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

② سۈرە تەۋبە 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

الحمد لله على غني، فأتى فقيل: أما الغني فلعله يعتبر فينفق مما أعطاه الله» «بۇ ئادەم سەدىقىسىنى (بىلمەستىن) بايغا بەردى، ئەتىسى كىشىلەر: <بىر بايغا سەدىقە قىلىنىپتۇ> دېيىشتى، ئۇ ئادەم: <بايغا (سەدىقە بەرگەنلىكىم ئۈچۈن) الله قا ھەمدە ئېيتىمەن> دېدى، كېيىن ئۇ كىشىگە (چۈشىدە): <ئەمما باي (سېنىڭ بەرگەن سەدىقەڭدىن) ئىبرەت ئېلىپ، الله نىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىدىن سەدىقە بېرىشى مۇمكىن> دېيىلدى» دېگەن.[1] مۇسلىمنىڭ نەقلىدە: «ئەمما سېنىڭ سەدىقەڭ قوبۇل قىلىندى» دېيىلگەن.

مەئىن ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان أبي يخرج دنانير يتصدق بها، فوضعها عند رجل في المسجد، فجئت فأخذتها فأتيته بها، فقال: والله ما إياك أردت، فخاصمته إلى النبي ﷺ، فقال النبي ﷺ: لك ما نويت يا يزيد، ولك ما أخذت يا معن» «دادام بىر قانچە دىنارنى سەدىقە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى مەسجىدتىكى بىر ئادەمنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغانىكەن، مەن بېرىپ (دادامنىڭ قويۇپ قويغانلىقىنى بىلمەستىنلا) ئۇ دىنارلارنى ئېلىپ كەلدىم. دادام: <الله بىلەن قەسەمكى، (مەن بۇ دىنارلارنى ساڭا سەدىقە قىلىشنى) ئىرادە قىلمىغان ئىدىم> دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <ئى يەزىد، ساڭا نىيىتىڭگە يارىشا ئەجىر بېرىلىدۇ؛ ئى مەئىن، ئالغىنىڭ ساڭا تەۋە بولىدۇ> دېدى».[2]

قېرىنداشلىرىم، زاكات الله تائالا بەلگىلەپ بەرگەن ئورۇنغا بېرىلمىگۈچە كۈپايە قىلمايدۇ ۋە قوبۇل قىلىنمايدۇ، شۇڭلاشقا، ـــ الله سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن، ـــ زىممەڭلاردىن زاكاتنى ئادا قىلىش، ماللىرىڭلارنى پاكلاش، رەببىڭلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش، سەدىقىلىرىڭلارنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن، زاكاتنى ئۆز ئورنىغا بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىڭلار ۋە تىرىشچانلىق قىلىڭلار! الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر، بارلىق ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ رەببى الله قا خاستۇر.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنىچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

## 18 - سۆھبەت

# بەدر غازىتى

اللە قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! اللە كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. اللە ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر. اللە تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللە نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، اللە تائالا بۇ مۇبارەك ئايدىكى چوڭ بەدر غازىتىدا

مۇسۇلمانلارغا مۇشرىك دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم بەرگەن ئىدى، ئۇ كۈن «ئايرىش كۈنى» دەپ ئاتالغان چۈنكى الله تائالا ئۇ كۈندە پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە ياردەم بېرىش، كاپىر-مۇشرىكلارنى خار قىلىش ئارقىلىق ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىغان. بۇ غازات ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى رامىزان ئېيىدا بولغان ئىدى.

**بۇ غازاتنىڭ سەۋەبى**

ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قۇرەيش كارۋىنى بىلەن شامدىن مەككىگە قاراپ ماڭغانلىق خەۋىرى پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنى كارۋاننى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بەدرگە چىقىشقا چاقىردى چۈنكى قۇرەيش مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەھدە يوق ئىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى يۇرت-ماكانىدىن، ماللىرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن ۋە ھەق دەۋىتىگە قارشى چىققان ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئۇلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشى توغرا ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ 310 نەچچە ساھابىلىرى بىلەن بىرگە چىقتى، ئۇلارنىڭ ئىككى ئېتى ۋە 70 تۆگىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا نۆۋەتلىشىپ مىنەتتى. ئۇلاردىن 70 كىشى مۇھاجىرلاردىن، قالغانلىرى ئەنسارىلاردىن ئىدى. ئۇلار جەڭ قىلىشنى ئەمەس بەلكى كارۋاننى قولغا چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىدى لېكىن الله تائالا بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئىرادە قىلغان ئىشنى تاماملاش ئۈچۈن، بۇلارنى دۈشمەنلەر بىلەن ۋەدىسىزلا ئۇچراشتۇردى.

ئەبۇ سۇفيان بۇلارنىڭ چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، كارۋانلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ياردەمگە ئادەم چاقىرىپ قۇرەيشكە جاكارچى ئەۋەتتى ۋە ئادەتلەنگەن يولىنى ئۆزگەرتىپ دېڭىز ساھىلى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ قۇتۇلۇپ قالدى.

**قۇرەيش تەرەپ**

قۇرەيشكە جاكارچى يېتىپ كەلگەندە پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇلار 1000 ئەتراپىدىكى كىشى بولۇپ، ئۇلاردا يۈز ئات ۋە 700 تۆگە بار ئىدى.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ خَرَجُوا مِن دِيَارِهِم بَطَرًا وَرِئَاءَ النَّاسِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ اللَّهِ وَاللَّهُ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ﴾ «يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى) گە ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلار (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن توسىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر».[①]

ئۇلارنىڭ سىپىدە مۇسۇلمانلارنى سۆكۈپ ناخشا ئوقۇيدىغان ناخشىچى ئايالللارمۇ بار ئىدى.

ئەبۇ سۇفيان قۇرەيشنىڭ چىققانلىقىنى بىلگەندە، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قۇتۇلغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، قايتىپ كېتىشكە ۋە ئۇرۇشماسلىققا مەسلىھەت بېرىپ ئادەم ئەۋەتتى لېكىن ئۇلار بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ھالبۇكى، ئەبۇ جەھىل: «قەسەم قىلىمەنكى، بىز بەدرگە بېرىپ، ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، تۆگىلەرنى سويۇپ لەشكەرلەرگە زىياپەت بېرىپ، ھاراق ـ شاراپلارنى ئىچىپ، ئەرەبلەرگە كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنى ئاڭلاتماي تۇرۇپ قايتىپ كەتمەيمىز، شۇنداق قىلغاندا ئۇلار بىزدىن مەڭگۈ قورقىدىغان بولىدۇ» دېدى.

**رەسۇلۇللاھ ﷺ تەرەپ**

رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇرەيشنىڭ چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ساھابىلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا مەسلىھەت سېلىپ: «ھەقىقەتەن الله ماڭا كارۋان ياكى قوشۇندىن ئىبارەت ئىككى تائىپىنىڭ بىرىنى ۋەدە قىلدى» دېدى. ئاندىن مۇھاجىرلار ئىچىدىن مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭغىن. الله بىلەن قەسەمكى، بىز بەنى ئىسرائىل مۇساغا دېگەندەك: ﴿فَاذْهَبْ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَاتِلَا إِنَّا هَاهُنَا قَاعِدُونَ﴾ <سەن رەببىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى>[②] دېمەيمىز، بەلكى سېنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىمىز» دېدى.

ئەۋس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئد ئىبنى مۇئاز ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئېھتىمال سەن <ئەنسارلار ماڭا ياردەم

---

[①] سۈرە ئەنفال 47 ـ ئايەت.

[②] سۈرە مائىدە 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىرىشنى پەقەت مەدىنە ئىچىدىلا مەجبۇرىيەت دەپ قارايدۇ> دەپ ئەنسىرەۋاتقان بولۇشۇڭ مۇمكىن. مەن ئەنسارىلارغا ۋاكالىتەن جاۋاب بىرەي، سەن بىزنى خالىغان يەرگە باشلاپ بارغىن، خالىغان كىشى بىلەن ئەھدە ـ ئالاقە ئورناتقىن، خالىغان كىشىدىن ئالاقە ـ رىشتىڭنى ئۈزگىن، ماللىرىمىزدىن خالىغىنىڭچە ئالغىن، خالىغىنىڭچە قويۇپ قويغىن، سېنىڭ بىزدىن ئالغىنىڭ قويۇپ قويغىنىڭدىن بىزگە سۆيۈملۈكتۇر. سەن قانداق بىر ئىشقا بۇيرۇلساڭ بىز ساڭا ئەگىشىمىز. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن بىز بىلەن غەمدانىنىڭ بەرىكە دېگەن يېرىگە يول ئالساڭ، بىزمۇ چوقۇم سەن بىلەن ئاتلىنىمىز. ئەگەر سەن بىزنى مۇشۇ (قىزىل) دېڭىزغا كىرىشكە بۇيرۇساڭ بىزمۇ چوقۇم سەن بىلەن بىرگە كىرىمىز. ئەتە دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ھېچقايسىمىز يامان كۆرمەيمىز، ھەقىقەتەن بىز جەڭدە چىدامچان، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا ساباتلىق كىشىلەرمىز. الله تائالا ساڭا بىزدىن سېنىڭ كۆزۈڭنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشنى كۆرسەتكەي» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولدى ۋە: «ئالغا ئىلگىرىلەڭلار، خۇش بىشارەت ئېلىڭلار! الله بىلەن قەسەمكى، مەن مۇشرىكلارنىڭ يىقىلغان ئورۇنلىرىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ رەھمان تائالانىڭ قوشۇنلىرى بىلەن يۈرۈپ كەتتى، ھەتتاكى ئۇلار بەدر قۇدۇقلىرىدىن بىرىنىڭ يېنىغا چۈشتى. ئاندىن ھۇباب ئىبنى مۇنزىر ئىبنى ئەمىر ئىبنى جەمۇھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەرگە الله نىڭ بۇيرۇقى بىلەن چۈشتۈڭمۇ ياكى جەڭ تەدبىرى ئۈچۈن ئۆز رايىڭ بىلەن چۈشتۈڭمۇ؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «جەڭ تەدبىرى ئۈچۈن ئۆز رايىم بىلەن چۈشتۈم» دەپ جاۋاب بەردى. ھۇباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ چۈشۈشكە مۇۋاپىق ئورۇن ئەمەس. قوشۇننى ئېلىپ ماڭغىن، مۇشرىكلارغا ئەڭ يېقىن بىر سۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ، ئۇنىڭدىن باشقا قۇدۇقلارنى كۆمۈۋېتەيلى، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا بىر كۆل ياساپ سۇ توشقۇزۇۋالايلى. شۇنداق قىلساق بىز سۇ ئىچەلەيمىز، ئۇلار سۇ ئىچەلمەيدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ياخشى پىكىر دەپ قاراپ، ۋادىنىڭ مەدىنىگە يېقىن تەرىپىگە ئورۇنلاشتى، قۇرەيش بولسا ۋادىنىڭ مەدىنىگە يىراق تەرىپىدە ئىدى.

شۇ كېچە ﷲ تائالا يامغۇر ياغدۇردى، يامغۇر مۇشرىكلارنىڭ ئۇستىگە قاتتىق ياغقانلىقتىن زېمىن پاتقاق بولۇپ ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرلەشتىن توسۇپ قويدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇستىگە سىم ـ سىم يېغىپ ئۇلارنى پاكلىدى، ئۇلارغا زېمىننى قاتۇرۇپ بەردى، قۇملار چىڭدىلىپ ئورۇن ھازىرلاندى ۋە قەدەملەر پېتىپ كەتمەيدىغان بولدى.

مۇسۇلمانلار جەڭ مەيدانىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر دۆڭنىڭ ئۇستىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇچۇن ساتما① تىكتى. ئۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ساتمىدىن چۈشۈپ، ساھابىلىرىنىڭ سەپلىرىنى تۈزىدى ۋە جەڭ مەيدانىدا مېڭىپ: «ﷲ خالىسا بۇ پالانىنىڭ يىقىلىدىغان ئورنى، بۇ پالانىنىڭ يىقىلىدىغان ئورنى» دەپ مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنىڭ يىقىلىدىغان ئورۇنلىرىنى قولى بىلەن كۆرسىتىشكە باشلىدى. مۇشرىكلاردىن ھېچبىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ كۆرسىتىپ بەرگەن ئورۇندىن ئۆتۈپ كەتمىدى.

پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىگە ۋە قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا قاراپ: «ئى ﷲ ! مانا بۇ قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۆزىنىڭ چوڭچىلىقى ۋە تەكەببۇرلۇقى بىلەن ساڭا قارشىلاشقىلى ۋە سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنى ئىنكار قىلغىلى كەلدى. ئى ﷲ ! ماڭا ۋەدە قىلغان ياردىمىڭنى چۈشۈرۈپ بەرگىن. ئى ﷲ ! ماڭا قىلغان ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەرگىن. ئى ﷲ ! مەن سەندىن ئۆز ۋەدەڭنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىشىڭنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. ئى ﷲ ! بۇگۈن بۇ جامائەت ھالاك بولۇپ كەتسە، سەن (زېمىندا) ئىبادەت قىلىنمايسەن (يەنى زېمىندا ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ)» دەپ دۇئا قىلدى. مۇسۇلمانلار رەببىدىن ياردەم سوراپ ئۇنىڭغا يېلىندى. ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى الْمَلَائِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا الَّذِينَ آمَنُوا سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُوا الرُّعْبَ فَاضْرِبُوا فَوْقَ الْأَعْنَاقِ وَاضْرِبُوا مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ۞ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ شَاقُّوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَمَنْ يُشَاقِقِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَإِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ۞ ذَلِكُمْ فَذُوقُوهُ وَأَنَّ لِلْكَافِرِينَ عَذَابَ النَّارِ۞﴾ «ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: <مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۇئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن> دەپ ۋەھيى

① قوغۇن ياكى باشقا زىرائەتلەرنى ساقلاش ياكى ۋاقىتلىق تۇرالغۇ قىلىش ئۈچۈن دەرەخ شاخلىرى، قومۇش قاتارلىقلاردىن ياسالغان ۋاقىتلىق ئۆي.

قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا چېپىڭلار) [12]. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلدى. كىمكى اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق قىلىدىكەن، اللە ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ [13]. (ئى كاپىرلار جامائەسى! بۇ دۇنيادا) مۇشۇنداق جازانى تېتىڭلار. كاپىرلار (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ [14]»①.

ئىككى قوشۇن ئۇچرىشىپ جەڭ كەسكىن داۋاملاشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ساتمىدا ئىدى، ئەبۇ بەكرى ۋە سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە بولۇپ ئۇنى قوغداۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ داۋاملىق رەببىگە ئىلتىجا قىلىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى ۋە ئۇنىڭغا يېلىندى. ئاندىن كۆزىنى يۇمۇپ بىر ئاز سۈكۈتكە چۆمدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ساتمىدىن چىقىپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿سَيُهْزَمُ الْجَمْعُ وَيُوَلُّونَ الدُّبُرَ﴾ «(مۇشرىكلار) توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ»②.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇپ: «مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، بۈگۈن مۇشرىكلارغا قارشى چىداملىق بولغان، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، ئالغا ئىلگىرىلىگەن ۋە ئارقىغا چېكىنمىگەن ھالدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى اللە جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېدى. ئاندىن ئۇمەير ئىبنى ھۇمام ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا يەۋاتقان بىر قانچە تال خورما بار ئىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! جەننەتنىڭ كەڭلىكى ئاسمان زېمىنچىلىكمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ھەئە» دېدى، ئۇمەير ئىبنى ھۇمام: «پاھ ـ پاھ! ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بىلەن جەننەتكە كىرىشىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرۈشىلا قاپتۇ، ئەگەر مەن مۇشۇ خورمىلىرىمنى يەپ بولغۇچە ياشىسام، ھەقىقەتەن بۇ بەكمۇ ئۇزۇن ھايات بولۇپ كەتكۈدەك» دېدى ـ دە، قولىدىكى خورمىلارنى تاشلىۋېتىپ، ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر سىقىم توپىنى ياكى شېغىلنى ئېلىپ مۇشرىكلارغا

---

① سۈرە ئەنفال 12 ـ ئايەتتىن 14 ـ ئايەتكىچە.

② سۈرە قەمەر 45 ـ ئايەت.

قارىتىپ ئاتتى، شۇنىڭ بىلەن كۆزىگە توپا كىرمىگەن بىرمۇ مۇشرىك قالمىدى، ئۇلار كۆزلىرىدىكى توپا بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇ اللە نىڭ بىر مۆجىزىسى ئىدى.

مۇشرىكلار قوشۇنى مەغلۇب بولۇپ ئارقىسىنى قىلىپ قاچتى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى قوغلاپ 70 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، 70 ئادەمنى ئەسىر ئالدى.

**ئۆلتۈرۈلگەن مۇشرىكلار ھەققىدە**

مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن 24 كىشى بەدر قۇدۇقلىرىدىن بىرىگە تاشلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ جەھىل، شەيبە ئىبنى رەبىئە، ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۇتبە ۋە ئۇتبەنىڭ ئوغلى ۋەلىدمۇ بار ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «أن النبي ﷺ استقبل الكعبة فدعا على هؤلاء الأربعة» «پەيغەمبەر ﷺ كەئبىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئاشۇ تۆت كىشىگە بەددۇئا قىلغانىدى». [1] ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «اللە نى گۇۋاھ قىلىپ ئېيتىمەنكى، مەن ئۇلارنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى ۋە قۇياشنىڭ ئۇلارنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇ ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق كۈن ئىدى».

ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «أن نبي الله ﷺ أمر يوم بدر بأربعة وعشرين رجلاً من صناديد قريش فقذفوا في طوى من أطواء بدر خبيث مخبث، وكان إذا ظهر على قوم أقام بالعرصة ثلاث ليال، فلما كان ببدر اليوم الثالث أمر براحلته فشد عليها، ثم مشى وأتبعه أصحابه حتى قام على شفة الركي فجعل يناديهم بأسمائهم وأسماء آبائهم: يا فلانُ ابنَ فلان، ويا فلان بن فلان، أيسركم أنكم أطعتم الله ورسوله، فإنا قد وجدنا ما وعدنا ربنا حقاً فهل وجدتم ما وعدكم ربكم حقاً ؟ قال عمر: يا رسول الله ما تكلم من أجساد لا أرواح لها ؟ قال رسول الله ﷺ: والذي نفس محمد بيده ما أنتم بأسمع لما أقول منهم» «بەدر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇرەيشنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن 24 كىشى بەدرنىڭ ئېچىپ كەتكەن قۇدۇقلىرىدىن بىرىگە تاشلاندى. پەيغەمبەر ﷺ بىرەر قەۋمنى مەغلۇب قىلسا جەڭ مەيدانىدا ئۈچ كۈن تۇراتتى، (بەدر غازىتى تاماملانغاندىن كېيىن) ئۈچىنچى كۈنى پەيغەمبەر ﷺ تۆگىسىنى توقۇشقا بۇيرۇدى، تۆگە توقۇلۇپ

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

تەييارلانغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ يولغا چىقتى، ساھابىلەرمۇ پەيغەمبەر ﷺگە ئەگىشىپ ماڭدى، ھەتتاكى پەيغەمبەر ﷺ قۇدۇقنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ، ئۇلارنى ئىسىملىرى ۋە ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىپ: <ئى پالانىنىڭ ئوغلى پالانى، ئى پالانىنىڭ ئوغلى پالانى، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلغان بولساڭلار سىلەرنى خۇرسەن قىلامدىكەنتۇق؟ ھەقىقەتەن بىز رەببىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتۇق، سىلەرمۇ رەببىڭلار سىلەرگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟> دەپ نىدا قىلىشقا باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئى رەسۇلۇللاھ! روھى يوق جەسەتلەرگە گەپ قىلىۋاتامسەن؟> دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇلار سۆزلىرىمنى سىلەردىنمۇ ياخشىراق ئاڭلايدۇ> دېدى».①

## ئەسىرلەر مەسىلىسى

پەيغەمبەر ﷺ ئەسىرلەر ھەققىدە ساھابىلىرىگە مەسلىھەت سالدى. ئۇلارنىڭ ئىشى سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قايغۇغا سالغان ئىدى. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇ ــ الله تائالا مۇشرىكلارغا چۈشۈرگەن تۇنجى زەربە بولغاندىكىن، جەڭدە ئۇلارنى قىرىپ تاشلاش ماڭا ئۇلارنى ھايات قالدۇرۇپ قويغاندىن سۆيۈملۈكتۇر» دېدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ گە: «مەن شۇنداق قارايمەنكى، ئۇلارنى بىزگە بەرسەڭ، بىز ئۇلارنى ئۆلتۈرسەك، ئەلىگە ئۇقەيلىنى بەرگىن، ئۇ ئۇقەيلىنى ئۆلتۈرسۇن. ماڭا پالانىنى بەرگىن (ئۆزىنىڭ يېقىن بىر تۇغقىنىنى دېمەكچى) مەن ئۇنى ئۆلتۈرەي چۈنكى بۇلار كۇپۇرنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى» دېدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇلار تاغىلىرىمىز ۋە قەۋم-قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بالىلىرى، مەن ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىشىڭنى توغرا دەپ قارايمەن، بۇ بىز ئۈچۈن كاپىرلارغا قارشى كۈچ-قۇۋۋەت بولىدۇ. الله تائالا بۇلارنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلسا ئەجەب ئەمەس» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇلاردىن فىدىيە ئالدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى

① بۇخارى توپلىغان.

1000 دەرھەمدىن 4000 دەرھەم ئارىلىقىدا مال بېرىشى بەدىلىگە قويۇپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەدىنە ئەھلىنىڭ كىچىك باللىرىغا يېزىش ۋە ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويۇش بەدىلىگە قويۇپ بېرىلگەنلەرمۇ بولدى؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ يېنىدىكى مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىش بەدىلىگە قويۇپ بېرىلگەنلەرمۇ بولدى؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەزىيىتى قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى ئايرىم توختىتىپ، ئۆلتۈرگەن كىشىلەرمۇ بولدى؛ ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەنپەئەت سەۋەبىدىن فىدىيەسىزلا قويۇپ بېرىلگەن كىشىلەرمۇ ھەم بولدى.

مانا بۇ بەدر غازىتىدا ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلبە قىلغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فِئَةٌ تُقَاتِلُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَأُخْرَى كَافِرَةٌ يَرَوْنَهُمْ مِثْلَيْهِمْ رَأْيَ الْعَيْنِ﴾ «بىرى، الله يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر؛ يەنى بىرى، مۇسۇلمانلارنى (سانىنى) ئۆزلىرىدەك ئىككى باراۋەر ئوپئوچۇق كۆرگەن كاپىرلار گۇرۇھىدۇر (يەنى الله كاپىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن، كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى)»①.

ئاز جامائە (مۇسۇلمانلار جامائەسى) غەلبە قىلدى چۈنكى بۇ جامائە الله نىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەن، الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ۋە ئۇنىڭ دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان. شۇ سەۋەبتىن الله بۇ جامائەگە ياردەم بەردى.

ئى مۇسۇلمانلار! دۈشمەنلىرىڭلار ئۈستىدىن غەلبە قازىنىش ئۈچۈن الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىڭلار، سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە قارشى زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار ۋە مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن الله تىن قورقۇڭلار!

ئى الله ! ئىسلام سەۋەبلىك بىزگە ياردەم بەرگىن. بىزنى ئۇنىڭ يارەمچىلىرى ۋە دەۋەتچىلىرىدىن قىلغىن. بىزنى ساڭا ئۇچراشقانغا قەدەر ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق قىلسۇن!

① سۈرە ئال ئىمران 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# 19 ـ سۆھبەت

# مەككە فەتھىسى غازىتى

اللە قا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! اللە كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۇ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. اللە ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، اللە تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللە نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، ئىسلام غەلبە قازانغان ۋە ئۇنىڭ مۇنارى قەد كۆتۈرگەن

بەدر غازىتى بۇ مۇبارەك ئايدا بولغان ئىدى. ھىجرىيىنىڭ سەككىزىنچى يىلى يەنە مۇشۇ مۇبارەك ئايدا، تىنچ شەھەر مەككە فەتھىسى غازىتى ھەم بولدى. ﷲ تائالا بۇ شەھەرنى مۇشۇ كاتتا فەتھە ئارقىلىق قەبىھ شېرىكتىن قۇتۇلدۇردى. بۇ شەھەر — شېرىكنىڭ ئورنىنى تەۋھىد، كۇپرىنىڭ ئورنىنى ئىمان، ھاكاۋۇرلۇقنىڭ ئورنىنى ئىسلام ئىگىلىگەن ئىسلامىي شەھەرگە ئايلاندى. بۇ شەھەردە يەككە-يېگانە، ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى بولغان ﷲ قا ئوچۇق-ئاشكارا ئىبادەت قىلىندى، شېرىكنىڭ بۇتلىرى بۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كېلەلمەيدىغان دەرىجىدە چېقىپ تاشلاندى.

بۇ كاتتا فەتھىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھىجرىيىنىڭ ئالتىنچى يىلى ھۇدەيبىيەدە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئارىسىدا سۇلھى ئورنىتىلدى. (سۇلھىنىڭ بىر ماددىسى) پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەھدىسىگە كىرىشنى خالىغان كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەھدىسىگە كىرىدىغان، قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئەھدىسىگە كىرىشنى خالىغان كىشى ئۇنىڭ ئەھدىسىگە كىرىدىغان بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خۇزائە قەبىلىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەھدىسىگە، بەنى بەكىر قەبىلىسى قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئەھدىسىگە كىردى. بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ ئارىسىدا جاھىلىيەتتىكى قان دەۋاسى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بەنى بەكىر قەبىلىسى بۇ سۇلھىدىن پايدىلىنىپ، خۇزائە قەبىلىسى بىخۇد تۇرغان ۋاقىتتا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئادەم كۈچى ۋە قورال-ياراق بىلەن ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان بەنى بەكىر قەبىلىسىگە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان خۇزائە قەبىلىسىگە قارشى مەخپىي ھالدا ياردەم بەردى. خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ، بەنى بەكىر قەبىلىسىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ۋە قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ بەنى بەكىر قەبىلىسىگە ياردەم بەرگەنلىكىنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: «مەن ئۆزۈمنى قوغدىغان نەرسىدىن سىلەرنى ئەلۋەتتە قوغدايمەن» دېدى.

قۇرەيشكە كەلسەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ كېلىشمىنى بۇزغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ داھىيسى ئەبۇ سۇفياننى كېلىشىمنى قايتا تۈزۈش ۋە مۇددىتىنى

ئۇزارتىش ئۇچۇن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئەبۇ سۇفيان مەدىنىگە كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ گە بۇ ھەقتە سۆز قىلغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىدى. ئاندىن ئۇ، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن ئۆزى توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سۆز قىلىشىنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ لېكىن ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۆتۈندى لېكىن يەنىلا نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئاندىن ئەبۇ سۇفيان، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى ئەبۇ ھەسەن، مېنى نېمە قىلسۇن دەيسەن؟» دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ساڭا پايدىسى يېتىدىغان بىرەر ئىشنى بىلمەيمەن، لېكىن سەن بەنى كەنانە قەبىلىسىنىڭ كاتتىسى بولغاندىكىن، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز خەلقىڭگە باش پاناھ بولىدىغانلىقىڭنى جاكارلىغىن!» دېدى. ئەبۇ سۇفيان: «سەن بۇ ئىشنى ماڭا پايدىسى بولىدۇ دەپ قارامسەن؟» دەپ سورىغانىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق قارىمايمەن لېكىن سەن ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا چارە تاپالمىدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان ئەلىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، مەككىگە قايتىپ كەتتى.

ئەبۇ سۇفيان مەككىگە قايتىپ كەلگەندە قۇرەيشلىكلەر ئۇنىڭدىن: «نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئەبۇ سۇفيان: «مەن مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سۆز قىلدىم، الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ ماڭا جاۋاب قايتۇرمىدى. ئاندىن ئەبۇ قۇھافەنىڭ ئوغلى ۋە خەتتابنىڭ ئوغلىنىڭ يېنىغا باردىم لېكىن ئۇلاردىن ياخشىلىق كۆرمىدىم. ئاندىن ئەلىنىڭ يېنىغا باردىم، ئۇ ماڭا بىر ئىشنى مەسلىھەت بەردى، مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز قەۋمىمگە باشپاناھ بولىدىغانلىقىمنى جاكارلىدىم» دېدى. ئۇلار: «بۇنى مۇھەممەد ئېتىراپ قىلدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئەبۇ سۇفيان: «ياق» دېدى، ئۇلار: «ۋاي ساڭا! ئۇ ئادەم سېنى ئەخمەق قىپتۇ» دېيىشتى.

پەيغەمبەر ﷺ گە كەلسەك، ئۇ ساھابىلىرىنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى، ئۇلارغا قىلماقچى بولغان ئىشنى خەۋەر قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چىقىشىنى تەلەپ قىلدى ۋە: «ئى الله ! بىز مەككىگە باستۇرۇپ كىرگىچە، جاسۇسلارنىڭ قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ساقلىغىن» دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن مەدىنىگە ئابدۇللاھ

ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تەيىنلەپ قويۇپ، 10 مىڭ ئەتراپىدىكى جەڭچى بىلەن مەدىنىدىن يولغا چىقتى.

پەيغەمبەر ﷺ يول يۈرۈپ جۇھفە دېگەن ئورۇنغا كەلگەندە تاغىسى ئابباس بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاشكارىلاپ، ھىجرەت قىلىپ چىققان ئىدى. ئەبۋائ دېگەن ئورۇندا تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ۋە ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە بىلەن ئۇچراشتى. بۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن ئىدى. بۇ ئىككىسى مۇسۇلمان بولدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىسلامىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئەبۇ سۇفيانغا: «ھەمزىنىڭ ئىز باسارى بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ مەككىگە يېقىن مەررى زەھران دېگەن ئورۇنغا كەلگەندە قوشۇننى ئوت يېقىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 10 مىڭ ئورۇنغا ئوت ياقتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مۇھاپىزەتچىلىككە مەسئۇل قىلدى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خېچىرىغا مىنىپ، قۇرەيشلەرنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا چىقىپ ئامانلىق تىلىۋېلىشى ۋە تىنچ شەھەر مەككىدە ئۇرۇش يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزىدىغان بىر كىشى ئىزدەپ ماڭدى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولدا كېتىۋېتىپ، ئەبۇ سۇفياننىڭ بۇدەيل ئىبنى ۋەرقەگە: «مەن بۇ كېچىدىكىدەك كۆپ ئوتنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇدەيل: «بۇ چوقۇم خۇزائە قەبىلىسى» دېدى. ئەبۇ سۇفيان: «خۇزائە قەبىلىسى بۇنچە كۆپ ئەمەس» دېدى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ سۇفياننىڭ ئاۋازىنى تونۇپ ئۇنى چاقىردى. ئەبۇ سۇفيان: «ئى ئەبۇلفەزلى! بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟» دېدى، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇ دېگەن رەسۇلۇللاھ، ئۇ زور قوشۇن بىلەن كەپتۇ» دېدى. ئەبۇ سۇفيان: «نېمە قىلىشىم كېرەك؟» دېدى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئارقامغا مىنگىن! سېنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ساڭا ئامانلىق ئېلىپ بېرەي» دېدى. ئاندىن ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ۋاي ساڭا، ئى ئەبۇ سۇفيان! ساڭا الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى

بىلىش ۋاقتى كەلمىدىمۇ؟» دېدى. ئەبۇ سۇفيان: «ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! سەن نېمىدېگەن كەڭ قورساق، نېمىدېگەن ئېسىل، نېمىدىگەن رەھىمدىلسەن! مەن شۇ تاپتا <ئەگەر بىر الله تىن باشقا ئىلاھ بولغان بولسا ئىدى، ماڭا مۇشۇ ھالەتتە كارغا كېلەر ئىدى> دەپ قالدىم» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ساڭا مېنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى بىلىش ۋاقتى كەلمىدىمۇ؟» دېدى. ئەبۇ سۇفيان سەل سۆرەلمىلىك قىلدى، ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ۋاي ساڭا، ئىسلام كەلتۈرگىن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەبۇ سۇفياننىڭ يېنىدىن ئۆتۈشى ئۈچۈن، ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇنى ۋادىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تاغ يولى ئېغىزىدا توختىتىشنى بۇيرىدى.

قەبىلىلەر بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەبۇ سۇفياننىڭ يېنىدىن بىر قەبىلە ئۆتۈپلا قالسا ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «بۇلار كىم؟» دەپ سورايتتى. ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «بۇ پالانى قەبىلە» دەپ تونۇشتۇرسا، ئەبۇ سۇفيان: «مەن ئۇلارغا نېمە قىلغان بولغىيتتىم؟» دەيتتى. ھەتتاكى مىسلىسىز بىر قوشۇن يېتىپ كەلدى. ئەبۇ سۇفيان: «بۇلار كىملەر؟» دەپ سورىدى، ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇلار ئەنسارىلاردۇر، بايراق كۆتۈرگەن كىشى ئۇلارنىڭ ئەمىرى سەئەد ئىبنى ئۇبادە بولىدۇ» دېدى. سەئەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە: «ئى ئەبۇ سۇفيان! بۈگۈن قىرغىن قىلىدىغان، كەئبە ھالال سانىلىدىغان كۈن» دېدى. ئاندىن يەنە بىر قوشۇن كەلدى. ئۇ — قوشۇنلار ئىچىدىكى ئەڭ ئاز ۋە ئەڭ سەرخىل قوشۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى بار ئىدى. بۇ قوشۇننىڭ بايرىقىنى زۇبەيىر ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆتۈرگەن ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ سۇفياننىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئەبۇ سۇفيان رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سەئەدنىڭ دېگەنلىرىنى خەۋەر قىلغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «سەئەد يالغان ئېيتىپتۇ، بۈگۈن الله كەئبىنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە ئۇنىڭغا يوپۇق يېپىلىدىغان كۈن» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بايراقنى سەئەدتىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى

قەيسكە بىرىشنى بۇيرىدى ۋە بايراق سەئەدتىن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قولىغا ئۆتسە، بايراق ئەنسارىلارنىڭ قولىدىن يەنىلا بىر پۈتۈن چىقىپ كەتمەيدىكەن دەپ قارىدى.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بايرىقىنى ھەجۇن دېگەن ئورۇنغا قاداشقا بۇيرۇپ يولىنى داۋام قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەككىنى فەتىھ قىلغان، ياردەم بىرىلگەن، پېشانىسى يۈك ـ تاقىسىغا تېگىپ قالغۇدەك دەرىجىدە ئېگىشىپ، ئۆزىنى الله ئۇچۇن تۆۋەن تۇتقان ۋە: ﴿إِنَّا فَتَحْنَا لَكَ فَتْحًا مُبِينًا﴾ «بىز ساڭا ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق»[1] دېگەن ئايەتنى قايتا ـ قايتا ئوقۇغان ھالدا مەككىگە كىردى.

پەيغەمبەر ﷺ قوشۇنىنىڭ ئوڭ قانىتىغا خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى، سول قانىتىغا زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەمىر قىلىپ يولغا سالدى ۋە: «مەسجىدىل ھەرەمگە كىرىۋالغان كىشى ئامان بولىدۇ، ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ھويلىسىغا كىرىۋالغان كىشى ئامان بولىدۇ، ئۆز ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكىنى تاقىۋالغان كىشى ئامان بولىدۇ» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مېڭىپ مەسجىدىل ھەرەمگە كەلدى، ئاندىن ئۆز ئۇلىغى ئۈستىدە ئۇنى تاۋاپ قىلدى، شۇ چاغدا كەئبىنىڭ ئەتراپىدا 360 دانە بۇت بار ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ قولىدىكى ياچاق ئوقى بىلەن ئۇلارنى نوقۇپ تۇرۇپ: «ھەقىقەت كەلدى، باتىل يوقالدى، باتىل ھەقىقەتەن ئاسان يوقىلىدۇ. ھەق كەلدى، باتىل (بىرەر مەخلۇقنى) پەيدا قىلالمايدۇ. (يوقالغان بىرەر مەخلۇقنى) ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ» دېيىشكە باشلىدى. بۇتلار دۈم چۈشۈۋاتاتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ كەئبىگە كىردى. كەئبە ئىچىدە سۈرەتلەر بار بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئۆچۈرۈشكە بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن سۈرەتلەر ئۆچۈرۈلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ كەئبىنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ﷺ نامازدىن كېيىن كەئبىنىڭ ئىچىنى ئايلاندى ۋە ئۇنىڭ بۇلۇڭلىرىدا تەكبىر ئېيتىپ، تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتىپ ماڭدى. ئاندىن كەئبىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ توختىدى. ھالبۇكى، قۇرەيشلىكلەر تۆۋەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نېمە قىلارىنى كۈتۈپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «الله تىن باشقا

[1] سۈرە فەتىھ 1 ـ ئايەت.

ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە ـ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ ـ سانا الله قا خاستۇر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر، الله ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بەندىسىگە ياردەم بەردى، كۆپ قوشۇننى ئۆزى يالغۇز مەغلۇب قىلدى. ئى قۇرەيش جامائەسى! ھەقىقەتەن الله تائالا سىلەردىن جاھىلىيەتنىڭ مۇغەمبەرلىكىنى ۋە ئەجدادلىرى بىلەن پەخىرلىنىشنى كەتكۈزدى. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ باللىرى، ئادەم بولسا تۇپراقتىن يارالغان» دېدى. ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿يَاأَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾ «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»[①].

پەيغەمبەر ﷺ: «ئى قۇرەيش جامائەسى! سىلەر مېنى ئۆزۈڭلارغا نېمە قىلىدۇ دەپ ئويلايسىلەر؟» دېدى، ئۇلار: «ياخشىلىق قىلىدۇ دەپ ئويلايمىز چۈنكى سەن ياخشى قېرىندىشىمىز ۋە ياخشى قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: «مەن سىلەرگە يۇسۇفنىڭ قېرىنداشلىرىغا دېگەن: ﴿لَا تَثْرِيبَ عَلَيْكُمُ الْيَوْمَ يَغْفِرُ اللَّهُ لَكُمْ﴾ <بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، الله سىلەرنى كەچۈرسۇن!>[②] سۆزىنى دەيمەن، بېرىڭلار! ھەممىڭلار ئازاد» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ مەككە فەتھىسىنىڭ ئىككىنچى كۈنى كىشىلەر ئىچىدە خۇتبە سۆزلىمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتتى، ئاندىن: «مەككىنى الله تائالا ھۆرمەتلىك قىلغان، كىشىلەر ھۆرمەتلىك قىلمىغان. شۇڭا الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان بىر كىشىگە ئۇنىڭدا قان تۆكۈش ۋە ئۇنىڭدىكى دەرەخلەرنى كېسىش ھالال بولمايدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى

---

① سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت.

② سۈرە يۇسۇف 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

<رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇرۇش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش رۇخسەت> دەپ قارىسا، سىلەر ئۇنىڭغا: <الله تائالا پەيغەمبىرىگە رۇخسەت بەرگەن، سىلەرگە رۇخسەت بەرمىگەن> دەڭلار! ماڭا ئۇنىڭدا كۈندۈزدىن پەقەت مەلۇم ۋاقىتلا رۇخسەت بېرىلگەندى، بۈگۈن ئۇنىڭ ھۆرمىتى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئەسلىگە قايتتى. بۇنى مۇشۇ يەردە بارلار يوقلارغا يەتكۈزسۇن» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مەككىدە ئۇرۇش قىلىش ھالال قىلىنغان ۋاقىت ــ فەتىھ كۈنى كۈن چىققاندىن باشلاپ ئەسىر نامىزىغىچە بولغان ۋاقىت ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مەككىدە 19 كۈن تۇرۇپ، نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇدى چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى نىيەت قىلمىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەككىدە تەۋھىدنى مۇستەھكەملەش، ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىنى تىكلەش، ئىماننى كۈچەيتىش ۋە كىشىلەردىن بەيئەت ئېلىش ئۈچۈن تۇرغان ئىدى.

مۇجاشىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «أتيت النبي ﷺ بأخي بعد الفتح قلت يا رسول الله جئتك بأخي لتبايعه على الهجرة . قال ذهب أهل الهجرة بما فيها . فقلت على أي شيء تبايعه ؟ قال أبايعه على الإسلام والإيمان والجهاد» «مەن مەككە فەتھىسىدىن كېيىن قېرىندىشىمنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! قېرىندىشىمنى ئۇنىڭدىن ھىجرەتكە بەيئەت ئېلىشىڭ ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <ھىجرەت ئەھلى پەزىلەت ۋە ساۋابلارنى ئېلىپ كەتتى> دېدى. مەن: <ئۇنىڭدىن نېمىگە بەيئەت ئالىسەن؟> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنىڭدىن ئىسلامغا، ئىمانغا ۋە جىھادقا بەيئەت ئالىمەن> دېدى».[1]

بۇ روشەن غەلىبە بىلەن الله نىڭ نۇسرىتى مۇكەممەللەشتى، كىشىلەر الله نىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىردى، الله نىڭ شەھىرى ــ الله نى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش، الله نىڭ ئەلچىسىنى تەستىقلاش، الله نىڭ كىتابىنى ھاكىم قىلىش ئېلان قىلىنغان ئىسلامىي شەھەرگە ئايلاندى.

الله قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، بۇ شەھەرنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتى مۇسۇلمانلارنىڭ بولدى، شېرىك مەغلۇب بولۇپ، ئۇنىڭ زۇلمىتى پاچاقلىنىپ تاشلاندى. مانا بۇ

[1] بۇخارى توپلىغان.

ــ الله تائالانىڭ قىيامەت كۈنىگىچە بەندىلىرىگە قىلىدىغان پەزلى ـ مەرھەمىتىدىندۇر.

ئى الله ! بىزگە بۇ كاتتا نېئمەتكە شۈكۈر قىلىشنى رىزىق قىلىپ بەرگىن، ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن ھەر زامان، ھەر ماكاندا نۇسرەتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بەرگىن. ئى مېھرىبان الله ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلىسىگە، جىمى ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

## 20 - سۆھبەت

# نۇسرەتنىڭ ھەقىقىي سەۋەبلىرى

اﷲ قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! اﷲ كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. اﷲ ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، اﷲ تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اﷲ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اﷲ نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. اﷲ تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، اﷲ تائالا مۇئمىنلەرگە بەدر، ئەھزاب، مەككە فەتھىسى،

ھۆنەيىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ياردەم بەرگەن. ھەقىقەتەن الله تائالا ئۆز ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ئۇلارغا ياردەم بەردى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «مۆئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا لَنَنْصُرُ رُسُلَنَا وَالَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيَوْمَ يَقُومُ الْأَشْهَادُ۝ يَوْمَ لَا يَنْفَعُ الظَّالِمِينَ مَعْذِرَتُهُمْ وَلَهُمُ اللَّعْنَةُ وَلَهُمْ سُوءُ الدَّارِ﴾ «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە، مۆئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز [51]. ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ ئۆزرىلىرى پايدا بەرمەيدۇ، ئۇلار لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ [52]»②.

مۆئمىنلەر الله نىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارغا ياردەم بەردى. الله نىڭ دىنى باشقا پۈتۈن دىنلاردىن غالىبتۇر. كىمكى الله نىڭ دىنىغا مۇستەھكەم ئېسىلسا بارلىق ئۈممەتلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ﴾ «الله ھەق دىن (ئىسلام) نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ﷺ نى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ (ئۈستۈن بولۇشىنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ»③.

ئۇلار نۇسرەتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى سەۋەبلىرىنى ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا ئۇلارغا ياردەم بەرگەن. ئۇلار الله نىڭ كۆرسەتمىسىنى تۇتقانلىقى، الله نىڭ يولى بويىچە ماڭغانلىقى ۋە الله تائالانىڭ ئۇلارنى مۇستەھكەم قىلغانلىقى سەۋەبلىك دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان ئىرادىگە ئىگە بولغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَهِنُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ۝ إِنْ يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِثْلُهُ وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ﴾

① سۈرە رۇم 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە غافىر 51 ـ ۋە 52 ـ ئايەتلەر.
③ سۈرە تەۋبە 33 ـ ئايەت.

«(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شەھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر [139]. ئەگەر سىلەرگە شىكەستىلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شەھىد بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدر جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستىلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىركۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَهِنُوا فِي ابْتِغَاءِ الْقَوْمِ إِنْ تَكُونُوا تَأْلَمُونَ فَإِنَّهُمْ يَأْلَمُونَ كَمَا تَأْلَمُونَ وَتَرْجُونَ مِنَ اللَّهِ مَا لَا يَرْجُونَ وَكَانَ اللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا﴾ «دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا سۇسلۇق قىلماڭلار؛ ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ، سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شەھىد بولۇشنى، ساۋابنى ۋە غەلىبىنى) اللە تىن ئۈمىد قىلىسىلەر. الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا تَهِنُوا وَتَدْعُوا إِلَى السَّلْمِ وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ وَاللَّهُ مَعَكُمْ وَلَنْ يَتِرَكُمْ أَعْمَالَكُمْ ۞ إِنَّمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا لَعِبٌ وَلَهْوٌ﴾ «سىلەر ئۈستۈن بولغان ھالەتتە (يەنى قۇۋۋىتىڭلار زور، سانىڭلار كۆپ ۋە جەڭ قوراللىرىڭلار سەرخىل ھالىتىڭلاردا) دۈشمەنلەرنى قوغلاشتىن بوشىشىپ قالماڭلار ۋە تىنچلىققا چاقىرماڭلار،[3] الله سىلەر بىلەن بىرگىدۇر، الله ھەرگىز ئەمەللىڭلارنىڭ (ساۋابىنى) كېمەيتىۋەتمەيدۇ [35]. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ۋە تاماشادىن ئىبارەتتۇر»[4].

ئۇلار الله تائالانىڭ مانا شۇنىڭغا ئوخشاش روھلاندۇرۇشى ۋە مۇستەھكەم

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 139 ـ ئايەت ۋە 140 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نىسا 104 ـ ئايەت.

[3] ئەمما كاپىرلارنىڭ كۈچى ۋە سانى بارلىق مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ زور بولغان شارائىتلاردا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى (خەلىپە ياكى شۇ يۇرتتىكى نوپۇزلۇق سۇلتانلىق قىلىۋاتقان ئەمىر) شۇ كاپىرلار بىلەن تىنچلىق تۈزۈش ۋە ئۆزئارا ئەھدە تۈزۈشنى پايدىلىق دەپ قارىغان بولسا، شۇ ئەمىرنىڭ بۇ سۈلھىنى قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇرەيش كاپىرلىرى تەرىپىدىن سۈلھىگە ۋە ئون يىل ئۆزئارا ئۇرۇش توختىتىشقا چاقىرىلغان چاغدا رەسۇلۇللاھ ﷺ كاپىرلارنىڭ بۇ چاقىرىقىغا ماقۇل بولغان («المصباح المنير في تهذيب تفسير ابن كثير» ناملىق كىتاب 1328 ـ بەت).

[4] سۈرە مۇھەممەد 35 ـ ئايەت ۋە 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىشى ئارقىلىق، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە كەسكىن ئىرادە بىلەن ماڭدى. ئۇلار رەببىنىڭ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار»① دېگەن سۆزىگە بويسۇنۇش يۈزىسىدىن، مەنىۋى جەھەتتىكى روھىي قۇۋۋەت ۋە ماددى جەھەتتىكى ئەسكىرىي قۇۋۋەتتىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئېلىپ، الله نىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن الله تائالا ئۇلارغا ياردەم بەردى.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَيَنْصُرَنَّ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ۞ الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ۞﴾ «كىمكى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، الله ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر [40]. (الله نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله قا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە الله قا قايتىدۇ) [41]»②.

مانا بۇ ئىككى ئايەت كەرىمىدە الله تائالا ئۆزىنىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەن كىشىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى لەۋزىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلەندۈرۈپ ۋەدە قىلدى.

مۇئمىن كىشى نۇسرەت سەۋەبلىرىنىڭ يىراقلاپ كەتكەنلىكىگە قاراپلا «نۇسرەت كېچىكىپ قالدى» دەپ قارىغان ۋاقىتتا، الله تائالانىڭ: ﴿وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ﴾ «ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى الله قا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە الله قا قايتىدۇ)»③ دېگەن سۆزى ئۇنىڭ قەلبىنى خاتىرجەم قىلىدۇ چۈنكى ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى يەككە ـ يېگانە الله قا مەنسۇپتۇر، الله تائالا خالىغان نەرسىنى ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۆزگەرتىدۇ.

مانا بۇ ئىككى ئايەتتە غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھازىرلاشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر بايان قىلىندى، ئۇ بولسىمۇ مۇئمىن زېمىندا ئۈستۈنلۈككە

---

① سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە ھەج 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 41 ـ ئايەت.

③ سۈرە ھەج 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەيدىغان سۇپەتلەردۇر. زېمىندا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىش — مۇئمىننى تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، چوڭچىلىق قىلىش ۋە بۇزۇقچىلىق قىلىشقا قۇتراتمايدۇ بەلكى ئۇنىڭ الله نىڭ دىنىدا كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئېسىلىشىنى زىيادە قىلىدۇ.

بىرىنچى سۈپەت: ﴿الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ﴾ «الله نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ»[1].

زېمىندا ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇش پەقەت يەككە ـ يېگانە الله قا ئىبادەت قىلىش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ «الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر»[2].

بەندە قاچانكى سۆزلىرى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە ئىرادىسىدە الله قا خالىس ئىبادەت قىلىپ، بۇ ئىبادەت بىلەن يۈز ـ ئابرۇيغا ئىگە بولۇشنى، مەدھىيىلىنىشنى ۋە دۇنيادىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلماستىن، پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنى ۋە ئاخىرەت ماكانىنى مەقسەت قىلسا ھەمدە خۇشاللىق ۋە خاپىلىق، قىيىنچىلىق ۋە كەڭرىچىلىك ۋاقىتلىرىدا مۇشۇ خالىس ئىبادەت ئۈستىدە داۋاملاشسا، الله تائالا ئۇنى زېمىندا ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلىدۇ. دېمەك، بەندە زېمىندا ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھېچبىر شېرىكى يوق، يەككە ـ يېگانە الله قىلا ئىبادەت قىلغان بولۇشتىن ئىبارەت

[1] سۈرە ھەج 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە نۇر 55 ـ ئايەت.

سۈپەتنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولۇشى لازىم.

ئىككىنچى سۈپەت: نامازنى شەرتلىرى، رۇكنىلىرى ۋە ۋاجىباتلىرىنى ئورۇندىغان ھالدا تەلەپ قىلىنغاندەك ئادا قىلىش.

ناماز ــ ئۇنىڭ مۇستەھەبلىرىنى ئورۇنداش بىلەن مۇكەممەل بولىدۇ. ئۇ بەندە تاھارەتنى كامىل ئالىدۇ؛ رۇكۇ، سەجدە، قىيام ۋە ئولتۇرۇشنى مۇكەممەل قىلىدۇ؛ نامازنىڭ ۋاقتىغا، جۇمەگە، جامائەتكە ۋە خۇشۇئقا كۆڭۈل بۆلىدۇ. خۇشۇئ ــ قەلبنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن نامازغا بېرىلىشى ۋە ئەزالارنىڭ ھۇزۇر ئېلىشىدۇر. چۈنكى خۇشۇئ ــ نامازنىڭ جېنى ۋە يۈرىكى بولۇپ، خۇشۇئسىز ناماز جانسىز جەسەتكە ئوخشايدۇ.

ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «إن الرجل لينصرف وما كتب له إلا عشر صلاته، تسعها، ثمنها، سبعها، سدسها، خمسها، ربعها، ثلثها، نصفها» «ھەقىقەتەن بىر كىشى (نامازدىن) قايتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ كىشىگە ئوقۇغان نامىزىنىڭ (ساۋابىدىن) ئوندىن بىرى، توققۇزدىن بىرى، سەككىزدىن بىرى، يەتتىدىن بىرى، ئالتىدىن بىرى، بەشتىن بىرى، تۆتتىن بىرى، ئۈچتىن بىرى ياكى يېرىمى يېزىلىدۇ».[1]

ئۈچىنچى سۈپەت: ﴿وَآتَوُا الزَّكَاةَ﴾ «زاكات بېرىدۇ»[2].

بۇ ــ زاكاتنى الله نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تەلەپ قىلغان ھالدا، ھەقلىق بولغان كىشىلەرگە چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپ تولۇق بېرىشتۇر. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ۋە ماللىرىنى پاكلايدۇ؛ ئۆزىنىڭ پېقىر، مىسكىن ۋە ئۇلاردىن باشقا مۇھتاج قېرىنداشلىرىغا مەنپەئەت بېرىدۇ. پەرز بولغان زاكاتقا ھەقلىق بولىدىغان كىشىلەرنىڭ بايانى 17 ـ سۆھبەتتە بايان قىلىنغان ئىدى.

تۆتىنچى سۈپەت: ﴿وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ﴾ «ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ»[3].

ياخشى ئىشلار ــ الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بۇيرىغان ۋاجىب ۋە مۇستەھەب ئىشلاردۇر. ئۇلار الله نىڭ شەرىئىتىنى بەرپا قىلىش، بەندىلەرنى ئىسلاھ قىلىش، الله نىڭ رەھمىتى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بۇ ئىشلارغا

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان.

[2] سۈرە ھەج 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ھەج 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇيرۇيدۇ چۈنكى مۆئمىن بىرى ـ بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان بىناغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆزىنىڭ رەببىگە ئىتائەت قىلغۇچى بولۇشىنى ياخشى كۆرگەن مۆئمىنگە، قېرىنداشلىرىنىڭمۇ رەببىگە ئىتائەت قىلغۇچى بولۇشىنى ياخشى كۆرۈشى ۋاجىب بولىدۇ. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش — ئىمان ئېيتىش ۋە تەستىقلاشتىن ئۇرغۇپ چىققان بولسا، ئۇنىڭغا بۇيرۇغان كىشى شۇ ياخشىلىقنى ئۆزى ئورۇندىغان بولۇشى لازىم چۈنكى ئۇ كىشى شۇ ئىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدا ـ مەنپەئەتلىرىگە ئىشىنىپ قانائەتلەنگەنلىكتىن باشقىلارنى شۇ ئىشقا بۇيرۇيدۇ.

بەشىنچى سۈپەت: ﴿وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ﴾ «يامان ئىشلاردىن توسىدۇ»①.

يامان ئىش — ئىبادەت ياكى ئەخلاق ۋە ياكى مۇئامىلىگە ئالاقىدار بولغان، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى چەكلىگەن چوڭ ـ كىچىك گۇناھلاردۇر. ئۇلار الله نىڭ دىنىنى قوغداش، بەندىلەرنى ھىمايە قىلىش، بۇزۇقچىلىق ۋە ئازابنىڭ سەۋەبلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاشۇ گۇناھلاردىن توسىدۇ.

دېمەك، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش — ئۇممەتنىڭ ئىززىتى ۋە بىرلىكى داۋاملىشىشىنىڭ كۈچلۈك تايانچىسىدۇر، ھەتتاكى بۇ ئارقىلىق كۆز قاراشلار ۋە پىكىرلەر بۆلۈنۈپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش — دىنىنىڭ پەرزلىرىدىن بولۇپ، ھەربىر مۇسۇلمان ئەر ۋە ئايالغا قادىر بولۇشىچە پەرزدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ۞ وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ تَفَرَّقُوا وَاخْتَلَفُوا مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَهُمُ الْبَيِّنَاتُ وَأُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ۞﴾ «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر [104]. روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ [105]»②.

ئەگەر ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش بولمىغان

① سۈرە ھەج 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ئال ئىمران 104 ـ ۋە 105 ـ ئايەتلەر.

بولسا، كىشىلەر پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ پارچىلىنىپ كەتكەن ۋە ھەر بىر گۇرۇھ ئۆزلىرىنىڭ ماڭغان يولى بىلەن خۇشاللانغان بولاتتى. ھالبۇكى، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش ئارقىلىق، بۇ ئۇممەت باشقا ئۇممەتلەردىن ئارتۇق قىلىندى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ﴾ «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، اللهقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر»①.

بۇ ئۇممەت ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇشنى تەرك ئەتسە لەنەتكە ئۇچرايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُودَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوْا وَكَانُوا يَعْتَدُونَ ۞ كَانُوا لَا يَتَنَاهَوْنَ عَنْ مُنْكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ ۞﴾ «بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى [78]. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان! [79]»②.

الله تائالا كۆرسىتىپ بەرگەن بوشىشىپ قالماسلىق، ئىرادىلىك بولۇش ۋە ماددى قۇۋۋەت تەييارلاش بىلەن بىرگە، يۇقىرىقى بەش سۈپەت قاچان ئەمىلىيلەشسە، الله نىڭ ئىزنى بىلەن نۇسرەت ھاسىل بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعْدَ اللَّهِ لَا يُخْلِفُ اللَّهُ وَعْدَهُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ۞ يَعْلَمُونَ ظَاهِرًا مِنَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ عَنِ الْآخِرَةِ هُمْ غَافِلُونَ ۞﴾ «الله (ئۇلارنى غالىب قىلىدىغانلىقىنى) ۋەدە قىلدى. الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ (چۈنكى الله نىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، سۆزى راستتۇر)، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ [6]. ئۇلار ھاياتي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر

① سۈرە ئال ئىمران 110- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە مائىدە 78- ۋە 79- ئايەتلەر.

[7]»[1]. شۇندىلا ئۇممەتكە قەلبىكە كىچىپ باقمىغان الله نىڭ نۇسرىتى ھاسىل بولىدۇ.

الله نىڭ ۋەدىسىگە شەكسىز ئىشەنگەن مۇئمىن شۇنى ئىنىق بىلىشى كېرەككى، ماددى سەۋەبلەر ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇ ئۇنى ياراتقان ۋە پەيدا قىلغان الله نىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە نىسبەتەن ھېچنەرسە ئەمەس. ئاد قەۋمى ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن پەخىرلىنىپ: «كۈچ ـ قۇۋۋەتتە بىزدىن كىم ئارتۇق؟» دېگەنىدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّ اللَّهَ الَّذِي خَلَقَهُمْ هُوَ أَشَدُّ مِنْهُمْ قُوَّةً وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يَجْحَدُونَ ۞ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا صَرْصَرًا فِي أَيَّامٍ نَحِسَاتٍ لِنُذِيقَهُمْ عَذَابَ الْخِزْيِ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَلَعَذَابُ الْآخِرَةِ أَخْزَى وَهُمْ لَا يُنْصَرُونَ ۞﴾ «ئۇلار ئۆزلىرىنى ياراتقان الله نىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى [15]. ئۇلارغا بۇ دۇنيادىلا خار قىلغۇچى ئازابنى تېتىتىشىمىز ئۈچۈن، شۇم كۈنلەردە قاتتىق سوغۇق شامالنى ئەۋەتتۇق، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ خار قىلغۇچىدۇر، ئۇلار (ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ [16]»[2].

پىرئەۋن مىسىرنىڭ پادىشاھلىقى ۋە ئاستىدىن ئېقىپ تۇرغان مىسىرنىڭ دەريالىرى بىلەن پەخىرلەنگەن ئىدى. الله تائالا ئۇنى ئۆزى پەخىرلەنگەن سۇ بىلەن غەرق قىلىپ، ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە مىراس قىلىپ بەردى. مۇسا بولسا پىرئەۋنىنىڭ نەزىرىدە ئەرزىمەس، ئوچۇق گەپ قىلالمايدىغان ئادەم ئىدى.

قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىلەن پەخىرلىنىپ، كىشىلەرگە چوڭچىلىق ۋە رىيا قىلغان ھالدا كاتتىۋاشلىرى ۋە داھىيلىرى بىلەن يۇرتلىرىدىن چىققان ئىدى. ئۇلار: «بىز بەدرگە بېرىپ، تۆگىلەرنى سويۇپ، ھاراق ـ شارابلارنى ئىچىپ، ناخشىچىلار ناخشا ئېيتىپ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنى ئەرەبلەرگە ئاڭلاتماي تۇرۇپ قايتمايمىز. شۇنداق قىلساق ئۇلار بىزدىن مەڭگۈ قورقىدىغان بولىدۇ» دېيىشكەنىدى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قوللىرى ئارقىلىق ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇپ،

---

[1] سۇرە رۇم 6 ـ ۋە 7 ـ ئايەتلەر.

[2] سۇرە فۇسسىلەت 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 16 ـ ئايەت.

تاپلىرى بەدر قۇدۇقىغا تاشلاندى ۋە قىيامەت كۈنىگىچە كىشىلەرنىڭ خارلىق ھەققىدىكى سۆزلىرىنىڭ تېمىسىغا ئايلاندى.

بىز مۇسۇلمانلار مۇشۇ ئەسىردە نۇسرەت سەۋەبلىرىنى تۇتۇپ، دىنىمىزنىڭ ۋاجىبلىرىنى ئورۇندىساق، باشقىلارغا ئەگەشكۈچى ئەمەس بەلكى ئۈلارغا ئۈلگە بولساق، ھازىرقى زامان جەڭ ۋاستىلىرىنى سەممىمىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن تۇتساق، الله تائالا بىزگە دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى خۇددى بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە ياردەم بەرگەندەك ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ. الله ئۆز ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، بەندىسىگە ياردەم بەردى، كۆپ قوشۇننى ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سُنَّةَ اللَّهِ فِي الَّذِينَ خَلَوْا مِن قَبْلُ وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ اللَّهِ تَبْدِيلًا﴾ «بۇ (يەنى مۇناپىقلارغا الله نىڭ تۇتقان يولى) الله نىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر، الله نىڭ تۇتقان يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن»[①].

ئى الله! بىز ئۇ ئارقىلىق غەلبە قازىنىدىغان، ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشىدىغان، ئىسلام يۈكسىلىدىغان، كاپىر ۋە ئاسىيلار خار بولىدىغان نۇسرەت سەۋەبلىرىنى بىزگە ھازىرلاپ بەرگىن، سەن ھەقىقەتەن كەرەملىك ۋە سېخىي زاتتۇرسەن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنىچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

---

① سۈرە ئەھزاب 62 ـ ئايەت.

## 21 ـ سۆھبەت

# رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ پەزىلىتى

الله قا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! الله كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. الله ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، الله تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ الله نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى سىلەرگە يېتىپ

كەلدى. بۇ كۈنلەردە كۆپلىگەن ياخشىلىق ۋە ئەجىرلەر، مەشھۇر پەزىلەت ۋە كاتتا ئالاھىدىلىكلەر بار.

## بۇ كۈنلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

❖ پەيغەمبەر ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە باشقا ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك تىرىشىپ ئەمەل قىلاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «أن النبي ﷺ كان يجتهد في العشر الأواخر مالا يجتهد في غيره» «پەيغەمبەر ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا تائەت-ئىبادەت قىلىشقا باشقا ۋاقىتلارغا قارىغاندا ئالاھىدە تىرىشاتتى».①

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «كان النبي ﷺ إذا دخل العشر شد مئزره وأحيا ليله وأيقظ أهله» «پەيغەمبەر ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرسە بەلۋېغىنى چىڭ باغلايتتى (يەنى ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى)، كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى ۋە ئائىلىسىنى (تەھەججۇد نامىزىغا) ئويغىتاتتى».②

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «كان النبي ﷺ يخلط العشرين بصلاة ونوم فإذا كان العشر شمر وشد المئزر» «پەيغەمبەر ﷺ (رامىزاننىڭ ئەۋۋەلقى) يىگىرمىسىدە قىيامدا تۇراتتى ۋە ئۇخلايتتى. ئاخىرقى ئونى كىرسە ئىبادەتكە تىرىشچانلىق قىلاتتى ۋە بەلۋېغىنى چىڭ باغلايتتى (يەنى ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى)».③

دېمەك، يۇقىرىقى ھەدىسلەردە مۇشۇ ئون كۈننىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىگە دەلىل بار. پەيغەمبەر ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا باشقا ۋاقىتقا قارىغاندا بەكرەك تىرىشىپ ئىبادەت قىلاتتى. مانا بۇ — ناماز، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر، سەدىقە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ئىبادەت تۈرلىرىگە تىرىشچانلىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ بەلۋېغىنى چىگىتىپ، ناماز ۋە زىكىرگە مەشغۇل بولۇش ئۈچۈن ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى.

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ ئەھمەد توپلىغان.

بۇ كېچىلەر شەرەپلىك بولغانلىقى ھەمدە اللە قا ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرغان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ قەدىر كېچىسىنى ئىزدەپ، كېچىنى قىيام ۋە قىرائەت بىلەن ھەمدە قەلب، تىل ۋە ئەزالارنىڭ زىكرى بىلەن ئۆتكۈزەتتى. يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ مەنىسى شۇكى، پەيغەمبەر ﷺ پۈتۈن كېچىنى زىكىر، قىرائەت، ناماز ئوقۇش قاتارلىق ئەمەللەر بىلەن رەببىگە ئىبادەت قىلىش، بۇ ئىبادەتلەرگە تەييارلىق قىلىش، سوھۇرلۇق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تائەت ـ ئىبادەتلەر بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە يۇقىرىقى ھەدىسلەر بىلەن «سەھىھ مۇسلىم» دىكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر ھەدىسنىڭ ئوتتۇرىسىنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ما أعلمه ﷺ قام ليلة حتى الصباح» «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە قىيامدا تۇرغانلىقىنى بىلمەيمەن». چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسىنى قىيام ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك ئىبادەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى ئېنىق بايان قىلىنغان. بۇ ھەدىستە ئىنكار قىلىنغىنى كېچىنى پەقەت قىيام بىلەنلا ئۆتكۈزۈشتۇر. اللە ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

يۇقىرىقى ھەدىستە رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىگە دەلىل بار چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ بۇ مۇبارەك كېچىلەرنى ئۇنىڭغا لايىق ئىبادەتلەر بىلەن غەنىيمەت بىلىشكە ھېرىسمەن بولۇپ، ئائىلىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ناماز ۋە زىكىرگە ئويغىتاتتى.

بۇ كېچىلەر ـــ ئىنسان ھاياتىدىكى پۇرسەت ۋە اللە مۇۋەپپەق قىلغان كىشى ئۈچۈن غەنىيمەتتۇر. شۇڭا زېرەك مۆئمىن كىشىگە نىسبەتەن ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ بۇ قىممەتلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشى توغرا ئەمەس. بۇ كېچىلەر پەقەت ساناقلىق كېچىلەردۇر. ئىنسان بەزىدە بۇ كېچىلەردە اللە تائالانىڭ بىرەر مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ ـ دە، ئۇ مۇكاپات ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت ـ سائادىتى بولۇپ قالىدۇ. ھەقىقەتەن كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ قىممەتلىك ۋاقىتلارنى مەنپەئەتسىز ئىشلاردا ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى ـــ كاتتا مەھرۇم قېلىش ۋە ئېغىر زىياننىڭ قاتارىدىندۇر.

ئۇلار كېچىنىڭ كۆپىنچە ۋاقتىلىرىنى بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدۇ، قىيامدا تۇرۇش ۋاقتى كەلسە ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ، مۇشۇ يىلدىن كېيىن مەڭگۈ تاپالماسلىق ئېھتىمالى بولغان كۆپلىگەن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ. مانا بۇ — شەيتاننىڭ ئۇلارنى گوللىشى ۋە ئالدىشى، ئۇلارنى الله نىڭ يولىدىن توسىشى ۋە ئازدۇرىشىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ عِبَادِي لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَانٌ إِلَّا مَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْغَاوِينَ﴾ «مېنىڭ بەندىلىرىمگە (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا) سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا (سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ)»[1].

ئاقىل كىشى شەيتاننىڭ ئۆزىنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، الله نى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتمايدۇ چۈنكى بۇ — ئەقىلگە ۋە ئىمانغا قارشىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَتَتَّخِذُونَهُ وَذُرِّيَّتَهُ أَوْلِيَاءَ مِن دُونِي وَهُمْ لَكُمْ عَدُوٌّ بِئْسَ لِلظَّالِمِينَ بَدَلًا﴾ «مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئىبلىس زالىملار ئۈچۈن نېمىدېگەن يامان بەدەل! (يەنى الله قا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا چوقۇنۇش نېمىدېگەن يامان!)»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الشَّيْطَانَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَاتَّخِذُوهُ عَدُوًّا إِنَّمَا يَدْعُو حِزْبَهُ لِيَكُونُوا مِنْ أَصْحَابِ السَّعِيرِ﴾ «شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ»[3].

❖ پەيغەمبەر ﷺ بۇ كۈنلەردە ئېتىكاپ قىلاتتى.

ئېتىكاپ — دۇنيا مەشغۇلاتلىرىدىن ئۈزۈلۈپ، يالغۇز الله قىلا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن مەسجىدتىن چىقماي ئىبادەت قىلىشتۇر. ئېتىكاپ الله تائالانىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىدە ئېنىق بايان قىلىنغان سۈننەتلەردىندۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُبَاشِرُوهُنَّ وَأَنتُمْ عَاكِفُونَ فِي الْمَسَاجِدِ﴾ «سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن كېچە

---

[1] سۈرە ھىجر 42- ئايەت.

[2] سۈرە كەھف 50- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە فاتىر 6- ئايەت.

بولسۇن)، ئۇلارغا (ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلماڭلار»[1].

شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ﷺ ئېتىكاپ قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىمۇ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئېتىكاپ قىلغان ئىدى. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ اعتكف العشر الأول من رمضان ثم اعتكف العشر الأوسط، ثم قال: إني أعتكف العشر الأول من رمضان ألتمس هذه الليلة، ثم أعتكف العشر الأوسط، ثم أتيت فقيل لي: إنها في العشر الأواخر. فمن أحب منكم أن يعتكف فليعتكف» «پەيغەمبەر ﷺ رامىزاننىڭ ئاۋۋالقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى ئونىدا ئېتىكاپ قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن: <مەن رامىزاننىڭ ئاۋۋالقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلىپ، بۇ كېچىنى (يەنى قەدىر كېچىسىنى) ئىزدىدىم، ئاندىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى ئونىدا ئېتىكاپ قىلدىم، كېيىن ماڭا (چۈشۈمدە) ئۇ كېچىنىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئىكەنلىكى ئېيتىلدى. سىلەردىن ئېتىكاپ قىلىشنى ياخشى كۆرگەن كىشى ئېتىكاپ قىلىشنى داۋاملاشتۇرسۇن!> دېدى»[2].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كان النبي ﷺ يعتكف العشر الأواخر من رمضان حتى توفاه الله عز وجل ثم اعتكف أزواجه من بعده» «پەيغەمبەر ﷺ الله ئۇنى ۋاپات تاپقۇزغانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلاتتى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاياللىرى ئېتىكاپ قىلىدىغان بولدى»[3].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كان النبي ﷺ يعتكف في كل رمضان عشرة أيام فلما كان العام الذي قبض فيه اعتكف عشرين يوماً» «پەيغەمبەر ﷺ ھەر يىلى رامىزاندا ئون كۈن ئېتىكاپ قىلاتتى، ۋاپات تاپقان يىلى 20 كۈن ئېتىكاپ قىلغان ئىدى»[4].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كان النبي ﷺ يعتكف العشر الأواخر من رمضان فلم يعتكف عاماً فلما كان العام المقبل اعتكف

---

[1] سۈرە بەقەرە 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] بۇخارى توپلىغان.

عشرين» «پەيغەمبەر ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلاتتى. ئاردىن بىر يىلى ئېتىكاپ قىلماي كېيىنكى يىلى يىگىرمە كۈن ئېتىكاپ قىلدى».①

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «كان النبي ﷺ إذا أراد أن يعتكف صلى الصبح ثم دخل المكان الذي يريد أن يعتكف فيه . فأراد أن يعتكف العشر الأواخر من رمضان . فأمر فضرب له خباء . فأمرت عائشة بخباء فضرب لها . وأمرت حفصة بخباء فضرب لها . فلما رأت زينب خباءهما أمرت بخباء فضرب لها . فلما رأى ذلك رسول الله ﷺ قال <آلبر تردن> فلم يعتكف في رمضان واعتكف عشرا من شوال» «پەيغەمبەر ﷺ ئېتىكاپ قىلماقچى بولسا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئېتىكاپ قىلماقچى بولغان ئورۇنغا كىرىپ كېتەتتى. پەيغەمبەر ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلماقچى بولۇپ چېدىر تىكىشكە بۇيرىدى، پەيغەمبەر ﷺ غا چېدىر تىكىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ چېدىر تىكىشكە بۇيرىدى، ئۇنىڭغىمۇ بىر چېدىر تىكىلدى. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ چېدىر تىكىشكە بۇيرىدى، ئۇنىڭغىمۇ بىر چېدىر تىكىلدى. ئاندىن زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئىككىسىنىڭ چېدىرىنى كۆرۈپ ئۆزى ئۈچۈن چېدىر تىكىشكە بۇيرىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغىمۇ بىر چېدىر تىكىلدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇ چېدىرلارنى كۆرۈپ: <بۇلار ياخشىلىقنى كۆزلەمدىكەن؟> دېدى. ئاندىن رامىزاندا ئېتىكاپ قىلماي، شەۋۋال ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلدى».②

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «مەن ئالىملاردىن ھېچبىر كىشىنىڭ ئېتىكاپ قىلىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپلاشقانلىقىنى بىلمەيمەن».

ئېتىكاپ قىلىشتىكى مەقسەت ــ الله تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى ۋە مۇكاپاتىنى تەلەپ قىلىش، قەدر كېچىسىنى تېپىش ئۈچۈن ھەمدە دۇنيا مەشغۇلاتلىرىدىن ئۈزۈلۈپ الله قا ئىتائەت قىلىش مەقسىتىدە كىشىلەردىن ئايرىلىپ، بىرەر مەسجىدنى لازىم تۇتۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىكاپ قىلغان كىشى زىكىر، قىرائەت، ناماز ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشى، بىھۇدە دۇنيا سۆزلىرىدىن ساقلىنىشى كېرەك ئەمما ھاجەت سەۋەبىدىن ئائىلىسى ياكى

① ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى «سەھىھ» دېگەن.

② ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر بىلەن مۇباھ سۆزلەر ئارقىلىق بىر ئاز پاراڭلاشسا دۇرۇس بولىدۇ. بۇنىڭغا مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنۇ ھەدىسى دەلىلدۇر. ئۇ مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ معتكفاً فأتيته أزوره ليلاً فحدثته ثم قمت لأنقلب فقام النبي ﷺ معي ليقلبني» «پەيغەمبەر ﷺ ئېتىكاپ قىلىۋاتقان ئىدى. مەن پەيغەمبەر ﷺ نى يوقلاپ كېچىدە كەلدىم. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، كېتىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ مۇ مېنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى». [1]

ئېتىكاپ قىلغان كىشىگە جىما قىلىش، سۆيۈش ۋە شەھۋەت بىلەن تۇتۇش ھارام بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُبَاشِرُوهُنَّ وَأَنْتُمْ عَاكِفُونَ فِي الْمَسَاجِدِ﴾ «سىلەر مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار»[2].

ئەمما ئېتىكاپ قىلغان كىشىنىڭ مەسجىدتىن چىقىشىغا كەلسەك، ئۇ كىشى ئېتىكاپ قىلغان ئورنىدىن بەدىنىنىڭ بىر قىسمىنى چىقارسا دۇرۇس بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كان النبي ﷺ يخرج رأسه من المسجد وهو معتكف فأغسله وأنا حائض» «پەيغەمبەر ﷺ ئېتىكاپ قىلىۋېتىپ مەسجىدتىن بېشىنى چىقىراتتى، مەن ھەيزدار تۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى يۇيۇپ قوياتتىم». [3] يەنە بىر نەقىلدە: «كانت ترجل النبي ﷺ وهي حائض وهو معتكف في المسجد وهي في حجرتها يناولها رأسه» «پەيغەمبەر ﷺ مەسجىدتە ئېتىكاپ قىلىۋېتىپ بېشىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۇزىتاتتى، ئاندىن ئۇ ھۇجرىسىدا تۇرۇپ ھەيزدار ھالەتتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بېشىنى تاراپ قوياتتى». [4]

ئېتىكاپ قىلغان كىشىنىڭ مەسجىدتىن بىر پۈتۈن چىقىشى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى، ھاجەت ئادا قىلىش، نامازغا تاھارەت ئېلىش، ۋاجىب بولغان غۇسلى قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن باشقا يېيىش ۋە ئىچىشكە ئوخشاش تەبىئىي

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە بەقەرە 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] بەيھەقى توپلىغان.

[4] بۇخارى توپلىغان.

ۋە شەرئىي زۆرۈر بولغان ئىشنى مەسجىدتە قىلىش مۇمكىن بولمىسا، بۇ ئىشلار ئۇچۇن مەسجىدتىن چىقىش دۇرۇس. ناۋادا بۇ ئىشلارنى مەسجىدتە قىلىش مۇمكىن بولسا، مەسىلەن، مەسجىدتە ھاجىتىنى ئادا قىلىش ۋە غۇسلى قىلىشقا مۇمكىن بولىدىغان مۇنچا بولسا ياكى ئۇ كىشى ئۇچۇن يېمەك-ئىچمىكىنى ئەكىلىپ بېرىدىغان كىشى بولسا، بۇ ۋاقىتتا بۇ ئىشلارغا ھاجىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەسجىدتىن چىقىش دۇرۇس ئەمەس.

ئىككىنچى، كېسەل يوقلاش، جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزىگە ۋاجىب بولمىغان بىر ئىش ئۈچۈن چىقىش دۇرۇس ئەمەس. لېكىن بۇ كىشى ئېتىكاپنىڭ بېشىدىلا بۇنى شەرت قىلغان بولسا، مەسىلەن، بۇ كىشى يوقلاشنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقىدىغان بىر كېسەل بولسا، ئاندىن بۇ كىشى ئېتىكاپنىڭ بېشىدىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن چىقىشنى شەرت قىلغان بولسا بۇ خىل ئەھۋالدا چىقىشى دۇرۇس.

ئۈچىنچى، ئېلىم-سېتىم، ئايالى بىلەن جىما قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئېتىكاپقا قارشى كېلىدىغان بىر ئىش ئۈچۈن چىقىش شەرتلىك ياكى شەرتسىز بولسۇن دۇرۇس ئەمەس. بۇنداق قىلىش ئېتىكاپنى بۇزۇۋېتىدۇ ۋە ئېتىكاپنىڭ مەقسىتىگە قارشى كېلىدۇ.

❖ بۇ كۈنلەرنىڭ ئىچىدە مىڭ ئايدىن ئەۋزەل بولغان قەدر كېچىسى بار.

الله سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن، بۇ ئون كۈننىڭ پەزىلىتىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە ئۇنى زايە قىلىۋەتمەڭلار! ئۇنىڭ ۋاقتى قىممەتلىك ۋە ياخشىلىقى ئوچۇق-ئاشكارىدۇر.

ئى الله! بىزنى دىنىمىز ۋە دۇنيالىقىمىز ئىسلاھ بولىدىغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلغىن، ئاخىرەتلىكىمىزنى گۈزەل قىلىپ بەرگىن، ياتار جايىمىزنى ئالىي قىلغىن. ئى مېھرىبان الله! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا-ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

# 22 - سۆھبەت

## رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى ئىچىدە قەدىر كېچىسىگە تىرىشچانلىق قىلىش ھەققىدە

ﷲ قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! ﷲ كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر: ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر: مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر: ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ﷲ ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر. ﷲ تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان ﷲ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا: مۇھەممەد ﷺ نىڭ ﷲ نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ﷲ تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، ﷲ تائالا ئۇنى باشقا كۈنلەردىن شەرەپلىك قىلغان، بۇ

ئۇممەتكە ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ياخشىلىقىنى مول قىلىش بىلەن ئېھسان قىلغان قەدىر كېچىسى ــ مۇشۇ مۇبارەك ئون كۈننىڭ ئىچىدىدۇر. اللہ تائالا ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئۆزىنىڭ روشەن كىتابىدا تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَنزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةٍ مُّبَارَكَةٍ إِنَّا كُنَّا مُنذِرِينَ۞ فِيهَا يُفْرَقُ كُلُّ أَمْرٍ حَكِيمٍ۞ أَمْرًا مِّنْ عِندِنَا إِنَّا كُنَّا مُرْسِلِينَ۞ رَحْمَةً مِّن رَّبِّكَ إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ۞ رَبِّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا إِن كُنتُم مُّوقِنِينَ۞ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُ رَبُّكُمْ وَرَبُّ آبَائِكُمُ الْأَوَّلِينَ۞﴾ «بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى قەدىر كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (قۇرئان بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولدۇق [3]. ئۇ كېچىدە ھەر بىر ھېكمەتلىك (يەنى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىنغان) ئىش (يەنى بەندىلەرنىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە باشقا ئەھۋالى) ئايرىلىدۇ [4]. (شۇ كېچە تەقدىر قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن بولغان ئىشتۇر، بىز ھەقىقەتەن (ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتكۈچى بولدۇق [5]. (شۇ) رەببىڭنىڭ رەھمىتىدىندۇر. ئۇ ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [6]. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشەنگۈچى بولساڭلار، (ئۇ) ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ رەببىدۇر [7]. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنىڭ) جېنىنى ئالالايدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئىلگىرىكى ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ رەببىدۇر [8]»①. ئۇنىڭ ياخشىلىقى، بەرىكىتى ۋە پەزىلىتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، اللہ تائالا بۇ كېچىنى «مۇبارەك كېچە» دەپ سۈپەتلىدى.

### بۇ كېچىنىڭ بەرىكەتلىرى

❖ مۇبارەك قۇرئان كەرىم مۇشۇ كېچىدە نازىل بولغان.

اللہ تائالا بۇ كېچىنى «ھەربىر ھېكمەتلىك (يەنى ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە قىلىنغان) ئىش ئايرىلىدىغان كېچە» دەپ سۈپەتلىگەن. اللہ نىڭ ئەمرىدىن ئاشۇ يىلدا يۈز بېرىدىغان رىزىق، ئەجەل، ياخشىلىق، يامانلىق ھەمدە اللہ تائالانىڭ ئۇنىڭدا يوچۇق، نۇقسان ۋە بىھۇدىلىك بولمىغان ناھايىتى پۇختا بۇيرۇقلىرىدىن بولغان ھەربىر ھېكمەتلىك ئىش لەۋھۇلمەھپۇزدىن

---

① سۈرە دۇخان 3- ئايەتتىن 8- ئايەتكىچە.

پەرىشتىلەرگە ئايرىپ بېرىلىدۇ. مانا بۇ ــ غالىب ۋە ھەممىنى بىلگۈچى الله نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ فِي لَيۡلَةِ ٱلۡقَدۡرِ ۞ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا لَيۡلَةُ ٱلۡقَدۡرِ ۞ لَيۡلَةُ ٱلۡقَدۡرِ خَيۡرٞ مِّنۡ أَلۡفِ شَهۡرٖ ۞ تَنَزَّلُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ وَٱلرُّوحُ فِيهَا بِإِذۡنِ رَبِّهِم مِّن كُلِّ أَمۡرٖ ۞ سَلَٰمٌ هِيَ حَتَّىٰ مَطۡلَعِ ٱلۡفَجۡرِ ۞﴾ «بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق [1]. قەدىر كېچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ [2] قەدىر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر [3]. پەرىشتىلەر ۋە جىبرىئىل شۇ كېچىدە رەببىنىڭ ئەمرى بىلەن (زېمىنغا الله تەقدىر قىلغان) بارلىق ئىش ئۈچۈن چۈشىدۇ [4]. شۇ كېچە تاڭ يورۇغانغا قەدەر پۈتۈنلەي تىنچ ـ ئامانلىقتىن ئىبارەتتۇر [5]»[1].

«ٱلۡقَدۡرِ» ــ شەرەپلىك ۋە ھۆرمەتلىك ياكى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ھۆكۈم قىلىش دېگەن مەنىدىدۇر. چۈنكى، قەدىر كېچىسى ــ الله تائالا ئۇنىڭدا شۇ يىلدا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدىغان ۋە ھۆكۈم قىلىدىغان، شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ كېچىدۇر.

﴿لَيۡلَةُ ٱلۡقَدۡرِ خَيۡرٞ مِّنۡ أَلۡفِ شَهۡرٖ﴾ «قەدىر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر»[2]. پەزىلەت ۋە شەرەپتە، ئەجىر ۋە مۇكاپاتنىڭ كۆپلىكىدە مىڭ ئايدىن ياخشىدۇر. شۇڭلاشقا كىمكى ئۇ كېچىدە (الله قا ۋە ئۇنىڭ ۋەدىسىگە) ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

«تَنَزَّلُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ» «پەرىشتىلەر چۈشىدۇ». الله تائالانىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەت قىلىپ تۇرىدىغان بەندىلىرىدىن بىر تۈركۈم بەندىلەر چۈشىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿عِندَهُۥ لَا يَسۡتَكۡبِرُونَ عَنۡ عِبَادَتِهِۦ وَلَا يَسۡتَحۡسِرُونَ ۞ يُسَبِّحُونَ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَ لَا يَفۡتُرُونَ ۞﴾ «الله نىڭ دەرگاھىدىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) الله نىڭ ئىبادىتىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتمايدۇ ۋە ھېرىپمۇ قالمايدۇ [19]. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ [20]»[3]. قەدىر كېچىسى پەرىشتىلەر زېمىنغا ياخشىلىق، بەرىكەت ۋە رەھمەت بىلەن چۈشىدۇ.

---

[1] سۈرە قەدر 1 ـ ئايەتتىن 5 ـ ئايەتكىچە.

[2] سۈرە قەدر 3 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ئەنبىيا 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 20 ـ ئايەت.

«وَالرُّوحُ» — جىبرىئىلدۇر. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام شەرەپلىك ۋە پەزىلەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا ئۇنى ئايرىم تىلغا ئالدى.

«سَلَامٌ هِيَ» «(تىنچ ـ ئامانلىق)». قەدر كېچىسى — مۆئمىنلەر ھەر قانداق قورقۇنچتىن تىنچ ـ ئامان بولىدىغان كېچىدۇر چۈنكى ئۇ كېچىدە كۆپلىگەن كىشىلەر دوزاختىن ئازاد قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن ئامان بولىدۇ.

«حَتَّى مَطْلَعِ الْفَجْرِ» «(تاڭ يورۇغانغا قەدەر)». تاڭ يورۇشى بىلەن كېچىنىڭ ئەملى ئاخىرلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، قەدر كېچىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئاخىرلىشىدۇ.

يۇقىرىقى سۈرىدە قەدر كېچىسىنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك پەزىلەتلىرى بايان قىلىنغان:

بىرىنچى تۈرلۈك پەزىلەت — ئىنسانىيەتكە ھىدايەت بولغان، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت ـ سائادىتى بولغان قۇرئان كەرىمنى الله تائالانىڭ بۇ كېچىدە نازىل قىلغانلىقى.

ئىككىنچى تۈرلۈك پەزىلەت — الله تائالانىڭ: ﴿وَمَا أَدْرَاكَ مَا لَيْلَةُ الْقَدْرِ﴾ «(قەدر كېچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟)»[1] دېگەن سۆزىدىكى سوئال — ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بۈيۈكلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۈچىنچى تۈرلۈك پەزىلەت — بۇ كېچىنىڭ مىڭ ئايدىن ياخشى ئىكەنلىكى.

تۆتىنچى تۈرلۈك پەزىلەت — بۇ كېچىدە پەرىشتىلەرنىڭ چۈشىدىغانلىقى. پەرىشتىلەر پەقەت ياخشىلىق، بەرىكەت ۋە رەھمەت بىلەن چۈشىدۇ.

بەشىنچى تۈرلۈك پەزىلەت — بۇ كېچىنىڭ تىنچ ـ ئامان كېچە ئىكەنلىكى. چۈنكى، بۇ كېچىدە الله قا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئازابتىن ئامان بولىدىغانلار ناھايىتى كۆپ.

ئالتىنچى تۈرلۈك پەزىلەت — الله تائالانىڭ بۇ كېچىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە قىيامەت كۈنىگىچە تىلاۋەت قىلىنىدىغان پۈتۈن بىر سۈرە نازىل قىلغانلىقى.

قەدر كېچىسىنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «من قام ليلة القدر إيماناً

[1] سۈرە قەدر 2 ـ ئايەت.

واحتساباً غفر له ما تقدم من ذنبه» «كىمكى قەدر كېچىسى (الله قا ۋە ئۇنىڭ ۋەدىسىگە) ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1]. مانا بۇ مۇكاپات قەدر كېچىسىنى بىلگەن ياكى بىلەلمىگەن ھەممە كىشىگە ھاسىل بولىدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ قەدر كېچىسىنى بىلىشنى بۇ ئەجىرنىڭ ھاسىل بولۇشىنىڭ شەرتى قىلمىغان.

قەدر كېچىسى رامىزان ئېيىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ چۈنكى الله تائالا قۇرئاننى قەدر كېچىسىدە نازىل قىلغان ۋە قۇرئاننىڭ رامىزان ئېيىدا نازىل قىلىنغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ فِي لَيۡلَةِ ٱلۡقَدۡرِ﴾ «بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن قەدر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق»[2]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شَهۡرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِيٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلۡقُرۡءَانُ﴾ «رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى»[3].

مانا بۇنىڭدىن شۇ ئېنىق بولىدۇكى، قەدر كېچىسى رامىزان ئېيىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ كېچە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئىچىدىمۇ بار ئىدى لېكىن بۇ ئۈممەت ئىچىدە قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: ‹يا رسول الله أخبرني عن ليلة القدر أهي في رمضان أم في غيره؟› ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا قەدر كېچىسى توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن، ئۇ رامىزاندىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئايدىمۇ؟› دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹بل هي في رمضان› ‹ئۇ رامىزان ئېيىدا› دەپ جاۋاب بەردى. مەن: ‹تكون مع الأنبياء ما كانوا فإذا قبضوا رفعت، أم هي إلى يوم القيامة؟› ‹قەدر كېچىسى پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلار قەبزى روھ قىلىنسا كۆتۈرۈلۈپ كېتەمدۇ ياكى قىيامەت كۈنىگىچە داۋام قىلامدۇ؟› دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: ‹بل هي إلى يوم القيامة› ‹ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە داۋام قىلىدۇ› دەپ جاۋاب بەردى».[4]

لېكىن، خۇددى جۈمە كۈنىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەزىلەتلەر

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە قەدر 1 ـ ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان.

مۇشۇ ئۇممەتكە خاس قىلىنغاندەك، بۇ كېچىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەجىرىمۇ مۇشۇ ئۇممەتكە خاستۇر. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تحروا ليلة القدر في العشر الأواخر من رمضان» «قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدىن ئىزدەڭلار». [1]

ئۇ جۈپ كېچىلەرگە قارىغاندا تاق كېچىلەردە بولۇش ئېھتىمالى بەكرەك چوڭ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تحروا ليلة القدر في الوتر من العشر الأواخر من رمضان» «قەدىر كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىنىڭ تاق كېچىلىرىدىن ئىزدەڭلار». [2]

ئۇ كېچىنىڭ ئاخىرقى يەتتە كۈنىنىڭ ئىچىدە بولۇش ئېھتىمالى چوڭ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «أن رجالاً من أصحاب النبي ﷺ أروا ليلة القدر في المنام في السبع الأواخر فقال النبي ﷺ: "أرى رؤياكم قد تواطأت في السبع الأواخر، فمن كان متحريها فليتحرها في السبع الأواخر"» «بىر مۇنچە ساھابىلەر چۈشىدە قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتە كېچىسىدە ئىكەنلىكىنى كۆردى. پەيغەمبەر ﷺ: <چۈشۈڭلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتىسىگە ماس ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. كىمكى قەدىر كېچىسىنى ئىزدىمەكچى بولسا، رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتىسىدىن ئىزدىسۇن> دېدى». [3]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «التمسوها في العشر الأواخر فإن ضعف أحدكم أو عجز فلا يغلبن على السبع البواقي» «قەدىر كېچىسىنى (رامىزاننىڭ) ئاخىرقى ئونىدىن ئىزدەڭلار، ئەگەر كىمكى بۇنىڭدىن ئاجىز كەلسە، قالغان يەتتىسىنى قولدىن بەرمىسۇن». [4]

رامىزاننىڭ ئاخىرقى يەتتىسىنىڭ تاق كېچىلىرى ئىچىدە قەدىر كېچىسى بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرىراقى — يىگىرمە يەتتىنچى كېچىدۇر. ئۇبەي

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] مۇسلىم توپلىغان.

ئىبنى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «والله إني لأعلم أي ليلة هي الليلة التي أمرنا رسول الله ﷺ بقيامها هي ليلة سبع وعشرين» «الله بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ بىزنى قىيامدا تۇرۇشقا بۇيرۇغان كېچىنىڭ قايسى كېچە ئىكەنلىكىنى مەن ئەلۋەتتە بىلىمەن. ئۇ بولسىمۇ 27_ كېچىدۇر». ①

قەدر كېچىسى ــ ھەر يىلى مۇئەييەن بىر كېچىگە خاس ئەمەس. بەلكى ئۇ يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىر يىلى 27_ كېچىسى بولسا، يەنە بىر يىلى الله نىڭ خاھىشى ۋە رەھمىتى بويىچە 25_ كېچىسى بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «التمسوها في تاسعة تبقى، في سابعة تبقى، في خامسة تبقى» «قەدر كېچىسىنى (رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا) قېلىپ قالغان توققۇزىنچى كېچىسى، يەتتىنچى كېچىسى ۋە بەشىنچى كېچىسى ئىزدەڭلار». ②

«فتح الباري» ناملىق كىتابتا: «كۈچلۈك كۆز قاراش شۇكى، قەدر كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىنىڭ تاق كېچىلىرىدە بولىدۇ ۋە يۆتكىلىپ تۇرىدۇ» دېيىلگەن.

بەندىلەرنىڭ الله نىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاشۇ پەزىلەتلىك كېچىلەردە ناماز، زىكىر ۋە دۇئا بىلەن قەدر كېچىسىنى ئىزدەپ، كۆپ ئەمەل قىلىش ئارقىلىق الله قا بولغان يېقىنلىقنى ۋە مۇكاپاتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن، شۇنداقلا الله ئۇلارنى سىناش، ئۇ كېچىنى ئىزدەپ تىرىشچانلىق قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ھېرىسمەن بولغان كىشىنى، ئۇنىڭغا سەل قاراپ ھورۇنلۇق قىلغان كىشىدىن ئايرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۇنىڭ قايسى كۈندە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمىدى چۈنكى بىر نەرسىگە ھېرىسمەن بولغان كىشى ئۇنى تەلەپ قىلىشقا تىرىشچانلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭغا يېتىش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش يولىدا مۇشەققەتلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ. الله تائالا گاھىدا قەدر كېچىسىنى بىلىشنى، بەزى بەندىلىرىگە چۈشىدە كۆرىدىغان بەلگە ۋە ئالامەتلەر ئارقىلىق ئاشكارىلايدۇ. شۇنداقلا، پەيغەمبەر ﷺ قەدر كېچىسىنىڭ ئالامىتى توغرىسىدا ئەتىگىنى لاي سۇغا سەجدە قىلىپ چۈش كۆرگەن. ھەقىقەتەن شۇ كېچە يامغۇر يېغىپ، پەيغەمبەر ﷺ بامدات نامىزىدا لاي سۇغا سەجدە قىلغان.

① مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى توپلىغان.

قېرىنداشلىرىم، قەدىر كېچىسىدە ئىشكىلەر ئېچىلىدۇ، دوستلار يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ، خىتاب ئاڭلىنىپ جاۋاب قايتۇرۇلىدۇ ۋە بۇ كېچىدە ئەمەل قىلغانلارغا كاتتا ئەجىرلەر يېزىلىدۇ. قەدىر كېچىسى ــ مىڭ ئايدىن ياخشىدۇر. شۇڭلاشقا، ئۇنى ئىزدەشكە تىرىشچانلىق قىلىڭلار، الله سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن! مانا بۇ ئۇنى ئىزدەيدىغان ۋاقىتلاردۇر، (شۇڭا بۇ ۋاقىتلاردا) غەپلەتتە قېلىشتىن ئاگاھ بولۇڭلار! چۈنكى غەپلەتتە قېلىش ھالاك بولۇشقا باشلايدۇ.

ئۆمۈر ئۆتتى تاماشا، شارابلاردا غەپلەتتە،
ئېسىت! دېدىم شۇ ئۆتكەن ئۆمۈرۈمگە ھەسرەتتە.
شۈكۈر ـ ھەمدە يولىنى نېمە توستى بىلمىدىم،
زايە بولغان ئۆمرۈمگە تاپالمىدىم بىر ئۆزرە.

تاللىۋالدى رەببىمىز بىزنى ئۇلۇغ بىر ئايغا،
قۇرئان چۈشكەن ئۇ ئايدا بۈيۈك پەزلى ـ رەھمەتتە.
ئوخشىشى يوق بۇ ئايىنىڭ بولغاچ قەدىر كېچىسى،
بۇ ئايدىكى ياخشىلىق زاھىر ھەدىس ـ سۈننەتتە.

تاق كېچىلەر ھەققىدە كەلگەن سەھىھ كۆپ نەقىل،
تەلەپ قىلغان كىشىگە خۇش مۇبارەك ئەلۋەتتە.
ئۇ كېچىدە چۈشىدۇ پەرىشتىلەر نۇر بىلەن،
تىنچ ـ ئاماندۇر ئۇ كېچە ھەتتاكى تاڭ كەلگۈچە.

قەدىرلىگىن ئەي ئىنسان! چۈنكى ئاشۇ كېچىدە،
ئازاد بولۇر دوزاختىن كىشى ئۆزى سەزمەستە.

ئى الله ! بىزنى بۇ ئايدا روزا تۇتقان، قەدىر كېچىسىنى تاپقان، مول ئەجىر ۋە ساۋابقا ئېرىشكەن كىشىلەر قاتارىدىن قىلغىن. ئى الله ! بىزنى ياخشىلىققا ئالدىرايدىغانلار، يامان ئىشلاردىن قاچىدىغانلار، سەن ئۇلارغا ئىنئام قىلغان ۋە ئۇلارنى يامانلىقتىن ساقلاپ قالغان كىشىلەر بىلەن بىللە جەننەتنىڭ ئېسىل سارايلىرىدا ئەمىن بولغان ھالدا تۇرىدىغانلار قاتارىدىن قىلغىن. ئى مېھرىبان الله ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

## 23 ـ سۆھبەت

# جەننەت سۇپەتلىرى ( الله تائالا بىزنى ئۇنىڭ ئەھلىدىن قىلسۇن! )

الله قا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! الله كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. الله ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، الله تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ الله نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە

كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار! جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنسان قەلبىگە كېچىپ باقمىغان نېئمەتلەر باردۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَثَلُ الْجَنَّةِ الَّتِي وُعِدَ الْمُتَّقُونَ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ أُكُلُهَا دَائِمٌ وَظِلُّهَا﴾ «تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىلىرى تۈگىمەيدۇ، ھەمىشە سايە چۈشۈپ تۇرىدۇ»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَثَلُ الْجَنَّةِ الَّتِي وُعِدَ الْمُتَّقُونَ فِيهَا أَنْهَارٌ مِنْ مَاءٍ غَيْرِ آسِنٍ وَأَنْهَارٌ مِنْ لَبَنٍ لَمْ يَتَغَيَّرْ طَعْمُهُ وَأَنْهَارٌ مِنْ خَمْرٍ لَذَّةٍ لِلشَّارِبِينَ وَأَنْهَارٌ مِنْ عَسَلٍ مُصَفًّى وَلَهُمْ فِيهَا مِنْ كُلِّ الثَّمَرَاتِ وَمَغْفِرَةٌ مِنْ رَبِّهِمْ﴾ «تەقۋادارلارغا ۋەدە قىلىنغان جەننەتنىڭ سۈپىتى شۇكى، ئۇ يەردە رەڭگى ئۆزگەرمىگەن سۇدىن ئۆستەڭلار، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈتتىن ئۆستەڭلار، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەيدىن ئۆستەڭلار ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلار بولىدۇ. ئۇلارغا جەننەتتە بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك مېۋىلەر بولىدۇ ۋە رەببى تەرىپىدىن مەغپىرەت بولىدۇ»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَبَشِّرِ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ كُلَّمَا رُزِقُوا مِنْهَا مِنْ ثَمَرَةٍ رِزْقًا قَالُوا هَذَا الَّذِي رُزِقْنَا مِنْ قَبْلُ وَأُتُوا بِهِ مُتَشَابِهًا وَلَهُمْ فِيهَا أَزْوَاجٌ مُطَهَّرَةٌ وَهُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بەرگىن. ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: <بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن (دۇنيادىمۇ) رىزىقلاندۇرۇلغان ئىدۇق> دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَدَانِيَةً عَلَيْهِمْ ظِلَالُهَا وَذُلِّلَتْ قُطُوفُهَا تَذْلِيلًا ۞ وَيُطَافُ عَلَيْهِمْ بِآنِيَةٍ مِنْ فِضَّةٍ وَأَكْوَابٍ كَانَتْ قَوَارِيرَا ۞ قَوَارِيرَ مِنْ فِضَّةٍ قَدَّرُوهَا تَقْدِيرًا ۞ وَيُسْقَوْنَ فِيهَا كَأْسًا كَانَ مِزَاجُهَا زَنْجَبِيلًا ۞ عَيْنًا فِيهَا تُسَمَّى سَلْسَبِيلًا ۞ وَيَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُخَلَّدُونَ إِذَا رَأَيْتَهُمْ حَسِبْتَهُمْ لُؤْلُؤًا مَنْثُورًا ۞

[1] سۈرە رەئد 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە مۇھەممەد 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە بەقەرە 25 ـ ئايەت.

﴿وَإِذَا رَأَيْتَ ثَمَّ رَأَيْتَ نَعِيمًا وَمُلْكًا كَبِيرًا﴾ «جەننەتتىكى (دەرەخلەرنىڭ) سايىلىرى ئۇلارغا يېقىندۇر، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ [14]. ئۇلارغا (تاماق قاچىلانغان) كۈمۈش تەخسىلەر، (مەي تولدۇرۇلغان) كۈمۈشتىن ياسالغان (شىشىدەك سۈزۈك) جاملار ئايلاندۇرۇپ سۇنۇلۇپ تۇرىدۇ، (ساقىيلار ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ) لايىق ئۆلچەيدۇ (يەنى ئىچكۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپمۇ قالمايدۇ، كېمىيىپمۇ قالمايدۇ) [15-16]. ئۇلار يەنە جەننەتتە زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام بىلەن (يەنى جامدىكى مەي بىلەن) سۇغىرىلىدۇ [17]. جەننەتتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقمۇ بار [18]. قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن چېغىڭدا (ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈزۈكلۈكى ۋە نۇرلۇقلۇقىغا قاراپ) ئۇلارنى تېرىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن [19]. قاچانكى سەن قارايدىغان بولساڭ، بۇ يەردە (تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان) نېئمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن [20]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٍ ۞ لَا تَسْمَعُ فِيهَا لَاغِيَةً ۞ فِيهَا عَيْنٌ جَارِيَةٌ ۞ فِيهَا سُرُرٌ مَرْفُوعَةٌ ۞ وَأَكْوَابٌ مَوْضُوعَةٌ ۞ وَنَمَارِقُ مَصْفُوفَةٌ ۞ وَزَرَابِيُّ مَبْثُوثَةٌ ۞﴾ «ئۇلار ئالىي جەننەتتىدۇر [10]. ئۇ يەردە يامان سۆز ئاڭلىمايدۇ [11]. ئۇ يەردە بۇلاقلار ئېقىپ تۇرىدۇ [12]. ئۇ يەردە ئېگىز تەختلەر، قاتار تىزىلغان قەدەھلەر، رەت-رەت قويۇلغان ياستۇقلار، سېلىنغان ئېسىل بىساتلار بار [13-16]»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُحَلَّوْنَ فِيهَا مِنْ أَسَاوِرَ مِنْ ذَهَبٍ وَلُؤْلُؤًا وَلِبَاسُهُمْ فِيهَا حَرِيرٌ﴾ «ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى، مەرۋايىتلارنى تاقايدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿عَالِيَهُمْ ثِيَابُ سُنْدُسٍ خُضْرٌ وَإِسْتَبْرَقٌ وَحُلُّوا أَسَاوِرَ مِنْ فِضَّةٍ وَسَقَاهُمْ رَبُّهُمْ شَرَابًا طَهُورًا﴾ «ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا يىپەك ۋە قېلىن يىپەكتىن (تەييارلانغان) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، (ئۇلار) كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ،

① سۈرە ئىنسان 14 ـ ئايەتتىن 20 ـ ئايەتكىچە.
② سۈرە غاشىيە 10 ـ ئايەتتىن 16 ـ ئايەتكىچە.
③ سۈرە فاتىر 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رەببى ئۇلارنى پاك شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ»[1].

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُتَّكِئِينَ عَلَىٰ سُرُرٍ مَّصْفُوفَةٍ وَزَوَّجْنَاهُم بِحُورٍ عِينٍ﴾ «ئۇلار قاتار تىزىلغان تەختلەر ئۈستىدە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرىدۇ، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىپ بېرىمىز»[2].

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُّتَّكِئِينَ فِيهَا عَلَى الْأَرَائِكِ لَا يَرَوْنَ فِيهَا شَمْسًا وَلَا زَمْهَرِيرًا﴾ «ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ»[3].

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي مَقَامٍ أَمِينٍ ۞ فِي جَنَّاتٍ وَعُيُونٍ ۞ يَلْبَسُونَ مِن سُندُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ مُّتَقَابِلِينَ ۞ كَذَٰلِكَ وَزَوَّجْنَاهُم بِحُورٍ عِينٍ ۞ يَدْعُونَ فِيهَا بِكُلِّ فَاكِهَةٍ آمِنِينَ ۞﴾ «تەقۋادارلار ھەقىقەتەن بىخەتەر جايدا بولىدۇ [51]. باغلاردا، بۇلاقلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ [52]. ئۇلار قېلىن، يۇپقا يىپەك كىيىملەرنى كىيىپ بىر-بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ [53]. (ئۇلارنى تۈرلۈك ھۆرمەتلەر بىلەن) مۇشۇنداق ئىكرام قىلىدۇق، شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەرنى ئۇلارغا جۈپ قىلىمىز [54]. ئۇلار جەننەتتە (مېۋە ئېغىرلىشىش ۋە كېسەللىكلەردىن) ئەمىن بولغان ھالدا (خىزمەتچىلەردىن) ھەممە مېۋىلەرنى (كەلتۈرۈشنى) تەلەپ قىلىدۇ [55]»[4].

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ادْخُلُوا الْجَنَّةَ أَنتُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ تُحْبَرُونَ ۞ يُطَافُ عَلَيْهِم بِصِحَافٍ مِّن ذَهَبٍ وَأَكْوَابٍ ۖ وَفِيهَا مَا تَشْتَهِيهِ الْأَنفُسُ وَتَلَذُّ الْأَعْيُنُ ۖ وَأَنتُمْ فِيهَا خَالِدُونَ ۞﴾ «(ئۇلارغا) <سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال-خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار> (دېيىلىدۇ) [70]. ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام)، ئالتۇن جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر [71]»[5].

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فِيهِنَّ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَانٌّ ۞ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ۞ كَأَنَّهُنَّ الْيَاقُوتُ وَالْمَرْجَانُ ۞﴾ «ئۇ جەننەتلەردە ئەرلىرىدىن

[1] سۈرە ئىنسان 21- ئايەت.

[2] سۈرە تۇر 20- ئايەت.

[3] سۈرە ئىنسان 13- ئايەت.

[4] سۈرە دۇخان 51- ئايەتتىن 55- ئايەتكىچە.

[5] سۈرە زۇخرۇف 70- ۋە 71- ئايەتلەر.

باشقىلارغا قارىمايدىغان، ئەرلىرىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھېچ ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان خوتۇنلار بار [56]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ قايسى نېئمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [57] گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر [58]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فِيهِنَّ خَيْرَاتٌ حِسَانٌ ۞ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ ۞ حُورٌ مَقْصُورَاتٌ فِي الْخِيَامِ ۞﴾ «ئۇ جەننەتلەردە چىرايلىق خوتۇنلار بار [70]. (ئى ئىنسانلار! جىنلار!) سىلەر رەببىڭلارنىڭ قايسى نېئمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ [71] ئۇلار (جەننەتنىڭ) چېدىرلىرىدا مەستۇرە ھۆرلەردۇر [72]»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا الْحُسْنَى وَزِيَادَةٌ وَلَا يَرْهَقُ وُجُوهَهُمْ قَتَرٌ وَلَا ذِلَّةٌ أُولَئِكَ أَصْحَابُ الْجَنَّةِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ «ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە الله نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم-قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ). ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر»④. بۇ ئايەتتىكى «الْحُسْنَى» دېگىنى — جەننەتتۇر چۈنكى ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل ماكان يوق. «وَزِيَادَةٌ» دېگىنى — الله تائالانىڭ جامالىغا قاراشتۇر. الله بىزگە ئۆز پەزلى-ئېھسانى بىلەن ئۇنى رىزىق قىلىپ بەرسۇن!

جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى، نېئمەتلىرى، ئۇنىڭدىكى خۇرسەنلىك ۋە شادلىق ھەققىدىكى ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر.

ھەدىسلەرگە كەلسەك، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قلنا: يا رسول الله حدثنا عن الجنة ما بناؤها قال: لبنة ذهب ولبنة فضة، وملاطها المسك، وحصباؤها اللؤلؤ والياقوت، وترابها الزعفران، من يدخلها ينعم ولا يبأس، ويخلد ولا يموت، لا تبلى ثيابه، ولا

① سۇرە رەھمان 56- ئايەتتىن 58- ئايەتكىچە.
② سۇرە رەھمان 70- ئايەتتىن 72- ئايەتكىچە.
③ سۇرە سەجدە 17- ئايەت.
④ سۇرە يۇنۇس 26- ئايەت.

يفنى شبابه» «بىز: <ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە جەننەت توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن، جەننەتنىڭ بىنالىرى نېمىدىن ياسالغان؟> دەپ سورىساق، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <بىر خىشى ئالتۇندىن، بىر خىشى كۈمۈشتىن، ئۇنىڭ لېيى (خۇشپۇراق) ئىپاردىن، ئۇششاق تاشلىرى مەرۋايىت ۋە ياقۇتتىن، توپىسى زەپەردىندۇر. كىم ئۇنىڭغا كىرسە نېئمەتكە ئېرىشىدۇ، بەختكە نائىل بولىدۇ، ئۆلمەستىن ئەبەدىي ياشايدۇ، كىيىملىرى كونىرىمايدۇ ۋە ياشلىقى تۈگەپ كەتمەيدۇ (يەنى قېرىماي ياش پېتى تۇرىدۇ)> دېدى». ①

ئۇتبە ئىبنى غەزۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبە سۆزلىمەكچى بولۇپ الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «فإن الدنيا قد آذنت بِصُرم، وولّت حذّاء، ولم يبق منها إلا صبابة كصبابة الإناء يصطبها صاحبها، وإنكم منتقلون منها إلى دار لا زوال لها، فانتقلوا بخير ما يحضُرنَّكم، ولقد ذكر لنا أن مصراعين من مصاريع الجنة بينهما مسيرة أربعين سنة، وليأتين عليه يوم وهو كظيظ من الزحام» «دۇنيا ئاخىرلىشىشقا قاراپ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتماقتا. دۇنيانىڭ پەقەتلا ئىگىسى يالايدىغان قاچىدىكى تاماق قالدۇقىغا ئوخشاش ۋاقتى قېلىپ قالدى. سىلەر بۇ دۇنيادىن مەڭگۈ يوقالمايدىغان ماكانغا يۆتكىلىسىلەر، شۇڭا ئالدىڭلاردا بار نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرى بىلەن يۆتكىلىڭلار. بىزگە شۇنداق بايان قىلىپ بېرىلدىكى، جەننەت دەرۋازىلىرى كېشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ئارىلىقى 40 يىللىق مۇساپىدۇر. ئۇنىڭغا شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، جەننەتكە كىرگۈچىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇ توشۇپ كېتىدۇ». ②

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «في الجنة ثمانية أبواب، فيها باب يسمى: الريان، لا يدخله إلا الصائمون» «جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسى بار. ئۇنىڭدا رەييان دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرۋازا بولۇپ، بۇنىڭدىن پەقەت روزا تۇتقان كىشىلەرلا كىرەلەيدۇ». ③

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ قال: ألا هل مُشَمِّر إلى الجنة ؟، فإن الجنة لا خطر لها، هي ورب الكعبة نور يتلألأ،

① ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

وريحانة تهتز، وقصر مشيد، ونهر مطّرد، وثمرة نضيجة، وزوجة حسناء جميلة، وحلل كثيرة، ومقام في أبدٍ في دارٍ سليمة، وفاكهة وخضرة، وحبرة ونعمة، في محلة عالية بهية" قالوا: يا رسول الله نحن المشمِّرون لها، قال: قولوا: إن شاء الله فقال القوم: إن شاء الله» «پەيغەمبەر ﷺ: ‹جەننەتكە ئىنتىلىدىغانلار يوقمۇ؟ ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئوخشىشى يوق. كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، جەننەت — چاقناپ تۇرغان نۇر، يەلپۈنۈپ تۇرغان رەيھان، ئېگىز-ئېگىز ئىمارەتلەر، ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭلەر، پىشىپ يېتىلىپ تۇرىدىغان مېۋىلەر، گۈزەل چىرايلىق ئاياللار، كۆپلىگەن زىبۇ-زىننەتلەر؛ مېۋىلىك، يېشىللىق، باياشاتچىلىق، نازۇ-نېئمەت، گۈزەل ۋە ئالىي سارايلار بولغان تىنچ-ئامان ۋە مەڭگۈلۈك ماكاندۇر› دېدى. ساھابىلەر: ‹بىز ئۇنىڭغا ئىنتىلىمىز ئى رەسۇلۇللاھ!› دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹الله خالىسا دەڭلار!› دېدى. ساھابىلەر: ‹الله خالىسا› دېدى».[1]

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «إن في الجنة مئة درجة، ولو أن العالمين اجتمعوا في إحداهن لوسعتهم» «ھەقىقەتەن جەننەتتە يۈز دەرىجە بولۇپ، ئەگەر پۈتۈن دۇنيا ئۇلارنىڭ بىرىگە جۇغلاشقان بولسا، ئۇلارنى ئەلۋەتتە سىغدۇراتتى».[2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «إن في الجنة مئة درجة، أعدّها الله للمجاهدين في سبيله، بين كل درجتين كما بين السماء والأرض، فإذا سألتم الله فاسألوه الفردوس، فإنه وسط الجنة وأعلى الجنة ومنه تَفَجَّر أنهار الجنة، وفوقه عرش الرحمن» «ھەقىقەتەن جەننەتتە يۈز دەرىجە بولۇپ، الله تائالا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يولىدىكى مۇجاھىدلارغا تەييارلىغان، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىچىلىك كېلىدۇ. شۇڭا الله تىن سورىغان چېغىڭلاردا فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار چۈنكى فىردەۋس جەننىتى — جەننەتنىڭ ئوتتۇرى ۋە ئەڭ ئالىيسىدۇر. جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى ئۇنىڭدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ ۋە رەھمان تائالانىڭ ئەرشى ئۇنىڭ ئۈستىدىدۇر».[3]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ

[1] ئىبنى ماجە، بەيھەقى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

[2] ئەھمەد توپلىغان.

[3] بۇخارى توپلىغان.

قال: إن أهل الجنة يتراءون أهل الغرف فوقهم كما تتراءون الكوكب الدري الغابر في الأفق من المشرق أو المغرب لتفاضل ما بينهم" قالوا: يا رسول الله تلك منازل الأنبياء لا يبلغها غيرهم قال: "بلى، والذي نفسي بيده رجال آمنوا بالله وصدقوا المرسلين» «پەيغەمبەر ﷺ: <جەننەت ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قەسىرلەردە ياشايدىغانلارنى، ئارىسىدىكى دەرىجە پەرقى تۈپەيلى، مەشرىق ياكى مەغرىب تەرەپتىكى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان نۇرلۇق يۇلتۇزنى كۆرگەندەك كۆرىدۇ> دېدى. ساھابىلەر: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ باشقىلار يېتەلمەيدىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىسىمۇ؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ياق! جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇ الله قا ئىمان ئېيتقان ۋە پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلىغان كىشىلەرنىڭ مەنزىلگاھىدۇر> دېدى». [1]

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «إن في الجنة غرفاً يُرى ظاهرها من باطنها، وباطنها من ظاهرها، أعدها الله لمن أطعم الطعام، وأدام الصيام، وصلّى بالليل والناس نيام» «جەننەتتە بىر قەسىر بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتى ئىچىدىن، ئىچى سىرتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. الله تائالا ئۇ قەسىرنى (ھاجەتمەنگە) تائام بەرگەن، روزىنى داۋام قىلغان، كېچىسى كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا ناماز ئوقۇغان كىشىلەرگە تەييارلىغان». [2]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «إن للمؤمن في الجنة لخيمة من لؤلؤة واحدة مجوفة طولها في السماء ستون ميلاً، للمؤمن فيها أهلون يطوف عليهم فلا يَرى بعضهم بعضاً» «مۆئمىن ئۈچۈن جەننەتتە كاۋاك مەرۋايىتتىن بولغان بىر چېدىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئاسماندا 60 مىل كېلىدۇ. مۆئمىننىڭ ئۇ چېدىردا جۈپتىلىرى بولۇپ، ئۇ، جۈپتىلىرىنى (نۆۋەت بىلەن) ئايلىنىپ چىقىدۇ لېكىن ئۇلار (چېدىرنىڭ چوڭلۇقىدىن) بىر-بىرىنى كۆرەلمەيدۇ». [3]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «إن أول زمرة تدخل الجنة على صورة القمر ليلة البدر، ثم الذين يلونهم على أشد نجم في السماء إضاءة، ثم هم بعد ذلك منازل، لا يتغوطون، ولا يبولون، ولا يمتخطون، ولا

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] تەبەرانى توپلىغان.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يبصقون، أمشاطهم الذهب، ومجامرهم الألُوة، ورشحهم المسك، أخلاقهم على خَلْقِ رجل واحد، على طول أبيهم آدم ستون ذراعاً» «جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان جامائەتنىڭ يۈزلىرى ئايدىڭ كېچىدىكى تولۇن ئايدەك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىرىدىغانلارنىڭ يۈزلىرى ئاسماندىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزدەك بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلار ھەر خىل مەرتىۋىلەردە بولىدۇ، ئۇلار چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلمايدۇ، مىشقىرمايدۇ ۋە تۈكۈرمەيدۇ. تاغاقلىرى ئالتۇن، ئىسرىقدانلىرى خۇشبۇي ئۇد ياغىچىدۇر، تەرلىرى ئىپاردۇر. ئۇلارنىڭ بوي ـ تۇرقى بىر خىل بولۇپ، شەكلى ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ، ئېگىزلىكى 60 گەز بولىدۇ».[1] يەنە بىر نەقىلدە: «لا اختلاف بينهم، ولا تباغض، قلوبهم على قلب واحد، يسبحون الله بكرةً وعشياً» «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ ۋە دۈشمەنلىك بولمايدۇ، قەلبلىرى بىر قەلبتەك بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا اللە قا تەسبىھ ئېيتىدۇ» دېيىلگەن. يەنە بىر نەقىلدە: «وأزواجهم الحور العين» «ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھۆر ئەيىنلەردىن بولىدۇ» دېيىلگەن.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ قال: إن أهل الجنة يأكلون فيها ويشربون، ولا يتفلون ولا يبولون ولا يتغوطون ولا يمتخطون قالوا: فما بال الطعام ؟، قال: جُشَاءٌ ورشحٌ كرشح المسك، يُلهمون التسبيح والتحميد كما يُلهمون النَّفَس» «پەيغەمبەر ﷺ: <جەننەت ئەھلى جەننەتتە يەپ ـ ئىچىدۇ لېكىن تۈكۈرمەيدۇ، چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلمايدۇ ۋە مىشقىرمايدۇ> دېدى. ساھابىلەر: <ئۇنداقتا يېگەن ۋە ئىچكەنلىرى قانداق بولىدۇ؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <كېكىرىش ۋە ئىپار پۇرىقىدەك تەرلەش بىلەن چىقىرىلىدۇ، ئۇلار خۇددى توختىماي نەپەس ئالغاندەك، توختىماي تەسبىھ ۋە ھەمدە ئېيتىپ تۇرىدۇ> دېدى».[2]

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «والذي نفس محمد بيده إن أحدهم ليُعطى قوة مئة رجل في الأكل والشرب والجماع والشهوة، تكون حاجة أحدهم رشحاً يفيض من جلودهم كرشح المسك فيضمر بطنه» «مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى،

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

(جەننەت ئەھلىدىن) بىر كىشىگە يېيىش، ئىچىش، جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە شەھۋەتتە يۈز كىشىنىڭ كۈچى بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاجىتى تېرىلىرىدىن چىققان ئىپارنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاش پۇراقلىق تەر بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قورسىقى (خۇددى ھېچنەرسە يېمىگەندەك) ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ». [1]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «لقاب قوس أحدكم أو موضع قدم في الجنة خير من الدنيا وما فيها، ولو أن امرأة من نساء أهل الجنة أطلعت إلى الأرض لأضاءت ما بينهما، ولملأت ما بينهما ريحاً، ولنصيفها خير من الدنيا وما فيها» «بىرىڭلارنىڭ جەننەتتە ئوقياچىلىك ياكى قەدىمىنىڭ ئورنىچىلىك يېرى بولغىنى ــ دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. ئەگەر جەننەت ئەھلىنىڭ ئايالىرىدىن بىر ئايال زېمىنغا قارايدىغان بولسا، ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى نۇرلاندۇرۇۋېتىدۇ ۋە ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەر خۇشپۇراققا تولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ياغلىقى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىدىن ياخشىدۇر». [2]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «إن في الجنة لسوقاً يأتونها كل جمعة، فتهب ريح الشمال فتحثوا في وجوههم وثيابهم فيزدادون حسناً وجمالاً فيرجعون إلى أهليهم فيقولون لهم: والله لقد ازددتم بعدنا حسناً وجمالاً» «جەننەتتە بىر بازار بولۇپ، جەننەت ئەھلى ئۇنىڭغا ھەر جۈمە كۈنى كېلىدۇ. ئاندىن شىمال تەرەپتىن شامال كېلىپ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ۋە كىيىم-كېچەكلىرىنى سىيپاپ، ئۇلارنىڭ ھۆسىن-جامالىنى تېخىمۇ چىرايلىقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېخىمۇ چىرايلىق ۋە كېلىشكەن ھالدا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇلارغا: <اللہ بىلەن قەسەمكى، سىلەر تېخىمۇ چىرايلىق ۋە كېلىشكەن بولۇپ كېتىپسىلەر> دەيدۇ». [3]

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق

[1] ئەھمەد ۋە نەسائى سەھىھ ئىسناد بىلەن توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] مۇسلىم توپلىغان.

دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «إذا دخل أهل الجنة الجنة ينادي منادٍ: إن لكم أن تصحوا فلا تسقموا أبداً، وإن لكم أن تحيوا فلا تموتوا أبداً، وإن لكم أن تشبوا فلا تهرموا أبداً، وإن لكم أن تنعموا فلا تبأسوا أبداً» «جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگەندە بىر جاكارچى: <سىلەر سالامەت تۇرىسىلەر، مەڭگۈ كېسەل بولمايسىلەر؛ ھايات ياشايسىلەر، مەڭگۈ ئۆلمەيسىلەر؛ ياش تۇرىسىلەر، مەڭگۈ قېرىمايسىلەر؛ نېئمەتلىنىپ تۇرىسىلەر، مەڭگۈ يامان ئەھۋالغا قالمايسىلەر> دەپ جاكارلايدۇ».[1] مانا بۇ الله تائالانىڭ: ﴿وَنُودُوا أَنْ تِلْكُمُ الْجَنَّةُ أُورِثْتُمُوهَا بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ «ئۇلارغا: <قىلغان ئەمەللىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بېرىلگەن جەننەت مانا مۇشۇ> دەپ نىدا قىلىنىدۇ (يەنى پەرىشتىلەر شۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ)»[2] دېگەن سۆزىگە ئۇيغۇندۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «قال الله عز وجل: أعددت لعبادي الصالحين ما لا عين رأت، ولا أذن سمعت، ولا خطر على قلب بشر. واقرأوا إن شئتم: ﴿فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾» «الله تائالا: <مەن سالىھ بەندىلىرىمگە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنسان قەلبىگە كېچىپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلىدىم> دەيدۇ. خالىساڭلار بۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار: <ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ>[3]».[4]

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «إذا دخل أهل الجنة الجنة نادى منادٍ: يا أهل الجنة، إن لكم عند الله موعداً يريد أن ينجزكموه. فيقولون: ما هو ؟، ألم يُثَقِّل موازيننا، ويُبَيِّض وجوهنا، ويُدخلنا الجنة، ويُزحزحنا عن النار ؟، قال: فيكشف لهم الحجاب فينظرون إليه، فوالله ما أعطاهم الله شيئاً أحب إليهم من النظر إليه، ولا أقرّ لأعينهم منه» «جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگەندە بىر جاكارچى: <ئى جەننەت ئەھلى! الله نىڭ سىلەرگە قىلغان ۋەدىسى بار، الله تائالا ئۇنى سىلەرگە ئورۇنداپ بېرىشنى خالايدۇ> دەپ جاكارلايدۇ. ئۇلار: <ئۇ قايسى ۋەدە؟ الله تائالا

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە ئەئراف 43- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە سەجدە 17- ئايەت.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بىزنىڭ مىزانلىرىمىزنى ئېغىرلاتمىدىمۇ؟ يۈزلىرىمىزنى ئاقارتمىدىمۇ؟ بىزنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ دوزاختىن يىراقلاشتۇرمىدىمۇ؟> دېيىشىدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا (ئۆزىدىن) پەردىنى ئاچىدۇ، ئۇلار الله قا قارايدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، الله تائالا ئۇلارغا الله قا قاراشتىنمۇ سۆيۈملۈك، ئۇلارنى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك خۇرسەن قىلىدىغان بىر نەرسىنى بەرمىگەن».①

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «أن الله يقول لأهل الجنة: أُحِلُّ عليكم رضواني فلا أسخط عليكم بعده أبداً» «الله تائالا جەننەت ئەھلىگە: <مەن سىلەردىن رازى بولدۇم، سىلەرگە بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ غەزەب قىلمايمەن> دەيدۇ».②

ئى الله ! بىزگە جەننەتلىرىڭدە مەڭگۈ قېلىشنى رىزىق قىلىپ بەرگىن، جەننەتتە بىزگە رازىلىقىڭنى چۈشۈرۈپ بەرگىن، بىزگە جامالىڭغا قاراش لەززىتىنى ۋە ساڭا ئۇچرىشىش ئىشتىياقىنى رىزىق قىلىپ بەرگىن، زىيىنى يېتىدىغان زىيانكارلىقتىن، ئازدۇرۇۋېتىدىغان پىتنە-پاساتتىن بىزنى ساقلىغىن.

ئى الله ! بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە رەھمەت، بەرىكەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلغىن.

① مۇسلىم توپلىغان.
② مۇسلىم توپلىغان.

# 24 ـ سۆھبەت

# جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى

## ( الله تائالا ئۆز پەزلى ـ ئېھسانى بىلەن بىزنى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن! )

اللهقا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! الله كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. الله ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، الله تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان اللهتىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللهنىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا

قىلىسۇن!

قېرىنداشلىرىم، سىلەر جەننەتنىڭ سۈپەتلىرى، نېئمەتلىرى، ئۇنىڭدىكى خۇرسەنلىك ۋە شادلىقلار توغرىسىدا مەلۇماتقا ئىگە بولدۇڭلار. الله بىلەن قەسەمكى! شۈبھىسىزكى، جەننەت — ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەل قىلىشى، قىزىققۇچىلارنىڭ ئۇنىڭغا قىزىقىشى، ئىنساننىڭ ئەرزىمەس نەرسىلەرگە بېرىلمەستىن ئۇنى تەلەپ قىلىشتا ئۆمرىنى سەرپ قىلىشىغا لايىقتۇر.

ئەگەر سىلەر ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يەتكۈزىدىغان يول توغرىسىدا بىلمەكچى بولساڭلار، الله تائالا ئۆز ۋەھيىسىدىن نازىل قىلغان قۇرئاندا مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ شەرەپلىكىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇنى بايان قىلىپ بەردى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَسَارِعُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ ۝ الَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ ۝ وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ ۝﴾ «رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار [133]. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ الله يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ [134]. تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا الله نى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان الله تىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ [135]»①.

مانا بۇلار — جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرىدۇر.

بىرىنچى سۈپەت — «الْمُتَّقِينَ». بۇلار الله قا ئىتائەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، الله چەكلىگەن ئىشلارنى تەرك ئەتكەن؛ الله قا ئىتائەت قىلىپ ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۈمىد قىلىپ، الله بۇيرىغان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىپ، الله قا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەردۇر.

① سۈرە ئال ئىمران 133 ـ ئايەتتىن 135 ـ ئايەتكىچە.

ئىككىنچى سۈپەت ــ «اَلَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ». ئۇلار نەپىقە قىلىشقا بۇيرۇلغان زاكات، سەدىقە ۋە نەپىقىلەرنى ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغان يول بويىچە ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان كىشىلەرگە نەپىقە قىلىدۇ. جىھاد ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ياخشىلىق يوللىرىغا كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ نەپىقە قىلىدۇ. كەڭرىچىلىك ۋە باياشاتلىق ئۇلارنى مالنى ياخشى كۆرۈشكە ۋە مالنى كۆپەيتىشنى تاما قىلىپ، ئۇنىڭغا بېخىللىق قىلىشقا ئۈندىمەيدۇ. قاتتىقچىلىق ۋە قىيىنچىلىق ئۇلارنى مالغا مۇھتاج بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، قوللىرىنى يۇمۇۋېلىشقا ئۈندىمەيدۇ.

ئۈچىنچى سۈپەت ــ «وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ». ئۇلار غەزەپلەنگەندە غەزىپىنى بېسىۋېلىپ، تاجاۋۇز قىلمايدىغان ۋە غەزىپى سەۋەبلىك باشقىلارغا ئاداۋەت تۇتمايدىغان كىشىلەردۇر.

تۆتىنچى سۈپەت ــ «وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ». ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان ۋە تاجاۋۇز قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىپ، ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇپمۇ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايدىغان كىشىلەردۇر. الله تائالانىڭ «وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ» دېگەن سۆزىدە ئەپۇ قىلىشنىڭ پەقەت ئېھسان جۈملىسىدىن بولسىلا مەدھىيىلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت بار. مەدھىيىلىنىدىغان ئەپۇ قىلىش بولسا ئارىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، ئەپۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئورۇندا ئەپۇ قىلىشتۇر. ئەمما ئەپۇ قىلىش تاجاۋۇزچىنىڭ جىنايى قىلمىشىنى ئاشۇرۇۋېتىشكە سەۋەب بولسا، بۇنداق ئەپۇ قىلىش مەدھىيىلەنمەيدۇ ۋە بۇنىڭغا ئەجىرمۇ بېرىلمەيدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَنْ عَفَا وَأَصْلَحَ فَأَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ﴾ «كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى الله بېرىدۇ»[1].

بەشىنچى سۈپەت ــ «وَالَّذِينَ إِذَا فَعَلُوا فَاحِشَةً أَوْ ظَلَمُوا أَنْفُسَهُمْ ذَكَرُوا اللَّهَ فَاسْتَغْفَرُوا لِذُنُوبِهِمْ». «الفاحشة» ــ ھارام قىلىنغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشىتىش، جازانە يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، جەڭ قىزىغان كۈنى (جەڭدىن) قېچىش، زىنا، ئوغرىلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قەبىھ سانىلىدىغان

[1] سۈرە شۇرا 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چوڭ گۇناھلاردۇر. ئەمما ئۆزىگە زۇلۇم قىلىش ــ چوڭ ۋە كىچىك ئومۇمىي گۇناھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلىپ قالسا، ئۆزلىرى ئاسىيلىق قىلغان زاتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئەسلەپ ئۇنىڭدىن قورقىدۇ، ئۇنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىگە تىرىشچانلىق قىلىدۇ شۇنداقلا گۇناھلىرىنى يېپىش، شۇ سەۋەبلىك ئازابلاشتىن ئۆتۈۋېتىشنى تەلەپ قىلىش ئارقىلىق گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ﷲ تائالانىڭ «وَمَنْ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا اللَّهُ» دېگەن سۆزىدە ــ ئۇلارنىڭ ﷲ تىن باشقىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلمايدىغانلىقىغا ئىشارەت بار چۈنكى گۇناھلارنى ﷲ تىن باشقىسى مەغپىرەت قىلالمايدۇ.

ئالتىنچى سۈپەت ــ «وَلَمْ يُصِرُّوا عَلَى مَا فَعَلُوا وَهُمْ يَعْلَمُونَ». ئۇلار قىلمىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرى ئاسىيلىق قىلغان زاتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ مەغپىرىتىنىڭ يېقىنلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، گۇناھ ئۈستىدە داۋام قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىن قول يىغىشقا ۋە شۇ ئىشتىن تەۋبە قىلىشقا ئالدىرايدۇ. چۈنكى، قىلمىۋاتقان ئىشىنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىدە داۋام قىلىش ــ كىچىك گۇناھلارنى چوڭ گۇناھلار بىلەن باراۋەر قىلىپ، ئۇنى قىلغان كىشىنى تەدرىجىي خەتەرلىك ئىشلارغا ئاپىرىپ قويىدۇ.

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ۞ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ۞ وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ۞ وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ۞ وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ۞ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ۞ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ۞ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ۞ وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ۞ أُولَئِكَ هُمُ الْوَارِثُونَ۞ الَّذِينَ يَرِثُونَ الْفِرْدَوْسَ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ۞﴾ «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى [1]. (شۇنداق مۇئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ﷲ نىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر [2]. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر [3]. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر [4]. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر [5]. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ) [6]. بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر

[7]. ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر [8]. ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر [9]. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرى سۈپەتلەرگە ئىگە مۇئمىنلەر نازۇ-نېئمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر [10]. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ [11]»①.

بۇ ئايەتلەر جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەرنىڭ بىر قانچە سۈپەتلىرىنى مۇجەسسەملىگەن.

بىرىنچى سۈپەت — «الْمُؤْمِنُونَ». ئۇلار الله قا، الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، تەقدىرنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقىدىن ئىبارەت ئىمان ئېيتىش ۋاجىب بولغان ھەر بىر نەرسىگە، سۆزى ۋە ئەمىلىدە قوبۇل قىلىپ ۋە بويسۇنۇپ ئىمان كەلتۈرىدۇ.

ئىككىنچى سۈپەت — «الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ». ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ھۇزۇرلىنىدۇ ۋە ئەزالىرى ئارام تاپىدۇ. يەنى ئۇلار نامىزىدا ئۆزلىرىنىڭ الله نىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، الله نىڭ كالامى بىلەن ئۇنىڭغا خىتاب قىلىۋاتقانلىقىنى، الله نى ئەسلەش بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى، الله قا دۇئا قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا يېلىنىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ، سىرتقى ۋە ئىچكى ھالەتلىرىدە الله تىن قورقۇپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى سۈپەت — «وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ». «اللَّغْوِ» — پايدا ۋە ياخشىلىق بولمىغان بىھۇدە سۆز ياكى ئەمەلدۇر. ئۇلار كۈچلۈك ۋە كەسكىن ئىرادىسى ئارقىلىق بىھۇدە سۆز ۋە بىھۇدە ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈيدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى پايدىسى يوق بىھۇدە ئىشلاردا ئۆتكۈزمەيدۇ. ئۇلار نامازلىرىنى خۇشۇئ بىلەن مۇھاپىزەت قىلغاندەك، ۋاقىتلىرىنىمۇ زايە قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. پايدىسى يوق ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈش ئۇلارنىڭ سۈپىتى بولغان يەردە، زىيانلىق ئىشلاردىن ئەلۋەتتە يۈز ئۆرۈيدۇ.

تۆتىنچى سۈپەت — «وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ» . بۇ ئايەتتىكى «زَّكَاةِ» (زاكات) — ۋاجىب بولغان مالدىن بېرىشى ۋاجىب بولغان نىسبەت بولۇشى ياكى ئۇلار

① سۈرە مۇئمىنۇن 1- ئايەتتىن 11- ئايەتكىچە.

ئۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن پاكلايدىغان سۆز ۋە ئەمەل بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بەشىنچى سۈپەت ــ «وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ». ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى زىنا ۋە بەچچىۋازلىقتىن ساقلايدۇ چۈنكى ئۇ ئىككى ئىش ــ الله قا ئاسىي بولۇش، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي چىرىكلىكتۇر. ئۇممىدكى، ئەۋرەتنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۇنىڭدىنمۇ ئومۇمىي بولغان، قاراش ۋە تۇتۇشتىن ساقلىنىشنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تائالانىڭ «فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ» دېگەن سۆزى ئەسلىدە، ئىنساننىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرىشىغا مالامەت قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىسىمۇ لېكىن تەبىئىي بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەنپەئەتلەر سەۋەبلىك ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرىگە ھاجەت چۈشىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭغا مالامەت قىلىنمايدۇ. الله تائالانىڭ «فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَٰلِكَ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْعَادُونَ» دېگەن سۆزى ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن، قولدا لەززەتلىنىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە دەلىل بار چۈنكى بۇ ــ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن بولۇشتىن باشقا بىر ئىشتۇر.

ئالتىنچى سۈپەت ــ «وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ». «الامانة» ــ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ياكى مالدىن ئامانەت قىلىنغان نەرسىدۇر. بىر كىشى سىزگە بىر مەخپىيەتلىكنى سۆزلەپ بەرسە، ئۇ سىزگە ئامانەت قويغان بولىدۇ. بىر كىشى سىزنىڭ يېنىڭىزدا باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ئىشنى قىلسا، ئۇ سىزگە ئامانەت قويغان بولىدۇ. كىمكى سىزگە ئۆز مېلىنى ساقلاپ بېرىشكە تاپشۇرسا، ئۇنى سىزگە ئامانەت قويغان بولىدۇ. «العهد» ــ الله ئۈچۈن نەزر قىلىش ۋە كىشىلەر ئارىسىدا جارى بولۇۋاتقان ئەھدىگە ئوخشاش، ئىنسان باشقىلار ئۈچۈن ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىشتۇر. دېمەك، جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەر ئامانەتلەرگە، الله بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ۋە ئۆزلىرى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەھدىلەرگە رىئايە قىلىدۇ. توختام ۋە ئۇنىڭدىكى مۇباھ شەرتلەرگە ۋاپا قىلىشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

يەتتىنچى سۈپەت ــ «وَالَّذِينَ هُمْ عَلَىٰ صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ». ئۇلار نامازلىرىنى زايە بولۇپ كېتىش ۋە سەل قاراشتىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ. بۇ ــ نامازنى شەرتلىرى، رۇكنلىرى ۋە ۋاجىباتلىرى بىلەن مۇكەممەل رەۋىشتە ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغان

كىشىلەر ھەققىدە بىز بۇ يەردە نەقىل قىلغاندىن باشقا يەنە كۆپلىگەن سۈپەتلەرنى بايان قىلغان. الله تائالا بۇ سۈپەتلەرنى جەننەتكە يېتىشنى مەقسەت قىلغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۈپەتلىنىشى ئۈچۈن بايان قىلغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەرنىڭ كۆپلىگەن سۈپەتلىرى بار.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «من سلك طريقاً يلتمس فيه علماً سهل الله له به طريقاً إلى الجنة» «كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا ماڭىدىكەن، شۇ سەۋەبلىك الله ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ».[1]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ قال: ألا أدلكم على ما يمحو الله به الخطايا ويرفع به الدراجات ؟ قالوا: بلى يا رسول الله. قال: إسباغ الوضوء على المكاره، وكثرة الخطا إلى المساجد، وانتظار الصلاة بعد الصلاة» «پەيغەمبەر ﷺ: ‹مەن سىلەرنى بىر ئىشقا باشلاپ قويايمۇ؟ الله تائالا ئۇ ئىش سەۋەبلىك خاتالىقلارنى ئۆچۈرۈپ، دەرىجىلەرنى ئۈستۈن قىلىدۇ› دېدى. ساھابىلەر: ‹شۇنداق قىلغىن ئى رەسۇلۇللاھ!› دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹مۇشەققەتلىك ۋاقىتلاردا تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدكە كۆپ قەدەم ئېلىش، بىر نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازنى كۈتۈش› دېدى».[2]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ما منكم من أحد يتوضأ فيسبغ الوضوء ثم يقول: أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا الله، وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ وأشهد أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ إلا فتحت له أبواب الجنة الثمانية يدخل من أيِّها شاء» «كىمكى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئاندىن: ‹أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا الله، وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ وأشهد أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ› ‹الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، الله يەككە-يېگانىدۇر ۋە ھېچ شېرىكى يوقتۇر، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر› دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ-دە، ئۇ كىشى ئۆزى خالىغان

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

ئىشلىگەن كىرىدۇ». ①

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «فيمن تابع المؤذن من قلبه دخل الجنة» «چىن قەلبىدىن (ئىشەنگەن ھالدا) مۇئەززىنگە ئەگەشكەن (يەنى مۇئەززىن توۋلىغان كەلىمىلەرنى ئەگىشىپ ئېيتقان) كىشى جەننەتكە كىرىدۇ». ②

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «من بنى مسجداً يبتغي به وجه الله بنى الله له بيتاً في الجنة» «كىمكى الله تائالانىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ مەسجىد بىنا قىلسا، الله ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىپ بېرىدۇ». ③

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «خمس صلوات كتبهن الله على العباد، فمن جاء بهن ولم يضيع منهن شيئاً استخفافاً بحقهن كان له عند الله عهداً أن يدخله الجنة» «الله تائالا بەندىلەرگە بەش ۋاق نامازنى پەرز قىلدى. كىمكى نامازنىڭ ھەقلىرىگە سەل قارىماي، زايە قىلىۋەتمەستىن ئادا قىلسا، الله تائالانىڭ ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزۈش ۋەدىسى بار». ④

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن الله نىڭ جەننەتكە كىرگۈزۈشىگە سەۋەب بولىدىغان بىر ئەمەل توغرىسىدا سورىغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «عليك بكثرة السجود، فإنك لا تسجد لله سجدة إلا رفعك الله بها درجة وحَطَّ عنك بها خطيئة» «سەجدىنى كۆپ قىلىشقا ئۆزۈڭنى ئادەتلەندۈرگىن. شەك-شۈبھىسىزكى، سەن الله قا قىلغان ھەربىر سەجدەڭنىڭ سەۋەبى بىلەن الله مەرتىۋەڭنى بىر دەرىجە كۆتۈرىدۇ ۋە سەندىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ» دېگەن. ⑤

ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «ما من عبد مسلم يصلي لله تعالى في كل يوم اثنتي عشرة ركعة تطوعاً غير فريضة إلا بنى الله له بيتاً في الجنة» «بىر مۇسۇلمان بەندە ھەر كۈنى الله تائالا ئۈچۈن

① مۇسلىم توپلىغان.
② مۇسلىم توپلىغان.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
④ ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان.
⑤ مۇسلىم توپلىغان.

پەرز نامازدىن باشقا 12 رەكئەت نەفلە ناماز ئوقۇسا، الله تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ».[1] بۇ نەفلە نامازلار ـــ پېشىن نامىزىدىن ئىلگىرىكى تۆت رەكئەت، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت، شام نامىزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ۋە بامدات نامىزىدىن ئىلگىرىكى ئىككى رەكئەت نامازلاردۇر.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ۋە دوزاختىن يىراقلاشتۇرىدىغان بىر ئەمەلنى خەۋەر قىلساڭ؟» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «لقد سألت عن عظيم وإنه ليسير على من يسره الله عليه، تعبد الله ولا تشرك به شيئاً، وتقيم الصلاة، وتؤتي الزكاة، وتصوم رمضان، وتحج البيت» «سەن چوڭ بىر ئىشتىن سورىدىڭ، ھەقىقەتەن بۇ الله ئاسان قىلغان كىشىگە ئەلۋەتتە ئاساندۇر. الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلغىن، نامازنى ئادا قىلغىن، زاكات بەرگىن، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتقىن، بەيتۇللاھنى ھەج قىلغىن» دېدى.[2]

سەھىل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «إن في الجنة باباً يقال له الرَّيّان، يدخل منه الصائمون يوم القيامة، لا يدخل منه أحد غيرهم» «ھەقىقەتەن جەننەتتە رەييان دېيىلىدىغان بىر ئىشىك بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن پەقەت روزا تۇتقان كىشىلەرلا كىرىدۇ، ئۇلاردىن باشقا ھېچبىر كىشى ئۇ ئىشىكتىن كىرەلمەيدۇ».[3]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «العمرة إلى العمرة كفارة لما بينهما، والحج المبرور ليس له جزاء إلا الجنة» «بىر ئۆمرە ھەج ـــ يەنە بىر ئۆمرە ھەجگىچە بولغان ئارىلىقتىكى (گۇناھلارغا) كەففارەت بولىدۇ. قوبۇل بولغان پەرز ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەتلا جەننەتتۇر».[4]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «قال رسول الله ﷺ: من كان له ثلاث بنات يؤويهن ويرحمهن ويكفلهن وجبت له الجنة البتة قيل: يا رسول الله فإن

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى «سەھىھ» دېگەن.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كانتا اثنتين قال: وإن كانتا اثنتين قال: فرأى بعض القوم أن لو قال: واحدة لقال واحدة» «رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹كىمنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ ئۇلارنى ئوروۇنلاشتۇرسا، ئۇلارغا كۆيۈنسە ۋە ئۇلارغا كېپىل بولسا، ئۇ كىشىگە ئەلۋەتتە جەننەت ۋاجىب بولىدۇ› دېدى. ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككى قىزى بولسىچۇ؟› دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئىككى قىزى بولسىمۇ شۇنداق› دەپ جاۋاب بەردى». جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بەزى كىشىلەر: ‹ئەگەر بىرسى بولسىچۇ؟ دېيىلگەن بولسا، پەيغەمبەر ﷺ بىرسى بولسىمۇ شۇنداق دېگەن بولاتتى› دەپ قارىغان».[1]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «سئل رسول الله ﷺ عن أكثر ما يدخل الناس الجنة؟ قال: ‹تقوى الله وحسن الخلق›» «پەيغەمبەر ﷺ دىن: ‹كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئەڭ كۆپ سەۋەب بولىدىغان نەرسە نېمە؟› دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: ‹الله تىن قورقۇش ۋە گۈزەل ئەخلاق› دەپ جاۋاب بەرگەن».[2]

ئىياز ئىبنى ھىمار مۇجاشىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «أهل الجنة ثلاثة: ذو سلطان مقسط متصدّق موفّق، ورجل رحيم رقيق القلب لكل ذي قربى ومسلم، وعفيف متعفّف ذو عيال» «جەننەت ئەھلى ئۈچ تۈرلۈكتۇر: بىرى، ئادالەتلىك، سەدىقە بېرىپ تۇرىدىغان، ياخشىلىق يوللىرىغا مۇۋەپپەق قىلىنغان پادىشاھ؛ يەنە بىرى، مېھىر-شەپقەتلىك، بارلىق قېرىنداشلىرىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدىغان كىشى؛ ئۈچىنچىسى، ئىپپەتلىك، بالا-چاقىلىق ۋە موھتاج تۇرۇپمۇ باشقىلاردىن تىلىمەيدىغان كىشى».[3]

قېرىنداشلىرىم، مانا بۇلار بولسا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جەننەتكە يېتىشنى ئىرادە قىلغان كىشىگە، جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغان كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن كۆپلىگەن ئەمەللەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ھەدىسلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. الله تائالادىن بىزگە ۋە سىلەرگە ئۇنىڭ يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشنى، بىزنى ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىشنى

---

[1] ئەھمەد توپلىغان.

[2] تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، تىرمىزى «ھەسەن ۋە سەھىھ» دېگەن.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

سورايمەن. ھەقىقەتەن ﷲ تائالا كەرەملىك ۋە سېخىي زاتتۇر.

ﷲ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن.

## 25 ـ سۆھبەت

## دوزاخنىڭ سۈپەتلىرى

## ( الله تائالا بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن! )

الله قا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن! الله كىچە ـ كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. الله ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، الله تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ الله نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، الله تائالا بىزگە رەھمەت قىلىپ ئۆز كىتابىدا بىزنى

دوزاختىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قورقۇشىمىز ئۈچۈن، جىگەرلەر پارە ـ پارە بولۇپ، يۈرەكلەر يېرىلىپ كېتىدىغان، دوزاخنىڭ تۈرلۈك ئازابلىرىدىن بىزگە خەۋەر بەردى. ئۇنداقتا ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشقىلار ئۈچۈن، الله تائالانىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىدە بايان قىلىنغان دوزاخنىڭ تۈرلۈك ئازابلىرىغا قۇلاق سېلىڭلار! سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمەي قېلىشىڭلاردىن بۇرۇن رەببىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار!

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ﴾ «كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ سَلَاسِلَ وَأَغْلَالًا وَسَعِيرًا﴾ «شۈبھىسىزكى، بىز كاپىرلارغا (پۇتلىرىغا سېلىنىدىغان) زەنجىرلەرنى، (بويۇنلىرىغا سېلىنىدىغان) تاقاقلارنى ۋە يېنىپ تۇرغان دوزاخنى تەييارلىدۇق»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَعْتَدْنَا لِلظَّالِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمْ سُرَادِقُهَا﴾ «بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق»[3].

الله تائالا ئىبلىسقا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِلَّا مَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْغَاوِينَ ۞ وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمَوْعِدُهُمْ أَجْمَعِينَ ۞ لَهَا سَبْعَةُ أَبْوَابٍ لِكُلِّ بَابٍ مِنْهُمْ جُزْءٌ مَقْسُومٌ ۞﴾ «پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا (سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ) [42]. شۈبھىسىزكى، دوزاخ ئۇلار (يەنى ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى) نىڭ ھەممىسىگە ۋەدە قىلىنغان جايدۇر [43]. جەھەننەمنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن كىرىدىغان مۇئەييەن بىر بۆلەك (ئادەملەر) بار [44]»[4].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَسِيقَ الَّذِينَ كَفَرُوا إِلَىٰ جَهَنَّمَ زُمَرًا حَتَّىٰ إِذَا جَاءُوهَا فُتِحَتْ أَبْوَابُهَا﴾ «كاپىرلار جەھەننەمگە توپ ـ توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 131 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئىنسان 4 ـ ئايەت.

[3] سۈرە كەھف 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە ھىجر 42 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى، 43 ـ ۋە 44 ـ ئايەتلەر.

يېتىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّذِينَ كَفَرُوا بِرَبِّهِمْ عَذَابُ جَهَنَّمَ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ۞ إِذَا أُلْقُوا فِيهَا سَمِعُوا لَهَا شَهِيقًا وَهِيَ تَفُورُ۞ تَكَادُ تَمَيَّزُ مِنَ الْغَيْظِ﴾ «رەببىنى ئىنكار قىلغانلارمۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! [6] ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) سەت ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ [7]. دوزاخ غەزەپتىن پارچىلىنىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ يَغْشَاهُمُ الْعَذَابُ مِنْ فَوْقِهِمْ وَمِنْ تَحْتِ أَرْجُلِهِمْ﴾ «ئۇ كۈندە ئازاب ئۇلارنى ئۈستىلىرىدىن، ئاياغلىرىنىڭ ئاستىدىن ئورىۋالىدۇ»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَهُمْ مِنْ فَوْقِهِمْ ظُلَلٌ مِنَ النَّارِ وَمِنْ تَحْتِهِمْ ظُلَلٌ ذَٰلِكَ يُخَوِّفُ اللَّهُ بِهِ عِبَادَهُ يَا عِبَادِ فَاتَّقُونِ﴾ «(ئېيتقىنكى) <ئۇلارنى ئۈستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت، ئاستىدىنمۇ قاتمۇقات ئوت ئورىۋالىدۇ، شۇ (قاتتىق ئازاب) بىلەن الله بەندىلىرىنى قورقىتىدۇ>. ئى بەندىلىرىم! (ئازابىمدىن) قورقۇڭلار»[4].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَصْحَابُ الشِّمَالِ مَا أَصْحَابُ الشِّمَالِ۞ فِي سَمُومٍ وَحَمِيمٍ۞ وَظِلٍّ مِنْ يَحْمُومٍ۞ لَا بَارِدٍ وَلَا كَرِيمٍ۞﴾ «بەختسىزلەر (يەنى نامە ـ ئەمالى سول تەرىپىدىن بېرىلگەنلەر) (دوزىخىيلاردۇر). بەختسىزلەر قانداق ئادەملەر؟ [41] ئۇلار (بەدەنىنىڭ تۆشۈكلىرىگە كىرىپ كېتىدىغان) ئاتەشلىك شامالنىڭ، زىيادە ھارارەتلىك قايناقسۇنىڭ ۋە قارا تۈتۈندىن بولغان سالقىنمۇ ئەمەس، كۆركەممۇ ئەمەس سايىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ [42ـ44]»[5].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالُوا لَا تَنْفِرُوا فِي الْحَرِّ قُلْ نَارُ جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرًّا﴾ «ئۇلار (بىر ـ بىرىگە): <ئىسسىقتا چىقماڭلار> دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر>»[6].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَدْرَاكَ مَا هِيَهْ۞ نَارٌ حَامِيَةٌ۞﴾ «ھاۋىيەنىڭ نېمە

[1] سۈرە زۇمەر 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە مۈلك 6 ـ، 7 ـ ئايەتلەر ۋە 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەنكەبۇت 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە زۇمەر 16 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ۋاقىئە 41 ـ ئايەتتىن 44 ـ ئايەتكىچە.
[6] سۈرە تەۋبە 81 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟ [10] ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر [11]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْمُجْرِمِينَ فِي ضَلَالٍ وَسُعُرٍ ۞ يَوْمَ يُسْحَبُونَ فِي النَّارِ عَلَى وُجُوهِهِمْ ذُوقُوا مَسَّ سَقَرَ ۞﴾ «گۇناھكارلار ھەقىقەتەن (دۇنيادا) گۇمراھلىقتىدۇر، (ئاخىرەتتە) دوزاختىدۇر [47]. ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە (ئۇلارغا): <دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار> (دېيىلىدۇ) [48]»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَدْرَاكَ مَا سَقَرُ ۞ لَا تُبْقِي وَلَا تَذَرُ ۞ لَوَّاحَةٌ لِلْبَشَرِ ۞﴾ «سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ [27] ئۇ ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ) [28]. ئۇ (چوڭلۇقىدىن) ئىنسانلارنىڭ (كۆزلىرىگە يىراق مۇساپىلەردىن) كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ [29]»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر الله نىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ»④.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهَا تَرْمِي بِشَرَرٍ كَالْقَصْرِ ۞ كَأَنَّهُ جِمَالَتٌ صُفْرٌ ۞﴾ «ئۇ يالقۇن قەسىردەك (چوڭ) ئۇچقۇنلارنى چىقىرىدۇ [32]. ئۇ ئۇچقۇنلار قارا-سېرىق تۆگىلەرگە ئوخشايدۇ [33]»⑤.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَرَى الْمُجْرِمِينَ يَوْمَئِذٍ مُقَرَّنِينَ فِي الْأَصْفَادِ ۞ سَرَابِيلُهُمْ مِنْ قَطِرَانٍ وَتَغْشَى وُجُوهَهُمُ النَّارُ ۞﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇ كۈندە گۇناھكارلار (يەنى كۇففارلار) نى زەنجىرلەر بىلەن بىر-بىرىگە چېتىلىپ باغلانغان ھالدا كۆرىسەن [49]. ئۇلارنىڭ كۆڭلىكى قارا مايدىن بولىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئورىۋالىدۇ

① سۈرە قارىئە 10- ۋە 11- ئايەتلەر.

② سۈرە قەمەر 47- ۋە 48- ئايەتلەر.

③ سۈرە مۇددەسسىر 27- ئايەتتىن 29- ئايەتكىچە.

④ سۈرە تەھرىم 6- ئايەت.

⑤ سۈرە مۇرسەلات 32- ۋە 33- ئايەتلەر.

[50]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذِ الْأَغْلَالُ فِي أَعْنَاقِهِمْ وَالسَّلَاسِلُ يُسْحَبُونَ ۞ فِي الْحَمِيمِ ثُمَّ فِي النَّارِ يُسْجَرُونَ ۞﴾ «ئۇ چاغدا (يەنى دوزاخقا كىرگەندە) ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ، ئۇلار قايناقسۇغا سۆرەپ كىرىلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ [71-72]»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَالَّذِينَ كَفَرُوا قُطِّعَتْ لَهُمْ ثِيَابٌ مِنْ نَارٍ يُصَبُّ مِنْ فَوْقِ رُءُوسِهِمُ الْحَمِيمُ ۞ يُصْهَرُ بِهِ مَا فِي بُطُونِهِمْ وَالْجُلُودُ ۞ وَلَهُمْ مَقَامِعُ مِنْ حَدِيدٍ ۞ كُلَّمَا أَرَادُوا أَنْ يَخْرُجُوا مِنْهَا مِنْ غَمٍّ أُعِيدُوا فِيهَا وَذُوقُوا عَذَابَ الْحَرِيقِ ۞﴾ «كاپىرلارغا ئوتتىن كىيىملەر پىچىلىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدىن يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ قۇيۇلىدۇ [19]. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچ-باغرى ۋە تېرىلىرى ئېرىتىلىدۇ [20]. ئۇلار تۆمۈر توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ [21]. ھەر قاچان ئۇلار (يېتىۋاتقان) غەم-قايغۇنىڭ قاتتىقلىقىدىن دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ، (ئۇلارغا): <كۆيدۈرگۈچى (دوزاخ) ئازابىنى تېتىڭلار> (دېيىلىدۇ) [22]»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا بِآيَاتِنَا سَوْفَ نُصْلِيهِمْ نَارًا كُلَّمَا نَضِجَتْ جُلُودُهُمْ بَدَّلْنَاهُمْ جُلُودًا غَيْرَهَا لِيَذُوقُوا الْعَذَابَ﴾ «شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى پىشىپ تۈگىگەن چاغدا ئازابنى تېتىتىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا تېرە يەڭگۈشلەيمىز»④.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ شَجَرَتَ الزَّقُّومِ ۞ طَعَامُ الْأَثِيمِ ۞ كَالْمُهْلِ يَغْلِي فِي الْبُطُونِ ۞ كَغَلْيِ الْحَمِيمِ ۞﴾ «زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر [43-44]. ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق) تۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناقسۇدەك قاينايدۇ [45-46]»⑤.

الله تائالا بۇ دەرەخ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهَا شَجَرَةٌ تَخْرُجُ فِي أَصْلِ الْجَحِيمِ ۞ طَلْعُهَا كَأَنَّهُ رُءُوسُ الشَّيَاطِينِ ۞﴾ «شۈبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ قەئرىدە ئۈسىدىغان

① سۈرە ئىبراھىم 49- ۋە 50- ئايەتلەر.

② سۈرە غافىر 71- ۋە 72- ئايەتلەر.

③ سۈرە ھەج 19- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 20- ئايەتتىن 22- ئايەتكىچە.

④ سۈرە نىسا 56- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

⑤ سۈرە دۇخان 43- ئايەتتىن 46- ئايەتكىچە.

دەرەختۇر [64]. ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ [65]»①.

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ إِنَّكُمْ أَيُّهَا الضَّالُّونَ الْمُكَذِّبُونَ ۞ لَآكِلُونَ مِنْ شَجَرٍ مِنْ زَقُّومٍ ۞ فَمَالِئُونَ مِنْهَا الْبُطُونَ ۞ فَشَارِبُونَ عَلَيْهِ مِنَ الْحَمِيمِ ۞ فَشَارِبُونَ شُرْبَ الْهِيمِ ۞﴾ «ئاندىن سىلەر، ئى قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى گۇمراھلار! [51] چوقۇم زەققۇم دەرىخىدىن يەيسىلەر [52]. ئۇنىڭدىن قورساقلىرىڭلارنى تولدۇرىسىلەر [53]. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارارىتى يۇقىرى بولغان قايناقسۇنى تەشنا بولغان تۆگىلەردەك ئىچىسىلەر [54ـ55]»②.

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ يَسْتَغِيثُوا يُغَاثُوا بِمَاءٍ كَالْمُهْلِ يَشْوِي الْوُجُوهَ بِئْسَ الشَّرَابُ وَسَاءَتْ مُرْتَفَقًا﴾ «ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»③.

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَسُقُوا مَاءً حَمِيمًا فَقَطَّعَ أَمْعَاءَهُمْ﴾ «قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە ـ پارە قىلىنىدىغانلار»④.

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيُسْقَى مِنْ مَاءٍ صَدِيدٍ ۞ يَتَجَرَّعُهُ وَلَا يَكَادُ يُسِيغُهُ وَيَأْتِيهِ الْمَوْتُ مِنْ كُلِّ مَكَانٍ وَمَا هُوَ بِمَيِّتٍ وَمِنْ وَرَائِهِ عَذَابٌ غَلِيظٌ ۞﴾ «جەھەننەمدە ئۇ يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ [16]. (ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ، ئۆلۈم ئۇنى قورشىۋالىدۇ لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [17]»⑤.

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْمُجْرِمِينَ فِي عَذَابِ جَهَنَّمَ خَالِدُونَ ۞ لَا يُفَتَّرُ عَنْهُمْ وَهُمْ فِيهِ مُبْلِسُونَ ۞ وَمَا ظَلَمْنَاهُمْ وَلَكِنْ كَانُوا هُمُ الظَّالِمِينَ ۞ وَنَادَوْا يَا مَالِكُ لِيَقْضِ عَلَيْنَا رَبُّكَ قَالَ إِنَّكُمْ مَاكِثُونَ ۞﴾ «گۇناھكارلار (يەنى كۇففارلار) ھەقىقەتەن دوزاخ ئازابىدا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر [74]. ئۇلاردىن ئازاب (بىردەممۇ) يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلار دوزاختا (ھەر قانداق ياخشىلىقتىن) ئۈمىدسىزدۇر [75]. ئۇلارغا بىز زۇلۇم قىلمىدۇق

① سۈرە سافقات 64 ـ ۋە 65 ـ ئايەت.

② سۈرە ۋاقىئە 51 ـ ئايەتتىن 55 ـ ئايەتكىچە.

③ سۈرە كەھف 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

④ سۈرە مۇھەممەد 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

⑤ سۈرە 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 17 ـ ئايەت.

ۋە لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى [76]. ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىگە): <ئى مالىك! رەببىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن> دەپ توۋلايدۇ. مالىك: <سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر> دەيدۇ [77]»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ كُلَّمَا خَبَتْ زِدْنَاهُمْ سَعِيرًا﴾ «ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، (جەھەننەمنىڭ) ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ يالقۇنجىتىمىز»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا وَظَلَمُوا لَمْ يَكُنِ اللَّهُ لِيَغْفِرَ لَهُمْ وَلَا لِيَهْدِيَهُمْ طَرِيقًا ۝ إِلَّا طَرِيقَ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا وَكَانَ ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرًا ۝﴾ «شۈبھىسىزكى، كاپىر بولغانلار ۋە زۇلۇم قىلغانلارنى الله مەغپىرەت قىلمايدۇ، توغرا يولغىمۇ (يەنى جەننەتنىڭ يولىغىمۇ) باشلىمايدۇ [168]. (ئۇلارنى) پەقەت جەھەننەمنىڭ يولىغا باشلايدۇ، ئۇلار جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ (يەنى ئۇلارنى جەھەننەمدە مەڭگۈ قالدۇرۇش) الله قا ئاسان [169]»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَعَنَ الْكَافِرِينَ وَأَعَدَّ لَهُمْ سَعِيرًا ۝ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا لَا يَجِدُونَ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ۝﴾ «الله ھەقىقەتەن كاپىرلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا دوزاخنى تەييارلىدى [64]. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار ھېچقانداق (ئۇلارنى قوغدايدىغان) دوست ۋە (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمچى تاپالمايدۇ [65]»[4].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَإِنَّ لَهُ نَارَ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا﴾ «كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، الله قا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنمەيدىكەن، الله نىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن)، ئۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ»[5].

[1] سۈرە زۇخرۇف 74- ئايەتتىن 77- ئايەتكىچە.
[2] سۈرە بەنى ئىسرائىل 97- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نىسا 168- ۋە 169- ئايەتلەر.
[4] سۈرە ئەھزاب 64- ۋە 65- ئايەتلەر.
[5] سۈرە جىن 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْحُطَمَةُ۞ نَارُ اللَّهِ الْمُوقَدَةُ۞ الَّتِي تَطَّلِعُ عَلَى الْأَفْئِدَةِ۞ إِنَّهَا عَلَيْهِمْ مُؤْصَدَةٌ۞ فِي عَمَدٍ مُمَدَّدَةٍ۞﴾ «ھۆتەمەنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ [5] ئۇ ـــ الله نىڭ ياندۇرغان ئوتىدۇركى، (ئۇنىڭ ئەلىمى) يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ [6-7]. ئۇلار چوقۇم دوزاخقا سولىنىدۇ [8]. ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىدۇ [9]»①.

دوزاخنىڭ سۈپەتلىرى، ئۇنىڭ ئەلەملىك ۋە دائىملىق بولغان تۈرلۈك ئازابلىرى ھەققىدىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

ھەدىسلەرگە كەلسەك، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «يُؤتى بالنار يوم القيامة لها سبعون ألف زمام، مع كل زمام سبعون ألف ملك يجرونها» «قىيامەت كۈنى دوزاخ كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ 70 مىڭ يۈگىنى بولۇپ، ھەر بىر يۈگەننى 70 مىڭ پەرىشتە سۆرەيدۇ»②.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ قال: ناركم هذه ما يوقد بنو آدم جزء واحد من سبعين جزءاً من نار جهنم قالوا: يا رسول الله إنها لكافية. قال: إنها فضلت عليها بتسعة وستين جزءاً كلهن مثل حرّها» «پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئادەم بالىلىرى يېقىۋاتقان سىلەرنىڭ بۇ ئوتۇڭلار جەھەننەم ئوتىنىڭ 70تىن بىر پارچىسىغا باراۋەر كېلىدۇ› دېدى. ساھابىلەر: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ھەقىقەتەن مۇشۇ ئوتمۇ (ئازابلاشقا) يېتەرلىكقۇ؟› دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹جەھەننەم ئوتى بۇ ئوتتىن 69 ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، ھەر بىر ھەسسىنىڭ ھارارىتى مۇشۇ ئوتنىڭ ھارارىتى بىلەن تەڭدۇر› دېگەن»③.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كنا عند النبي ﷺ فسمعنا وجبة، فقال النبي ﷺ: أتدرون ماهذا ؟ قلنا: الله ورسوله أعلم، قال: هذا حجر أرسله الله في جهنم منذ سبعين خريفاً فالآن حين انتهى إلى قعرها» «بىز پەيغەمبەر ﷺنىڭ يېنىدا ئىدۇق، تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹بۇنىڭ نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟› دەپ سورىدى. بىز: ‹الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى ئەڭ ياخشى

① سۈرە ھۇمەزە 5ـ ئايەتتىن 9ـ ئايەتكىچە.
② مۇسلىم توپلىغان.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بىلىدۇ› دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ: ‹بۇ ــ الله تائالا 70 يىل بۇرۇن جەھەننەمگە تاشلىغان تاش ئىدى، مانا ھازىر ئۇنىڭ تېگىگە يەتتى› دېدى».①

ئۇتبە ئىبنى غەزۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبە سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دېگەن: «لقد ذكر لنا أن الحجر يلقى من شفير جهنم فيهوي فيها سبعين عاماً ما يدرك لها قعراً، والله لتملأن، أفعجبتم؟» «بىزگە شۇنداق بايان قىلىپ بېرىلگەنكى، جەھەننەمنىڭ گىرۋىكىدىن بىر تاش ئۇنىڭغا تاشلانسا، 70 يىلدىمۇ ئۇنىڭ تېگىگە يېتىپ بولالمايدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، (جەھەننەم) ئەلۋەتتە توشقۇزۇلىدۇ، سىلەر سۆزۈمدىن ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟».②

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «لو أن قطرة من الزقوم قطرت في دار الدنيا لأفسدت على أهل الدنيا معايشهم» «ئەگەر دۇنياغا زەققۇمدىن بىر تامچە تېمىتىلسا، ئۇ، دۇنيا ئەھلىنىڭ تۇرمۇشىنى بۇزۇۋەتكەن بولاتتى».③

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «إن أهون أهل النار عذاباً من له نعلان وشراكان من نار يغلي منهما دماغه كما يغلي المرجل، ما يرى أن أحداً أشدّ منه عذاباً، وإنه لأهونهم عذاباً» «دوزاخ ئەھلىدىن ئازابى ئەڭ يەڭگىل بولغان كىشى ئوتتىن ئىككى ئايىغى ۋە ئىككى بوغقۇچى بار كىشىدۇر. بۇ ئىككىسىدىن ئۇ كىشىنىڭ مېڭىسى قازان قاينىغاندەك قاينايدۇ، ئۇ كىشى ئۆزىدىنمۇ قاتتىق ئازابلىنىدىغان كىشى يوق دەپ قارايدۇ لېكىن ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن ئازابى ئەڭ يەڭگىل بولغىنىدۇر».④

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «يُؤتى بأنعم أهل الدنيا من أهل النار، فيُصبغ في النار صبغة، ثم يُقال: يا ابن آدم هل رأيت خيراً قط ؟ هل مر بك نعيم قط ؟، فيقول: لا والله يارب. ويُؤتى بأشد الناس بؤساً في الدنيا من أهل الجنة، فيُصبغ صبغة في الجنة، فيقال: يا ابن آدم هل رأيت بؤساً قط ؟ هل مر بك من شدة قط ؟، فيقول: لا والله يا رب، ما رأيت بؤساً ولا مَرَّ بي من شدة قط»

① مۇسلىم توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى توپلىغان.

④ مۇسلىم توپلىغان.

«(قىيامەت كۈنى) دوزاخ ئەھلىدىن بولغان، دۇنيادا ئەڭ باياشات ياشىغان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، دوزاخقا بىر قېتىم چۆكتۈرۈلىدۇ. ئاندىن: ‹ئى ئادەم بالىسى! سەن (دۇنيادا) بىرەر ياخشىلىق كۆردۈڭمۇ؟ بىرەر نېئمەتكە ئېرىشتىڭمۇ؟› دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: ‹ئى رەببىم! سەن بىلەن قەسەمكى، مەن ھېچقانداق ياخشىلىق كۆرمىدىم ۋە بىرەر نېئمەتكىمۇ ئېرىشمىدىم› دەيدۇ. ئاندىن جەننەت ئەھلىدىن بولغان، دۇنيادا ئەڭ كۆپ جاپا-مۇشەققەت تارتقان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، جەننەتكە بىر قېتىم چۆكتۈرۈلىدۇ. ئاندىن: ‹ئى ئادەم بالىسى! يوقسۇللۇق كۆردۈڭمۇ، قىيىنچىلىق تارتتىڭمۇ؟› دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: ‹ئى رەببىم! سەن بىلەن قەسەمكى، مەن ھېچقانداق يوقسۇللۇق كۆرمىدىم ۋە قىيىنچىلىق تارتمىدىم› دەيدۇ».[1] يەنى دوزاخ ئەھلى دۇنيادا ئېرىشكەن بارچە نېئمەتنى ئۇنتۇيدۇ، جەننەت ئەھلى دۇنيادا تارتقان بارچە جاپا-مۇشەققەتنى ئۇنتۇيدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «يقال للرجل من أهل النار يوم القيامة: أرأيت لو كان لك ما على الأرض من شيء أكنت تفتدي به ؟، قال: فيقول: نعم، قال: فيقول: قد أردت منك ما هو أهون من ذلك، قد أخذت عليك في ظهر آدم أن لا تشرك بي شيئاً، فأبيت إلا أن تشرك بي» «(قىيامەت كۈنى دوزاخ ئەھلىدىن بولغان بىر ئادەمگە: ‹ئەگەر زېمىندىكى بارچە نەرسىلەر سېنىڭ بولسا، ئۇ نەرسىلەرنى بىرىپ (ئازابتىن قۇتۇلۇشنى) خالامسەن؟› دېيىلىدۇ. ئۇ ئادەم: ‹ھەئە› دەيدۇ. ئاندىن الله تائالا: ‹مەن سەندىن بۇنىڭدىنمۇ ئاسان بولغان ئىشنى تەلەپ قىلغان ئىدىم. سەن ئادەمنىڭ سۇلبىدىكى ۋاقتىڭدا مەن سەندىن ماڭا شېرىك كەلتۈرمەسلىكنى تەلەپ قىلغان ئىدىم لېكىن سەن ماڭا شېرىك كەلتۈردۈڭ› دەيدۇ».[2]

ئىبنى مەردەۋەيھ يەئلا ئىبنى مۇنەييەدىن (ئۇ ئۇمەييەنىڭ ئوغلى، مۇنەييە بولسا ئۇنىڭ ئانىسى) نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ينشئ الله عز و جل لأهل النار سحابة سوداء مظلمة فيقال: يا أهل النار أي شيء تطلبون؟ فيذكرون بها سحابة الدنيا فيقولون: يا ربنا الشراب فيمطرهم أغلالا تزيد في أغلالهم وسلاسل في سلاسلهم وجمرا يلهب عليهم» «(الله

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە ئەھمەد توپلىغان.

تائالا دوزاخ ئەھلى ئۇچۇن بىر قارا بۇلۇتنى پەيدا قىلىدۇ، ئاندىن دوزاخ ئەھلىگە: <ئى دوزاخ ئەھلى! نېمە تەلەپ قىلىسىلەر؟> دېيىلىدۇ. دوزاخ ئەھلى ئۇ بۇلۇت بىلەن دۇنيادىكى بۇلۇتنى ئەسلەپ: <ئى رەببىمىز! ئىچىملىك سورايمىز> دېيىشىدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا دەرت-ئەلەملىرىنى زىيادە قىلىدىغان زەنجىر-كىشەنلەرنى ۋە لاۋۇلداپ تۇرىدىغان چوغلارنى ياغدۇرىدۇ».[1]

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ قال: ثلاثة لا يدخلون الجنة: مدمن خمر، وقاطع رحم، ومصدق بالسحر، ومن مات مدمن الخمر سقاه الله من نهر الغوطة قيل: وما نهر الغوطة؟ قال: نهر يجرى من فروج المومسات، يؤذي أهل النار ريحُ فروجهن» «پەيغەمبەر ﷺ: <ئۈچ تۈرلۈك كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ: بىرى، هاراق ئىچىشنى داۋام قىلغان كىشى؛ يەنە بىرى، سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن كىشى؛ ئۈچىنچىسى، سېھىرگە ئىشەنگەن كىشى. كىمكى هاراقتىن قول ئۈزمەي ئۆلۈپ كەتسە، الله تائالا ئۇ كىشىگە غەۋتە ئۆستىڭىنىڭ (سۈيىنى) ئىچكۈزىدۇ> دېدى. <غەۋتە ئۆستىڭى قانداق ئۆستەڭ؟> دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇ ــ پاھىشە ئاياللارنىڭ ئەۋرەتىدىن ئاقىدىغان ئۆستەڭدۇر. ئۇلارنىڭ ئەۋرەتىدىن چىققان سېسىق پۇراق دوزاخ ئەھلىگە ئەزىيەت بېرىدۇ> دېدى».[2]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ قال إن على الله عهداً لمن شرب المسكرات ليسقيه من طينة الخبال" قالوا: يا رسول الله، وما طينة الخبال ؟، قال: "عرق أهل النار أوعصارة أهل النار» «پەيغەمبەر ﷺ: <مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچكەن كىشىگە تىينەتۇلخىبالدىن ئىچكۈزۈشكە الله نىڭ ئەھدىسى بار> دېدى. ساھابىلەر: <ئى رەسۇلۇللاھ! تىينەتۇلخىبال دېگەن نېمە؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <بۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ تەرلىرى ياكى دوزاخ ئەھلىنىڭ قان-يىرىڭلىرى> دېدى».[3]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «يقال لليهود والنصارى: ماذا تبغون؟ فيقولون: عطشنا ربنا فأسقنا، فيشار إليهم: ألا تردون؟ فيحشرون إلى جهنم

[1] تەبەرانى ئۆزىنىڭ «الأوسط» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

[2] ئەھمەد توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

كأنها سراب يحطم بعضها بعضاً، فيتساقطون في النار» «(قىيامەت كۈنى) يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا: <نېمىنى ئارزۇ قىلىسىلەر؟> دېيىلىدۇ. ئۇلار: <ئى رەببىمىز! ئۇساپ كەتتۇق، بىزگە سۇ بەرسەڭ> دېيىشىدۇ. ئۇلارغا: <كېلىڭلار!> دەپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتتىن ھاسىل بولغان سەراپ تەرەپكە ئىشارەت قىلىنىدۇ، نەتىجىدە ئۇلار يۈگۈرگەن پېتى جەھەننەمگە چۈشۈپ كېتىدۇ».[①]

ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «سىز 50 مىڭ يىل بىر لوقما نەرسە يېمەستىن، بىر يۇتۇم سۇ ئىچمەستىن ئۆرە تۇرغان قەۋمنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ھەتتاكى ئۇلارنىڭ بويۇنلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، قورساقلىرى ئاچلىقىن كۆيۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار دوزاخقا ئېلىپ بېرىلىپ، قىزىقلىقى چېكىگە يەتكەن قايناپ تۇرىدىغان بۇلاقتىن سۇغۇرىلىدۇ».

ئىبنى جەۋزى (رەھىمەھۇللاھ) دوزاخنىڭ سۈپىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «دوزاخ — ئۇنىڭ ئەھلى رەھمەتتىن يىراق قىلىنىشقا خاس قىلىنغان، شەھۋەت ۋە بەخت-سائادەتنىڭ لەززەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان، يۈزلىرىنىڭ نۇرى قاپقارا رەڭگە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، غايەت زور تاغلاردىنمۇ كۈچلۈك توقماقلار بىلەن ئۇرۇلىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل قىلىنغان بىر ئورۇندۇر. ئەگەر سىز ئۇلارنى كۆرىدىغان بولسىڭىز، ئۇلار قايناقسۇدا ئۈزۈپ يۈرىدۇ، قاتتىق سوغۇقتا تاشلاپ قويۇلىدۇ، ئۇلار دائىم غەمكىن بولۇپ خۇشال بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنى مۇقەررەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەبەدئەبەد ئايرىلمايدۇ، ئۇلارغا رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل قىلىنغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مالامىتى ئازابىدىن ئېغىر بولىدۇ، ئەپسۇسلىنىشلىرى مۇسىبەتلىرىدىن كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇلار ياشلىق ۋاقىتلىرىنى زايە قىلغانلىقىغا يىغلايدۇ، يىغلىسا يىغىسىغا يىغا قوشۇلىدۇ، ئۇلارغا رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل قىلىنغان بولىدۇ. ياراتقۇچى (الله) نىڭ غەزىپىگە ئۇچراش ئۇلارغا نېمىدىگەن ھەسرەت، بالايى-ئاپەتنىڭ ئەڭ چوڭىغا ئۇچراش ئۇلارغا نېمىدېگەن بەختسىزلىك، ئۇلارنىڭ خالايىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولۇشى

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

نىمىدىگەن شەرمەندىچىلىك. ئۇلارنىڭ ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن قىلغان ئەمەللىرى، گۇناھلارغا تىرىشچانلىق قىلىشلىرى قۇرۇق خىياللارغا ئايلىنىپ كەتتى، ئاندىن دوزاخ ئاشۇ جىسىملارنى كۆيدۈردى. جىسىملار كۆيۈپ بولسىلا قايتا تىرىلدۈرۈلىدۇ، دوزاخ ئەھلىگە قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل قىلىنىدۇ».

ئى الله ! بىزنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرغىن، خارلىق ۋە ھالاكەت دىيارىدىن ساقلىغىن. بىزنى رەھمىتىڭ بىلەن سالىھ ۋە تەقۋادارلارنىڭ ماكانىغا ئورۇنلاشتۇرغىن. ئى مېھرىبان الله ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا-ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

## 26 - سۆھبەت

# دوزاخقا كىرىپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرى

## ( الله تائالا بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن )

الله قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! الله كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. الله ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، الله تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ الله نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، دوزاخقا كىرىشنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بولۇپ،

كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇشى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، الله تائالا ئۇنى ئۆز كىتابىدا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق بايان قىلىپ بەردى. مانا بۇ سەۋەبلەر ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

بىرىنچى تۈر ـــ كاپىرغا چىقىرىۋېتىدىغان سەۋەبلەر. بۇ تۈردىكى ئىشلارنى قىلغان كىشى ئىماندىن كۇفرىلىققا چىقىپ كېتىدۇ ۋە بۇ ئىشلار سەۋەبلىك دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

ئىككىنچى تۈر ـــ پاسىقلىققا چىقىرىۋېتىدىغان سەۋەبلەردۇر. بۇ تۈردىكى ئىشلارنى قىلغان كىشى ئادىللىقتىن پاسىقلىققا چىقىپ كېتىدۇ ۋە بۇ ئىشلار سەۋەبلىك دوزاخقا كىرىشكە تېگىشلىك بولىدۇ ئەمما دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ.

تۆۋەندە بىز بىرىنچى تۈردىكى كىشىلەردىن بىر قانچە قىسمىنى بايان قىلىمىز.

❖ بىرىنچى قىسىم: الله قا رۇبۇبىيەت، ئۇلۇھىيەت ياكى ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە شېرىك كەلتۈرۈش

كىمكى «الله نىڭ شېرىكى بار» ياكى «الله تىن باشقا ئۆز ئالدىغا ياراتقۇچى بار» دەپ ئېتىقاد قىلسا؛ ياكى «الله بىلەن بىرگە ئىبادەت قىلىشقا لايىق بىر ئىلاھ بار» دەپ ئېتىقاد قىلسا؛ ياكى الله قا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە، بىرەر ئىبادەتنى الله تىن باشقىسىغىمۇ قىلسا ۋە ياكى الله نىڭ ئىلىم، قۇدرەت، ئۇلۇغلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى باشقا بىرەر نەرسىگە نىسبەت بەرسە، ئۇ كىشى الله قا ئەڭ چوڭ شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ ۋە دوزاختا مەڭگۈ قېلىشقا تېگىشلىك بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ مَن يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ حَرَّمَ اللَّهُ عَلَيْهِ الْجَنَّةَ وَمَأْوَاهُ النَّارُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ﴾ «كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى الله تىن غەيرىنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ»[1].

❖ ئىككىنچى قىسىم: الله قا، الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، الله نىڭ ھۆكمى ۋە تەقدىرىگە كاپىر بولۇش

كىمكى بۇلاردىن بىرەرسىنى يالغانغا چىقىرىپ ياكى تىنىپ ۋە ياكى

[1] سۈرە مائىدە 72 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭغا شەك قىلىپ ئىنكار قىلسا، ئۇ ئادەم كاپىر بولۇپ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَكْفُرُونَ بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيُرِيدُونَ أَنْ يُفَرِّقُوا بَيْنَ اللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيَقُولُونَ نُؤْمِنُ بِبَعْضٍ وَنَكْفُرُ بِبَعْضٍ وَيُرِيدُونَ أَنْ يَتَّخِذُوا بَيْنَ ذَلِكَ سَبِيلًا ۞ أُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ حَقًّا وَأَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُهِينًا ۞﴾ «شۈبھىسىزكى، الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، الله بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (<الله قا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز> دېيىش بىلەن) ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، <(پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز> دېگۈچىلەر — ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلاردۇر [150]. ئەنە شۇلار (ئىمانىنى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق [151]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَعَنَ الْكَافِرِينَ وَأَعَدَّ لَهُمْ سَعِيرًا ۞ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا لَا يَجِدُونَ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا ۞ يَوْمَ تُقَلَّبُ وُجُوهُهُمْ فِي النَّارِ يَقُولُونَ يَا لَيْتَنَا أَطَعْنَا اللَّهَ وَأَطَعْنَا الرَّسُولَا ۞ وَقَالُوا رَبَّنَا إِنَّا أَطَعْنَا سَادَتَنَا وَكُبَرَاءَنَا فَأَضَلُّونَا السَّبِيلَا ۞ رَبَّنَا آتِهِمْ ضِعْفَيْنِ مِنَ الْعَذَابِ وَالْعَنْهُمْ لَعْنًا كَبِيرًا ۞﴾ «الله ھەقىقەتەن كاپىرلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى ۋە ئۇلارغا دوزاخنى تەييارلىدى [64]. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلار ھېچقانداق (ئۇلارنى قوغدايدىغان) دوست ۋە (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان) ياردەمچى تاپالمايدۇ [65]. دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تۈرۈلۈپ كېتىدىغان كۈندە، ئۇلار: <كاشكى بىز الله قا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!> دەيدۇ [66]. ئۇلار: <رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى، رەببىمىز! ئۇلارغا ئازابنى ئىككى ھەسسە بەرگىن ۋە ئۇلارغا قاتتىق لەنەت قىلغىن!> دەيدۇ [67 ـ 68]»②.

❖ ئۈچىنچى قىسىم: ئىسلامنىڭ بەش ئاساسلىرىدىن بىرەرسىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش

كىمكى الله نى يەككە ـ يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى،

① سۈرە نىسا 150 ـ ۋە 151 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە ئەھزاب 64 ـ ئايەتتىن 68 ـ ئايەتكىچە.

ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشنى، ياكى پەيغەمبەرلىكىنىڭ بارلىق كىشىلەرگە ئومۇمىي ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلسا شۇنداقلا ياكى بەش ۋاق نامازنىڭ، ياكى زاكاتنىڭ، ياكى رامىزان روزىسىنىڭ ۋە ياكى ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ ئادەم كاپىر بولىدۇ چۈنكى ئۇ ئادەم الله نى، الله نىڭ رەسۇلىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجماسى (بىرلىككە كەلگەن قارىشى)نى يالغانغا چىقارغان بولىدۇ.

ئەنە شۇنىڭدەك، كىمكى شېرىكنىڭ ياكى الله ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلسا ۋە ياكى زىنانىڭ، بەچچىۋازلىقنىڭ، ھاراقنىڭ ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان، الله نىڭ كىتابىدا ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىدە ھارام ئىكەنلىكى ئوچۇق بولغان نەرسىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ ئادەم كاپىر بولىدۇ چۈنكى ئۇ الله نى ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى يالغانغا چىقارغان بولىدۇ لېكىن ئۇ ئىسلامغا يېڭى كىرگەن بولۇپ، ئۇنى بىلمەسلىكتىن ئىنكار قىلغان بولسا كاپىر بولمايدۇ ئەمما ئۇ كىشىگە ئۆگىتىلگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلسا كاپىر بولىدۇ.

❖ تۆتىنچى قىسىم: الله نى ياكى الله نىڭ دىنىنى ۋە ياكى الله نىڭ رەسۇلىنى مەسخىرە قىلىش

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ لَيَقُولُنَّ إِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ وَنَلْعَبُ قُلْ أَبِاللَّهِ وَآيَاتِهِ وَرَسُولِهِ كُنْتُمْ تَسْتَهْزِئُونَ۝ لَا تَعْتَذِرُوا قَدْ كَفَرْتُمْ بَعْدَ إِيمَانِكُمْ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: <بىز (راست ئەمەس)، پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويىدۇق> دەيدۇ. (بۇ مۇناپىقلارغا) <سىلەر الله نىڭ دىنىنى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟> دېگىن [65]. سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار»[1].

❖ بەشىنچى قىسىم: الله نى ياكى الله نىڭ دىنىنى ۋە ياكى الله نىڭ رەسۇلىنى تىللاش

تىللاش ــ الله قا ياكى الله نىڭ دىنىغا ۋە ياكى الله نىڭ رەسۇلىغا تاپا

[1] سۈرە تەۋبە 65ـ ئايەت ۋە 66ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىش، لەنەت قىلىش ۋە ئۇلارنى ئەيىبلەشكە ئوخشاش، ئۇلارنى كەمسىتكەنلىكنى، مەنسىتمىگەنلىكنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى تىلغا ئېلىشتۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله نى ياكى الله نىڭ رەسۇلىنى تىللىسا، بۇ كىشى ئۇنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسۇن ياكى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلسۇن ۋە ياكى ئېتىقاد قىلىشتىن غەپلەتتە قالسۇن، شەكسىز كاپىر بولىدۇ».

بىزنىڭ ھەمراھلىرىمىز مۇنداق دېگەن: «ئۇ كىشى چاقچاق قىلغان بولسۇن ياكى راست دېگەن بولسۇن، كاپىر بولىدۇ». مانا بۇ بولسا كەسكىن توغرا ھۆكۈمدۇر.

ئىسھاق ئىبنى راھەۋى مۇنداق دەيدۇ: «الله نى ياكى الله نىڭ رەسۇلىنى تىللىغان ۋە ياكى الله نازىل قىلغان بىرەر ئايەتنى الله نىڭ نازىل قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ رەت قىلغان كىشىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىگە مۇسۇلمانلار ئىجماغا (بىرلىككە) كەلگەن».

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە يەنە مۇنداق دېگەن: «باشقا پەيغەمبەرلەرنى تىللاشنىڭ ھۆكمى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نى تىللاشنىڭ ھۆكمى ئوخشاش. كىمكى قۇرئاندا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان مەشھۇر پەيغەمبەرلەردىن بىرەر پەيغەمبەرنى تىللىسا ياكى ھەدىستە <پالانى پەيغەمبەر مۇنداق قىلغان ياكى مۇنداق دېگەن> دەپ بايان قىلىنىش ئارقىلىق پەيغەمبەرلىك بىلەن سۈپەتلەنگەن بىرەر پەيغەمبەرنى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ تىللىسا، ئۇنىڭ ھۆكمى ئىلگىرىكى ھۆكۈمگە ئوخشايدۇ (يەنى كاپىر بولىدۇ)».

پەيغەمبەرلەردىن باشقا كىشىلەرنى تىللاشقا كەلسەك، ئەگەر ئۇنىڭدىكى مەقسەت پەيغەمبەرنى تىللاش بولسا، مەسىلەن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنى پەيغەمبەر ﷺ نى تىللاشنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ تىللىسا، ــ چۈنكى دوست ئۆزىنىڭ يېقىنىغا ئەگىشىدۇ، ــ شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىدىن بىرەرسىگە زىنا ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلار بىلەن تۆھمەت قىلسا، ئۇ كىشى كاپىر بولىدۇ. چۈنكى بۇ پەيغەمبەر ﷺ نى ھاقارەتلەش ۋە ئۇنى تىللاشتىن دېرەك بېرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْخَبِيثَاتُ لِلْخَبِيثِينَ﴾ «يامان

ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر»[1].

❖ ئالتىنچى قىسىم: الله چۈشۈرگەن قانۇندىن باشقا نەرسىلەرنى ھەقكە ئەڭ يېقىن ياكى مەخلۇقاتلارغا ئەڭ مەنپەئەتلىك دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىش

كىمكى يۇقىرىقىدەك ئېتىقاد قىلىپ، الله نىڭ قانۇنىدىن باشقىسى بىلەن ھۆكۈم قىلسا ئۇ كاپىر بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللَّهُ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ «كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر»[2].

ئەنە شۇنىڭدەك، «الله تىن باشقىسىنىڭ ھۆكمى الله نىڭ ھۆكمىدىن ياخشى» دەپ ئېتىقاد قىلسا، گەرچە ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان تەقدىردىمۇ كاپىر بولىدۇ چۈنكى ئۇ الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى يالغانغا چىقارغان بولىدۇ: ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾ «(الله قا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە الله تىنمۇ ئادىل كىم بار»[3].

يەتتىنچى قىسىم: مۇناپىقلىق

مۇناپىقلىق ــ قەلبىدە كاپىر بولۇپ، سۆزى ياكى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كىشىلەرگە مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاشتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الْأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمْ نَصِيرًا﴾ «مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن»[4].

بۇ قىسىمدىكى كىشىلەر ئىلگىرىكى قىسىملاردىكى كىشىلەردىنمۇ قەبىھتۇر شۇڭلاشقا بۇ قىسىمنىڭ ئىگىلىرى ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، بۇلار دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا (قەئرىگە) تاشلىنىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كۇپۇرلۇق، ئالدامچىلىق، الله ۋە الله نىڭ ئايەتلىرىنى ھەمدە الله نىڭ رەسۇلىنى مەسخىرە قىلىش قاتارلىقلار بۇلارنىڭ كۇپۇرلۇقىغا جەملەنگەن. الله

---

[1] سۈرە نۇر 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە مائىدە 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە مائىدە 50 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە نىسا 145 ـ ئايەت.

تائالا بۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَمَا هُمْ بِمُؤْمِنِينَ۞ يُخَادِعُونَ اللَّهَ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَمَا يَخْدَعُونَ إِلَّا أَنْفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ۞ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ فَزَادَهُمُ اللَّهُ مَرَضًا وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ بِمَا كَانُوا يَكْذِبُونَ۞ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لَا تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ قَالُوا إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ۞ أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ الْمُفْسِدُونَ وَلَكِنْ لَا يَشْعُرُونَ۞ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ آمِنُوا كَمَا آمَنَ النَّاسُ قَالُوا أَنُؤْمِنُ كَمَا آمَنَ السُّفَهَاءُ أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ السُّفَهَاءُ وَلَكِنْ لَا يَعْلَمُونَ۞ وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا قَالُوا آمَنَّا وَإِذَا خَلَوْا إِلَى شَيَاطِينِهِمْ قَالُوا إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا نَحْنُ مُسْتَهْزِئُونَ۞ اللَّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ وَيَمُدُّهُمْ فِي طُغْيَانِهِمْ يَعْمَهُونَ۞﴾ «كىشىلەر ئارىسىدا ‹الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق› دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشەندۇق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ) [8]. ئۇلار الله نى ۋە مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ [9]. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، الله ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى، يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى (يەنى يالغاندىن ئىماننى دەۋا قىلغانلىقلىرى ۋە الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [10]. ئۇلارغا: ‹يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار› دېيىلسە، ‹بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز› دەيدۇ [11]. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ [12]. ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا): ‹ئىمان ئېيتقان كىشىلەردەك (يەنى ساھابىلەردەك چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن) ئىمان ئېيتىڭلار› دېيىلسە، ‹بىز ئىمان ئېيتقان ئەخمەقلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتامدۇق؟› دەيدۇ. بىلىڭلاركى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەر لېكىن (بۇنى) ئۇلار تۇيمايدۇ [13]. ئۇلار مۇئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقىنىدا: ‹بىز ئىمان ئېيتتۇق› دېيىشىدۇ، شاياتۇنلىرى (يەنى مۇناپىق كاتتىباشلىرى) بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا ‹بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز، پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز› دەيدۇ [14]. مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن الله ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ [15]»①.

مۇناپىقلىقنىڭ كۆپلىگەن ئالامەتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قاتارىدىن:

❖ گەرچە كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ مۇئمىن ئىكەنلىكىنى ئاشكارا قىلسىمۇ،

① سۈرە بەقەرە 8 ـ ئايەتتىن 15 ـ ئايەتكىچە.

الله چۈشۈرگەن نەرسىدە شەك قىلىش.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يَسْتَأْذِنُكَ الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَارْتَابَتْ قُلُوبُهُمْ فَهُمْ فِي رَيْبِهِمْ يَتَرَدَّدُونَ﴾ «(ئى مۇھەممەد) سەندىن پەقەت الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار، دىللىرىدا (الله نىڭ بىرلىكىگە ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇمانى بارلار رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار ئۆز گۇمانىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ»[①].

❖ الله نىڭ ھۆكمىنى ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ھۆكمىنى يامان كۆرۈش.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ آمَنُوا بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنْزِلَ مِنْ قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَنْ يَتَحَاكَمُوا إِلَى الطَّاغُوتِ وَقَدْ أُمِرُوا أَنْ يَكْفُرُوا بِهِ وَيُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَنْ يُضِلَّهُمْ ضَلَالًا بَعِيدًا ۝ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْا إِلَى مَا أَنْزَلَ اللَّهُ وَإِلَى الرَّسُولِ رَأَيْتَ الْمُنَافِقِينَ يَصُدُّونَ عَنْكَ صُدُودًا ۝﴾ «ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟! ئۇلار ئەرزىنى تاغۇتنىڭ[②] ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار تاغۇتنى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ [60]. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) غا: <الله نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار> دېيىلسە، مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن [61]»[③].

❖ ئىسلام ۋە ئىسلام ئەھلىنىڭ غەلبە قازىنىشىنى يامان كۆرۈش، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىگە خۇرسەن بولۇش.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنْ تُصِبْكَ حَسَنَةٌ تَسُؤْهُمْ وَإِنْ تُصِبْكَ مُصِيبَةٌ يَقُولُوا قَدْ أَخَذْنَا

---

① سۈرە تەۋبە 45- ئايەت.

② تاغۇت — لۇغەت مەنىسى بويىچە «چېكىدىن ئاشقۇچى»، «ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچى»، «كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «الله تىن باشقا ئىبادەت قىلىنىغان ۋە ئىبادەت قىلىنىشنى يامان كۆرمىگەن ھەرقانداق مەخلۇق — تاغۇتتۇر» («مجموع الفتاوى» 28- توم 200- بەت)؛ شەيخ مەۋدۇدى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دەيدۇ: «الله تىن ئۆزىنى ئۈستۈن قويۇۋالغان، بەندىلىك دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ۋە ئىلاھلىقنى دەۋا قىلغان ھەرقانداق شەخس ياكى گۇرۇھ ۋە ياكى ئىدارە — تاغۇتتۇر». (مەۋدۇدىنىڭ «المصطلحات الأربعة الاساسية في القرآن الكريم — قۇرئان كەرىمدىكى تۆت ئاساسىي تېرمىن» ناملىق كىتابى 79- بەت) — تەرجىماندىن.

③ سۈرە نىسا 60- ۋە 61- ئايەتلەر.

أَمْرَنَا مِنْ قَبْلُ وَيَتَوَلَّوْا وَهُمْ فَرِحُونَ﴾ «ئەگەر سەن بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسەڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ؛ ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت كەلسە: <ئىشنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىكەنمىز> دېيىشىپ خۇشال قايتىشىدۇ»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَاأَنْتُمْ أُولَاءِ تُحِبُّونَهُمْ وَلَا يُحِبُّونَكُمْ وَتُؤْمِنُونَ بِالْكِتَابِ كُلِّهِ وَإِذَا لَقُوكُمْ قَالُوا آمَنَّا وَإِذَا خَلَوْا عَضُّوا عَلَيْكُمُ الْأَنَامِلَ مِنَ الْغَيْظِ قُلْ مُوتُوا بِغَيْظِكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ ۞ إِنْ تَمْسَسْكُمْ حَسَنَةٌ تَسُؤْهُمْ وَإِنْ تُصِبْكُمْ سَيِّئَةٌ يَفْرَحُوا بِهَا وَإِنْ تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا لَا يَضُرُّكُمْ كَيْدُهُمْ شَيْئًا إِنَّ اللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطٌ ۞﴾ «(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر ئۇلارنى دوست تۇتىسىلەر، ئۇلار سىلەرنى دوست تۇتمايدۇ (سىلەرگە بولغان دۈشمەنلىكىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ)، سىلەر (ھەممە ساماۋى) كىتابقا ئىشىنىسىلەر (شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار سىلەرنى ئۆچ كۆرىدۇ)، ئۇلار سىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا <ئىمان ئېيتتۇق> دەيدۇ. ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا سىلەرگە بولغان ئاچچىقىدىن بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: <ئاچچىقىڭلار بىلەن ئۆلۈڭلار! (يەنى الله ئۆلگىنىڭلارغا قەدەر ئاچچىقىڭلارنى داۋاملاشتۇرسۇن!)> الله ھەقىقەتەن دىللاردىكىنى بىلگۈچىدۇر [119]. ئەگەر سىلەرگە (كەڭچىلىك، مولچىلىق، نۇسرەت، غەنىيمەت قاتارلىق) بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ؛ ئەگەر سىلەرگە (ئېغىرچىلىق، قەھەتچىلىك ۋە مەغلۇبىيەت قاتارلىق) بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ. ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە (سۆزۈڭلاردا، ھەرىكىتىڭلاردا الله تىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر [120]»[2].

❖ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە پەيدا قىلىش، ئۇلارنى پارچىلاش ۋە بۇ ئىشلارنى ياخشى كۆرۈش.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَوْ خَرَجُوا فِيكُمْ مَا زَادُوكُمْ إِلَّا خَبَالًا وَلَأَوْضَعُوا خِلَالَكُمْ يَبْغُونَكُمُ الْفِتْنَةَ وَفِيكُمْ سَمَّاعُونَ لَهُمْ﴾ «ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە-پاساتنى كۆپەيتەتتى، ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئاراڭلاردا ئۇلار ئۈچۈن تىڭ-

[1] سۈرە تەۋبە 50- ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 119- ۋە 120- ئايەتلەر.

تىڭلايدىغانلار بار»[1].

❖ ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە كۇپۇرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلارنى مەدھىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامغا قارشى بولغان پىكىرلىرىنى تارقىتىش.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ تَوَلَّوْا قَوْمًا غَضِبَ اللَّهُ عَلَيْهِم مَّا هُم مِّنكُمْ وَلَا مِنْهُمْ وَيَحْلِفُونَ عَلَى الْكَذِبِ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾ «الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋمنى ئۇلارنىڭ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ!؟ ئۇلار سىلەرگىمۇ ۋە ئۇ قەۋمگىمۇ (يەنى يەھۇدىيلارغىمۇ) مەنسۇپ ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ يالغاندىن قەسەم ئىچىدۇ»[2].

❖ مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئەيىبلەش.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يَلْمِزُونَ الْمُطَّوِّعِينَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ فِي الصَّدَقَاتِ وَالَّذِينَ لَا يَجِدُونَ إِلَّا جُهْدَهُمْ فَيَسْخَرُونَ مِنْهُمْ سَخِرَ اللَّهُ مِنْهُمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ «(مۇناپىقلار) مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، الله ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ»[3].

مۇناپىقلار ئىبادەتتە تىرىشچانلىق قىلغان مۇئمىنلەرنى «رىيا قىلدى» دەپ، ئىبادەتتە ئاجىز كەلگەنلەرنى «سەل قارىدى» دەپ ئەيىبلەيدۇ.

❖ تۆۋەن كۆرۈش ۋە شەك قىلىش سەۋەبىدىن، مۇئمىنلەرنىڭ دۇئاسىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ يۈز ئۆرۈش.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْا يَسْتَغْفِرْ لَكُمْ رَسُولُ اللَّهِ لَوَّوْا رُءُوسَهُمْ وَرَأَيْتَهُمْ يَصُدُّونَ وَهُم مُّسْتَكْبِرُونَ﴾ «ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتىپ: <كېلىڭلار، رەسۇلۇللاھ سىلەرگە مەغپىرەت تىلەيدۇ> دېيىلسە، (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن) باشلىرىنى سىلكىيدۇ، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغان ھالدا (دەۋەت قىلىنغان

[1] سۈرە تەۋبە 47 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە مۇجادەلە 14 ـ ئايەت.

[3] سۈرە تەۋبە 79 ـ ئايەت.

نەرسىدىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرۈسەن»①.

❖ نامازنىڭ ئىچىگىر كىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ھۇرۇنلۇق قىلىش.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ يُخَادِعُونَ اللَّهَ وَهُوَ خَادِعُهُمْ وَإِذَا قَامُوا إِلَى الصَّلَاةِ قَامُوا كُسَالَى يُرَاءُونَ النَّاسَ وَلَا يَذْكُرُونَ اللَّهَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ «شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار الله نى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا خۇش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ)، (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ)، الله نى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ»②.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «أثقل الصلاة على المنافقين: صلاة العشاء وصلاة الفجر» «مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ناماز خۇپتەن ۋە بامدات نامىزىدۇر»③.

❖ الله قا، الله نىڭ رەسۇلىغا ۋە مۇئمىنلەرگە ئەزىيەت بېرىش.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْهُمُ الَّذِينَ يُؤْذُونَ النَّبِيَّ﴾ «ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەرگە (سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق) ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ»④.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يُؤْذُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ لَعَنَهُمُ اللَّهُ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَأَعَدَّ لَهُمْ عَذَابًا مُهِينًا ۞ وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُبِينًا ۞﴾ «الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلار (يەنى الله ۋە رەسۇلۇللاھ يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلار) نى الله دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلايدۇ [57]. مۇئمىنلەر ۋە مۇئمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بۆھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ [58]»⑤.

يۇقىرىقىلار ــــ مۇناپىقلارنىڭ بىر بۆلۈك ئالامەتلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن ئاگاھ بولۇش ۋە نەپسىمىزنى ئۇلاردىن پاكلاش ئۈچۈن بايان قىلدۇق.

ئى الله! بىزنى نىفاقتىن ساقلىغىن، بىزگە سېنى رازى قىلىدىغان

① سۈرە مۇنافىقۇن 5 ـ ئايەت.

② سۈرە نىسا 142 ـ ئايەت.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

④ سۈرە تەۋبە 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

⑤ سۈرە ئەھزاب 57 ـ ۋە 58 ـ ئايەتلەر.

رەۋىشتىكى ھەقىقىي ئىمانىنى رىزىق قىلىپ بەرگىن. ئى ئالەملەرنىڭ رەببى ﷲ! بىزنى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

ﷲ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

# 27 - سۆھبەت

# دوزاختا كىرىپ قېلىشنىڭ ئىككىنچى تۇرلۇك سەۋەبلىرى

ﷲ قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! ﷲ كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۇ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ﷲ ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، ﷲ تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان ﷲ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ ﷲ نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ﷲ تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، ئىلگىرىكى سۆھبەتتە، دوزاختا مەڭگۇ قېلىشقا سەۋەب

بولىدىغان، دوزاخقا كىرىپ قېلىشنىڭ بىرىنچى تۆردىكى سەۋەبىنىڭ بىر قانچە قىسىملىرى بايان قىلىندى. بۇ سۆھبەتتە الله نىڭ ياردىمى بىلەن ئىككىنچى تۆردىكى بىر قانچە سەۋەبلىرىنى بايان قىلىمىز، بۇلار بولسا ئۇنى قىلغان كىشى دوزاخقا كىرىپ قېلىشقا تېگىشلىك بولىدىغان ئەمما دوزاختا مەڭگۈ قالمايدىغان سەۋەبلەردۇر.

❖ بىرىنچى سەۋەب: ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش

ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش — ئۇلارغا قىلىش ۋاجىب بولغان ياخشىلىق ۋە سىلە-رەھىمنى ئۈزۈش، سۆز ياكى ئىش-ھەرىكەت بىلەن ئۇلارغا يامانلىق قىلىشتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا ۞ وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا ۞﴾ «رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا <ئوهوي> دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەللىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن [23]. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: <ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن> دېگىن [24]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ﴾ «(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر»②.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ثلاثة حَرَّم الله عليهم الجنة: مدمن الخمر، والعاق لوالديه، والديّوث الذي يُقِرّ الخبث في أهله» «الله تائالا ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلغان: ھاراق ئىچىشنى داۋام قىلغان كىشى، ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتقان كىشى، ئائىلىسىدىكى زىناغا سۈكۈت قىلغان دەييۇز».③

① سۈرە بەنى ئىسرائىل 23- ۋە 24- ئايەتلەر.

② سۈرە لوقمان 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان.

❖ ئىككىنچى سەۋەب: سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش

بۇ ـــ بىر ئادەمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ئۇلارغا مال ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قىلىشى ۋاجىب بولغان ھەقلەرنى چەكلەپ قويۇشىدۇر. جۇبەير ئىبنى مۇتئىمدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «لا يدخل الجنة قاطع» «(سىلە ـ رەھىمنى) ئۈزگەن كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» .①

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «إن الرحم قامت فقالت لله عز وجل: هذا مقام العائذ بك من القطيعة، قال: نعم، أما ترضين أن أصل من وصلك، وأقطع من قطعك ؟. قالت: بلى، قال: فذلك لك. ثم قال رسول الله ﷺ: اقرؤوا إن شئتم: ﴿فَهَلْ عَسَيْتُمْ إِنْ تَوَلَّيْتُمْ أَنْ تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ وَتُقَطِّعُوا أَرْحَامَكُمْ ۝ أُولَئِكَ الَّذِينَ لَعَنَهُمُ اللَّهُ فَأَصَمَّهُمْ وَأَعْمَى أَبْصَارَهُمْ ۝﴾» [رەھىم ئورنىدىن تۇرۇپ الله تائالاغا: «بۇ سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈشتىن پاناھ تىلىگۈچىنىڭ ئورنىمۇ؟» دېدى. الله تائالا: «ھەئە! سېنى ئۇلىغان كىشىگە رەھمىتىمنى يەتكۈزسەم، سېنى ئۈزۈۋەتكەن كىشىدىن رەھمىتىمنى ئۈزسەم رازى بولامسەن؟» دېگەنىدى. رەھىم: «ئەلۋەتتە رازى بولىمەن» دېدى. الله تائالا: «ئۇنداق بولسا بۇ ھەق ساڭا بېرىلدى» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: «ئەگەر خالىساڭلار الله تائالانىڭ: <سىلەر (ئىسلام) دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟! [22]. ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى الله رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى [23]> ② دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار» دېدى]③.

تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئورۇنداشتىن غەپلەتتە قالدى ۋە سىلە ـ رەھىم ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋەتتى. بۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ ھۆججىتى شۇكى، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا سىلە ـ رەھىم

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② سۈرە مۇھەممەد 22 ـ ۋە 23 ـ ئايەتلەر.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلمايدىكەن. ھالبۇكى، بۇ ھۆججەت ئۇنىڭغا مەنپەئەت بەرمەيدۇ چۈنكى ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزىگە سىلە-رەھىم قىلغان كىشىگىلا سىلە-رەھىم قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان سىلە-رەھىمى الله ئۈچۈن بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇش بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ليس الواصل بالمكافئ، ولكن الواصل الذي إذا قطعت رحمه وصلها» «ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرغان كىشى سىلە-رەھىم قىلغۇچى ھېسابلانمايدۇ، بەلكى ئۇزۇلۇپ قالغان تۇغقاندارچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كىشى سىلە-رەھىم قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ». ①

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن رجلاً قال: يا رسول الله، إن لي قرابة أصلهم ويقطعوني، وأحسن إليهم ويسيئون إليّ، وأحلم عليهم ويجهلون عليّ. فقال النبي ﷺ: "إن كنت كما قلت فكأنما تسفهم الملَّ، ولا يزال معك من الله ظهير عليهم ما دمت على ذلك"» «بىر كىشى: <ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ تۇغقانلىرىم بار، مەن ئۇلارغا سىلە-رەھىم قىلىپ تۇرىمەن بىراق ئۇلار ماڭا سىلە-رەھىم قىلمايدۇ، مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ تۇرىمەن بىراق ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ. مەن ئۇلارغا مېھرىبانلارچە مۇئامىلە قىلىمەن بىراق ئۇلار ماڭا نادانلارچە مۇئامىلە قىلىدۇ> دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئەگەر سەن ئېيتقانلىرىڭدەك قىلغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۆزىگە. سەن بۇ ئىشنى داۋام قىلىپلا تۇرساڭ، الله تەرەپتىن بىر قوغدىغۇچى ئۇلارغا قارشى سەن بىلەن ھەمىشە بىللە بولىدۇ> دېدى». ② ئەگەر ئۇلار سىلە-رەھىم قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئۇ كىشى ئۇلارغا سىلە-رەھىم قىلسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ماختىلىدىغان نەتىجە ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر الله ئۇلارغا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇلار بۇ ئىشلاردىن قايتىپ، ئۇ كىشىگە سىلە-رەھىمنى ئۇلايدۇ.

❖ ئۈچىنچى سەۋەب: جازانە يېيىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا الرِّبَا أَضْعَافًا مُضَاعَفَةً وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ۞ وَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ ۞ وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ ۞﴾ «ئى

① بۇخارى توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

مۇئمىنلەر! جازانىنى قاتمۇقات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن الله تىن (نەھيى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئېتىپ) قورقۇڭلار [130]. كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان دوزاختىن (يەنى دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان يامان ئىشلاردىن) ساقلىنىڭلار [131]. سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن، الله قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار [132]»①.

الله تائالا ئۆزىنىڭ ۋەز-نەسىھىتى، ئاگاھلاندۇرۇشى ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالدۇرۇش بىلەن قورقۇتۇشى يەتكەندىن كېيىنمۇ جازانىگە قايتىۋالغان كىشىلەرنى قورقۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يَأْكُلُونَ الرِّبَا لَا يَقُومُونَ إِلَّا كَمَا يَقُومُ الَّذِي يَتَخَبَّطُهُ الشَّيْطَانُ مِنَ الْمَسِّ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا إِنَّمَا الْبَيْعُ مِثْلُ الرِّبَا وَأَحَلَّ اللَّهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا فَمَنْ جَاءَهُ مَوْعِظَةٌ مِنْ رَبِّهِ فَانْتَهَى فَلَهُ مَا سَلَفَ وَأَمْرُهُ إِلَى اللَّهِ وَمَنْ عَادَ فَأُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾ «جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار الله ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ: <سودا-سېتىق جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟)> دېدى. الله سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى. كىمكى رەببى تەرىپىدىن ۋەز-نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى الله قا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى الله خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ)؛ قايتا جازانە قىلغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ»②.

❖ تۆتىنچى سەۋەب: يېتىملارنىڭ ماللىرىنى يەۋېلىش ۋە ئۇنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَى ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ نَارًا وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا﴾ «زۇلۇم قىلىپ يېتىملارنىڭ مال-مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ»③.

---

① سۈرە ئال ئىمران 130- ئايەتتىن 132- ئايەتكىچە.
② سۈرە بەقەرە 275- ئايەت.
③ سۈرە نىسا 10- ئايەت.

يېتىم ــ بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن دادىسى ۋاپات بولغان بالىدۇر.

❖ بەشىنچى سەۋەب: يالغان گۇۋاھلىق بېرىش

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «لن تزول قدم شاهد الزور حتى يوجب الله له النار» «يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىنىڭ قەدىمى ئورنىدىن يۆتكەلمەي تۇرۇپ، الله تائالا ئۇ كىشىگە دوزاخنى ۋاجىب قىلىدۇ».[①]

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ــ بىلمەيدىغان نەرسىگە گۇۋاھلىق بېرىش ياكى ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر چۈنكى گۇۋاھلىق بېرىش پەقەت گۇۋاھچىنىڭ بىلىدىغان نەرسىلىرى ئارقىلىق گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەنلا دۇرۇس بولىدۇ. ھەدىستە: «قال لرجل: ترى الشمس ؟ قال: نعم، قال: على مثلها فاشهد أو دع» «پەيغەمبەر ﷺ بىر كىشىگە: <قۇياشنى كۆرۈۋاتامسەن؟> دېدى. ئۇ كىشى: <ھەئە> دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنىڭدەك (ئوچۇق) ئىشقا گۇۋاھلىق بەرگىن ياكى تەرك ئەتكىن> دېگەن».[②]

❖ ئالتىنچى سەۋەب: ھۆكۈمدە پارا ئېلىش

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «الراشي والمرتشي في النار» «پارا بەرگۈچى ۋە پارا ئالغۇچى دوزاختا بولىدۇ».[③]

❖ يەتتىنچى سەۋەب: يالغان قەسەم قىلىش

ھارىس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەجدە ئىككى جەمرىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ: «من اقتطع مال أخيه بيمين فاجرة فليتبوأ مقعده من النار، لِيُبلّغ شاهدُكم غائبَكم» «كىمكى قېرىندىشىنىڭ مېلىنى يالغان قەسەم بىلەن ئېلىۋالسا، ئۆزىگە دوزاختىن ئورۇن تەييارلاپ قويسۇن، بۇ يەردە بار كىشىلەر يوق كىشىلەرگە يەتكۈزسۇن!» دەپ ئىككى قېتىم ياكى ئۈچ قېتىم

[①] ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم توپلىغان، ھاكىم «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

[②] بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

[③] ئەبۇ داۋۇد، تەبەرانى، ھاكىم ۋە تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى «ھەسەن ۋە سەھىھ» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن. تەبەرانى «النهاية» ناملىق كىتابىدا: «پارا بەرگۈچى ــ باتىلغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىر نەرسە بەرگەن كىشى، پارا ئالغۇچى ــ مۇشۇ مەقسەتتە بېرىلگەن نەرسىنى قوبۇل قىلغان كىشىدۇر. ئەمما ھەققىنى ئېلىش ياكى زۇلۇمنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە پارا ئىچىگە كىرمەيدۇ» دېگەن.

دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.[1]

يالغان قەسەم قىلىش «غموس» دەپ ئاتالدى چۈنكى ئۇ ــ يالغان قەسەم قىلغان كىشىنى گۇناھقا چۆكتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن گۇناھ ئۇ كىشىنى دوزاخقا چۆكتۈرۈۋېتىدۇ.

دەۋا قىلىپ يالغان قەسەم قىلىش بىلەن ئىنكار قىلىپ يالغان قەسەم قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق چۈنكى يالغان قەسەم قىلىپ دەۋا قىلىنغان نەرسە يالغان قەسەم قىلغان كىشىگە ھۆكۈم قىلىپ بېرىلىدۇ، ئىنكار قىلىپ يالغان قەسەم قىلغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىدىن پاك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

❖ سەككىزىنچى سەۋەب: كىشىلەر ئارىسىدا ئىلىمسىزلىك ياكى زۇلۇم ۋە ياكى يان بېسىش بىلەن ھۆكۈم قىلىش

بۇرەيدە ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «القضاة ثلاثة: واحد في الجنة واثنان في النار، فأما الذي في الجنة: فرجل عرف الحق وقضى به، ورجل عرف الحق فجار في الحكم فهو في النار، ورجل قضى للناس على جهل فهو في النار» «قازىلار ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىرى جەننەتتە، ئىككىسى دوزاختا بولىدۇ. جەننەتتە بولىدىغان قازى ــ ھەقنى تونۇپ ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشىدۇر. ھەقنى تونۇپ، ھۆكۈمدە زۇلۇم قىلغان كىشى دوزاختا بولىدۇ؛ بىلىمسىز تۇرۇپ كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلغان كىشىمۇ دوزاختا بولىدۇ».[2]

❖ توققۇزىنچى سەۋەب: خەلقكە ۋە خىزمەتكە پايدىسى يوق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق خەلقكە خىيانەت قىلىش ۋە ئۇلارغا سەممىي بولماسلىق

مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ما من عبد يسترعيه الله على رعية يموت يوم يموت وهو غاش لرعيته إلا حرم الله عليه الجنة» «الله تائالا بىر بەندىنى بىر خەلقكە ئىگە قىلسا، ئۇ بەندە قول ئاستىدىكىلەرگە خىيانەت قىلغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە،

[1] ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

ﷲ ئۇ كىشىگە جەننەتنى هارام قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.①

بۇ ــــ بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسىدىكى مەسئۇللۇقىنى، سۇلتاننىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلقلەرگە بولغان مەسئۇللۇقىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «كلكم راع ومسؤول عن رعيته، الإمام راع ومسؤول عن رعيته، والرجل راع في أهله ومسؤول عن رعيته، والمرأة راعية في بيت زوجها ومسؤولة عن رعيتها، والخادم راع في مال سيده ومسؤول عن رعيته، وكلكم راع ومسؤول عن رعيته» «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سورىلىسىلەر. خەلىپىمۇ پادىچى، ئۇ ئۆز پۇقرالىرىدىن سورىلىدۇ؛ ئەر كىشىمۇ ئۆز ئائىلىسىدە پادىچى، ئۇ ئۆيدىكىلىرىدىن سورىلىدۇ؛ ئايال كىشىمۇ ئېرىنىڭ ئۆيىدە پادىچى، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيدىكىلىرىدىن سورىلىدۇ؛ خىزمەتچىمۇ خوجايىنىنىڭ مېلىدا پادىچى، ئۇ خوجايىنىنىڭ ماللىرىدىن سورىلىدۇ. دېمەك، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە ئۆز پاداڭلاردىن سورىلىسىلەر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.②

❖ ئونىنچى سەۋەب: ئىنسان بولسۇن ياكى ھايۋان بولسۇن، جانلىق نەرسىلەرنىڭ رەسىمىنى سىزىش

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «كل مصور في النار، يجعل له: بكل صورة صورها نفساً، فتعذبه في جهنم» «رەسىم سىزغان ھەرقانداق كىشى دوزاخقا كىرىدۇ، ئۇ كىشى سىزغان ھەممە رەسىمگە جان كىرگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئۇ جانلار ئۇ كىشىنى جەھەننەمدە ئازابلايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم».③ بۇخارىنىڭ نەقىلىدە: «من صور صورة فإن الله معذبه حتى ينفخ فيها الروح، وليس بنافخ فيها أبداً» «كىمكى رەسىم سىزسا، ﷲ تائالا ئۇنى سىزغان رەسىمگە جان كىرگۈزگەنگە قەدەر ئازابلايدۇ، ئۇ كىشى ئۇنىڭغا مەڭگۈ جان كىرگۈزەلمەيدۇ».

ئەمما دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈك، مېۋە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆسۈملۈك

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ مۇسلىم توپلىغان.

جىسىملارنى سىزىش مەسىلىسىدە كۆپچىلىك ئالىملار: «ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ ئەمما «سەھىھ بۇخارى» دىكى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىسكە ئاساسلىنىپ، بەزى ئالىملار بۇلارنى سىزىشنى ھەم چەكلەيدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «قال الله عز وجل: ومن أظلم ممن ذهب يخلق كخلقي، فليخلقوا ذرة أو ليخلقوا حبة أو شعيرة» «الله تائالا: <مەن ياراتقان نەرسىلەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى سىزغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى يوق. قېنى، ئۇلار بىر تال قوناق ياكى بىر تال دان ۋە ياكى بىرتال ئارپا يارىتىپ باقمىسۇنمۇ؟!> دەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم[1].

❖ ئون بىرىنچى سەۋەب: «سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم» دا ھارىس ئىبنى ۋەھبى پەيغەمبەر ﷺ دىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ألا أخبركم بأهل النار؟ كل عتل جواظ مستكبر» «مەن سىلەرگە دوزاخ ئەھلىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇلار قوپال، بېخىل ۋە تەكەببۇر كىشىلەردۇر».

«عتل» — ھەققە بويۇن ئەگمەيدىغان ۋە مەخلۇقاتلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلمايدىغان قاتتىق ۋە قوپال كىشىدۇر.

«جواظ» — كۆپ توپلاپ، چىقىم قىلمايدىغان، چېكىدىن ئاشقان بېخىل كىشىدۇر.

«مستكبر» — ھەقنى ئىنكار قىلىدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۇستۇن ھېسابلايدىغان ۋە ئۆز پىكرىنى ھەقتىن توغرا دەپ قارايدىغان كىشىدۇر.

❖ ئون ئىككىنچى سەۋەب: ئەر-ئاياللارنىڭ يېمەك-ئىچمەكتە ئالتۇن ۋە كۇمۇش قاچىلارنى ئىشلىتىشى

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «الذي يشرب في آنية الفضة إنما يجرجر في بطنه نار جهنم» «كۇمۇش قاچىدا ئىچكەن كىشىنىڭ قورسىقىدا جەھەننەم ئوتى لاۋۇلدايدۇ»[2]. مۇسلىمنىڭ نەقلىدە: «إن الذي يأكل أو يشرب في آنية الذهب والفضة إنما يجرجر في بطنه نار جهنم» «ئالتۇن ۋە كۇمۇش قاچىدا يەپ-ئىچكەن كىشىنىڭ قورسىقىدا

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

جەھەننەمنىڭ ئوتى لاۋۇلدايدۇ» دېيىلگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ رأى خاتماً من ذهب في يد رجل، فنزعه وطرحه، وقال: يعمد أحدكم إلى جمرة من نار فيطرحها في يده فقيل للرجل بعد ما ذهب رسول الله ﷺ: خذ خاتمك انتفع به. فقال: لا والله، لا آخذه وقد طرحه رسول الله ﷺ» «پەيغەمبەر ﷺ بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرۈپ ئۇنى چىقىرىپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن: <سىلەرنىڭ بىرىڭلار چوغنى قولىغا سېلىۋېلىشنى خالامدۇ؟> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئادەمگە: <ئۈزۈكۈڭنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغىن> دېيىلگەندە، ئۇ ئادەم: <ياق! الله بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ تاشلىۋەتكەن ئۈزۈكنى ھەرگىز ئالمايمەن> دېدى».[①]

قېرىنداشلىرىم، دوزاخقا كىرىپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار ۋە مەڭگۈلۈك ماكاندا نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرىدىغان سەۋەبلەرنى بىلىۋېلىڭلار. بىلىڭلاركى، دۇنيا يوقۇلۇشقا ۋە ھالاك بولۇشقا قاراپ تېزلىكتە كېتىۋاتقان ئازغىنە مال ـ ماتادۇر.

رەببىڭلاردىن ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىشنى، الله نىڭ سىلەرنى الله ئۇلارغا ئىنئام قىلغان مۇئمىن ئەر ۋە ئاياللار بىلەن بىرگە ھەشر قىلىشنى سوراڭلار.

ئى الله ! بىزنى ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن ۋە ھەق ئۈستىدە ۋاپات تاپقۇزغىن. ئى مېھرىبان الله ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

---

[①] مۇسلىم توپلىغان.

# 28 ـ سۆھبەت

# پىتىر زاكىتى

اللهقا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! الله كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر: ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. الله ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، الله تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ الله نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بۇ ھۆرمەتلىك ئېيىڭلار چىقىپ

كېتىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، بۇ ئايدىن پەقەت ئازغىنە ۋاقىت قېلىپ قالدى. ئىچىڭلاردىن كىمكى ياخشىلىق قىلغان بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن اللە قا ھەمدە ئېيتسۇن ۋە اللە نىڭ قوبۇل قىلىشىنى سورىسۇن. ئىچىڭلاردىن كىمكى بىپەرۋالىق قىلغان بولسا، اللە قا تەۋبە قىلسۇن ۋە سەل قارىغانلىقىغا ئۆزرە ئېيتسۇن. ئۆلۈمدىن ئىلگىرى ئېيتىلغان ئۆزرە قوبۇل قىلىنىدۇ.

قېرىنداشلىرىم، اللە تائالا سىلەرگە بۇ ئېيىڭلارنىڭ ئاخىرىدا، ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى پىتىر زاكىتىنى ئادا قىلىشنى يولغا قويدى. بىز بۇ سۆھبىتىمىزدە پىتىر زاكىتىنىڭ ھۆكمى، ھېكمىتى، تۈرى، مىقدارى ۋە ئۇنىڭ ۋاجىب بولىدىغان ۋاقتى، ئۇنى بېرىش ۋاقتى ۋە ئۇنى بېرىدىغان ئورۇن ھەققىدە سۆزلەيمىز.

ئۇنىڭ ھۆكمى — پەرزدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ پەرز قىلغان ياكى بۇيرىغان ئىشقا اللە پەرز قىلغاننىڭ ياكى بۇيرىغاننىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ وَمَنْ تَوَلَّى فَمَا أَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا﴾ «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ اللە قا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر اللە نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق»①.

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُشَاقِقِ الرَّسُولَ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ الْهُدَى وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ الْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِ مَا تَوَلَّى وَنُصْلِهِ جَهَنَّمَ وَسَاءَتْ مَصِيرًا﴾ «كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»②.

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا﴾ «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن

① سۈرە نىسا 80 ـ ئايەت.

② سۈرە نىسا 115 ـ ئايەت.

چەكلىنىدىغانلار»[1].

پىتىر زاكىتى چوڭ ياكى كىچىك، ئەر ياكى ئايال، ھۆر ياكى قۇل بولسۇن، ھەرقانداق مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «فرض رسول الله ﷺ زكاة الفطر من رمضان، صاعاً من تمر، أو صاعاً من شعير، على العبد والحر، والذكر والأنثى، والصغير والكبير من المسلمين» «رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇل ياكى ھۆر، ئەر ياكى ئايال، چوڭ ياكى كىچىك ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ رامىزاننىڭ پىتىر زاكىتى ئۈچۈن بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا بېرىشنى پەرز قىلدى»[2].

پىتىر زاكىتى قورساقتىكى بالىغا ۋاجىب ئەمەس لېكىن نەفلە قىلىپ بەرسە دۇرۇس. مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قورساقتىكى بالا ئۈچۈن پىتىر زاكىتى بەرگەن ئىدى.

پىتىر زاكىتىنى ئۆزى ئۈچۈن بېرىشى ۋاجىب. نەپىقە قىلىپ بېرىشى لازىم بولغان ئايالى ياكى ئۇرۇق-تۇغقىنىغا ئوخشاش كىشىلەر پىتىر زاكىتى بېرىشكە قادىر بولالمىسا، ئۇلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پىتىر زاكىتىنى بېرىش ھەم ۋاجىبتۇر. ئەگەر ئۇلار قادىر بولالىسا ئۆزلىرى بېرىشى ئەۋزەلدۇر چۈنكى ئەسلىدە ئۇلار پىتىر زاكىتى بېرىشكە بۇيرۇلغان.

ھېيتتا بىر كېچە-كۈندۈزلۈك چىقىمىدىن ئارتۇق بىر نەرسىسى بار كىشىگە پىتىر زاكىتى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر تاپقان نەرسىسى بىر ساغا يەتمىسىمۇ تاپقىنىنى بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾ «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار»[3]. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «إذا أمرتكم بأمر فأتوا منه ما استطعتم» «ئەگەر مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرىسام ئۇنى تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىڭلار»[4].

پىتىر زاكىتىنىڭ ھېكمىتى ئىنتايىن روشەندۇر. پېقىرلارغا ئېھسان

[1] سۈرە ھەشر 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] سۈرە تەغابۇن 16- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىش ــ ئۇلارنى ھېيتتا بايلارغا ئوخشاشلا خۇرسەن قىلىدۇ ۋە شادلاندۇرىدۇ ھەمدە ھېيتنىڭ بارلىق كىشىلەرگە ئورتاق بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ھېيت كۈنلىرىدە باشقىلاردىن سوراشتىن توسىدۇ. پىتىر زاكىتى بەرگۈچىلەر سېخىيلىق ئەخلاقى ۋە ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىشنى ياخشى كۆرۈش بىلەن سۈپەتلەنگەن بولىدۇ. پىتىر زاكىتى روزىدارنى روزىسى جەريانىدا ھاسىل بولغان كەمچىلىك، بىھۇدە ئىشلار ۋە گۇناھلاردىن پاكلايدۇ. پىتىر زاكىتىنى بېرىش ئارقىلىق رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى، قىيامىنى تاماملاش ۋە الله تائالا رامىزان ئېيىدا مۇيەسسەر قىلغان سالىھ ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن الله نىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ئاشكارىلىنىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «فرض رسول الله ﷺ زكاة الفطر طهرة للصائم من اللغو والرفث، وطعمة للمساكين، فمن أداها قبل الصلاة فهي زكاة مقبولة، ومن أدّاها بعد الصلاة فهي صدقة من الصدقات» «رەسۇلۇللاھ ﷺ پىتىر زاكىتىنى روزا تۇتقۇچىنىڭ بىھۇدە گەپ-سۆزلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن پاكلىنىشى، مىسكىنلەرگە ئوزۇق-تۈلۈك بولۇشى ئۈچۈن پەرز قىلدى. كىمكى ئۇنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن ئادا قىلسا، ئۇ قوبۇل قىلىنغان زاكات ھېسابلىنىدۇ؛ كىمكى ئۇنى ھېيت نامىزىدىن كېيىن بەرسە، ئۇ سەدىقىلەردىن بىر سەدىقە بولىدۇ». ①

پىتىر زاكىتى ھەققىدە ۋاجىب بولغان تۈرلەر: خورما، بۇغداي، گۈرۈچ، ئۈزۈم، قۇرۇت ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم بالىلىرىنىڭ تائامىدۇر.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «فرض رسول الله ﷺ زكاة الفطر من رمضان، صاعاً من تمر، أو صاعاً من شعير» «رەسۇلۇللاھ ﷺ رامىزاننىڭ پىتىر زاكىتى ئۈچۈن بىر سا خورما ياكى بىر سا ئارپا بېرىشنى پەرز قىلدى». ② شۇ زاماندا ئارپا ئۇلارنىڭ تائامى ئىدى.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كنا نخرج يوم الفطر في عهد النبي ﷺ صاعاً من طعام، وكان طعامنا الشعير، والزبيب، والأقط، والتمر» «بىز پەيغەمبەر ﷺنىڭ دەۋرىدە ھېيت كۈنى بىر سا تائام

① ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بىرەتتۇق، بىزنىڭ تائامىمىز ئارپا، ئۈزۈم، قۇرۇت ۋە خورما ئىدى».[1]

دېمەك، پىتىر زاكىتىغا ھايۋانلارنىڭ يېمەكلىكىنى بىرىش كۇپايە قىلمايدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ھايۋانلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك بولۇشى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى مىسكىنلەرگە ئوزۇق ـ تۈلۈك بولۇشى ئۈچۈن پەرز قىلدى.

پىتىر زاكىتىغا ئىنسانلارنىڭ تائاملىرىدىن باشقا كىيىم ـ كېچەك، قاچا ـ قۇچا ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى بىرىش كۇپايە قىلمايدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ پىتىر زاكىتىنى تائامدىن بىرىشنى پەرز قىلدى. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇئەييەنلەشتۇرۇپ بەرگەن نەرسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىك كېرەك. تائامنىڭ قىممىتىنى (تائام قىممىتىدىكى پۇل) بىرىش ھەم كۇپايە قىلمايدۇ،[2] چۈنكى بۇ ـــ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من عمل عملاً ليس عليه امرنا فهو رد» «قانداق بىر كىشى بىز بۇيرىمىغان بىر ئىشنى قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ». يەنە بىر نەقىلدە: «من أحدث في أمرنا هذا ما ليس منه فهو رد» «كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ».[3]

تائامنىڭ قىممىتى (ھېسابىدا پۇل) بىرىش ساھابىلەرنىڭ ئەمەلىگە قارشى چۈنكى ئۇلار پىتىر زاكىتىغا بىر سا تائام بىرەتتى. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «عليكم بسنتي وسنة الخلفاء الراشدين المهديين من بعدي» «مېنىڭ سۈننىتىمنى ۋە توغرا يولغا يېتەكلەنگەن مەندىن كېيىنكى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىنى لازىم تۇتۇڭلار».[4]

پىتىر زاكىتى مۇئەييەن تۈردىن بىرىش بەلگىلەنگەن ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى ئۇنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتتا بىرىش كۇپايە قىلمىغاندەك، بەلگىلەنگەن مۇئەييەن تۈردىن باشقا تۈر بويىچە بىرىشمۇ كۇپايە قىلمايدۇ چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ پىتىر زاكىتىنى كۆپىنچە ھالەتتە قىممىتى

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇ مەسىلىدە ئىمام شافىئىي، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق كۆپچىلىك ئالىملار: «تائامنىڭ قىممىتىنى بىرىش دۇرۇس ئەمەس» دەپ قارايدۇ، بۇ كۆچلۈك قاراشتۇر لېكىن ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى: «تائامنىڭ قىممىتىنى بەرسىمۇ بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

ئوخشىمايدىغان ھەرخىل تۈرلەردىن بىكىتىپ بەردى. ئەگەر تەخمىنەن قىممەت ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا پىتىر زاكىتىغا بىر تۈردىن بىر سا، باشقا تۈرلەردىن شۇ تۈرنىڭ قىممىتىگە باراۋەر كېلىدىغان نەرسە بېرىش ۋاجىب بولغان بولاتتى.

تائامنىڭ قىممىتى (ھېسابىدا پۇل) بېرىش پىتىر زاكىتىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئاشكارا ئىبادەتتىن مەخپىي سەدىقىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. پىتىر زاكىتىغا بىر سا يېمەكلىك بېرىش — چوڭ-كىچىك بارلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاشكارا بولىدىغان ۋە ئۇلار ئۇنى بىلىدىغان ئالامەت بولىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆلچەملىرىنى ۋە تارقىتىلىشىنى ئوچۇق-ئاشكارا كۆرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزئارا ئالماشتۇرىدۇ. ئەگەر پىتىر زاكىتىغا ئۆزى بىلەن ئالغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەخپىي بېرىدىغان دەرھەم بېرىلگەن بولسا، ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بولاتتى.

پىتىر زاكىتىنىڭ مىقدارى — پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆلچىمىدىكى سا بويىچە بىر سادۇر. ئۇنىڭ ئۆلچىمى — مىسقال بويىچە ياخشى بۇغدايدىن 480 مىسقالغا، گرام بويىچە ئىككى كىلو 40 گرامغا تەڭ.

پىتىر زاكىتىنىڭ ۋاجىب بولىدىغان ۋاقتى — ھارپا كېچىسى قۇياش پاتقان ۋاقىتتۇر. كىمكى شۇ ۋاقىتتا پىتىر زاكىتى ۋاجىب بولىدىغان كىشىلەردىن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ پىتىر زاكىتى بېرىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر قۇياش پاتقان ۋاقىتتا پىتىر زاكىتى ۋاجىب بولىدىغان كىشىلەردىن بولمىسا، ئۇنىڭ پىتىر زاكىتى بېرىشى ۋاجىب بولمايدۇ.

ئەگەر بىر كىشى قۇياش پېتىشتىن بىر قانچە مىنۇت ئىلگىرى ۋاپات بولغان بولسا، پىتىر زاكىتى ئۇ كىشىگە ۋاجىب بولمايدۇ، ئەگەر قۇياش پېتىپ، بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن ۋاپات بولغان بولسا، پىتىر زاكىتى بېرىش ئۇ كىشىگە ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر قۇياش پېتىپ بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن بىر بالا تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا پىتىر زاكىتى ۋاجىب ئەمەس لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن پىتىر زاكىتى بېرىش سۈننەتتۇر. ئەگەر قۇياش پېتىشتىن بىر قانچە مىنۇت ئىلگىرى تۇغۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىتىر زاكىتى بېرىش ۋاجىب بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، پىتىر زاكىتىنىڭ ۋاجىب بولۇش ۋاقتى — ھارپا

كېچىسى قۇياش پاتقان ۋاقىتتۇر چۈنكى بۇ ۋاقىت رامىزاندىن ئېغىز ئاچىدىغان ۋاقىتتۇر. ھالبۇكى، پىتىر زاكىتى مۇشۇ ۋاقىتقا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ «پىتىر زاكىتى ۋاقتى» دېيىلىدۇ، شۇڭا ھۆكۈم ئاشۇ ۋاقىتقا بەلگىلەنگەن.

پىتىر زاكىتىنىڭ بېرىلىشىدە ئىككى خىل ۋاقىت بار: بىرى، پەزىلەتلىك ۋاقىت؛ يەنە بىرى. دۇرۇس ۋاقىت.

• پەزىلەتلىك ۋاقىت ـــ ھېيت كۈنى ئەتىگىنى (ھېيت) نامازدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «كنا نخرج في عهد النبي ﷺ يوم الفطر صاعاً من طعام» «بىز پەيغەمبەر ﷺنىڭ دەۋرىدە ھېيت كۈنى تائامدىن بىر سا بىرەتتۇق». [1]

بۇ ھەقتە يەنە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «أن النبي ﷺ أمر بزكاة الفطر قبل خروج الناس إلى الصلاة» «پەيغەمبەر ﷺ پىتىر زاكىتىنى كىشىلەر نامازغا چىقىشتىن ئىلگىرى بېرىشكە بۇيرىغان ئىدى». [2]

ئىبنى ئۇيەينە ئۆز تەپسىرىدە ئەمىر ئىبنى دىناردىن، ئۇ ئىكرەمەدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشى پىتىر زاكىتىنى ھېيت كۈنى ناماز ئوقۇشنىڭ ئالدىدا بېرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ أَفْلَحَ مَنْ تَزَكَّى ۝ وَذَكَرَ اسْمَ رَبِّهِ فَصَلَّى ۝﴾ <(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى [14]. ئۇ رەببىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى [15]>[3]».

شۇڭلاشقا، پىتىر زاكىتىنى بېرىشكە ۋاقىتنى كەڭرى قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ھېيت نامىزىنى كېچىكتۈرۈش بولسا ئەۋزەل ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

• پىتىر زاكىتىنى بېرىشنىڭ دۇرۇس ۋاقتى ـــ ھېيتتىن بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن ئىلگىرىكى ۋاقىتتۇر. نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كان ابن عمر يعطي عن الصغير والكبير، حتى إن كان يعطي عن بنيّ، وكان يعطيها الذين يقبلونها، وكانوا يعطون قبل الفطر بيوم أو يومين» «ئىبنى

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] سۇرە ئەئلا 14 ـ ۋە 15 ـ ئايەت.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭ ۋە كىچىك (بالىلىرى ئۈچۈن) پىتىر زاكىتى بېرەتتى. ھەتتاكى ئۇ مېنىڭ بالىلىرىم ئۈچۈن بېرەتتى. ئۇ پىتىر زاكىتىنى، قوبۇل قىلىدىغان (ئىمام تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن) كىشىلەرگە بېرەتتى. ھالبۇكى، ساھابىلەرمۇ پىتىر زاكىتىنى ھېيتتىن بىر-ئىككى كۈن ئىلگىرى بېرەتتى». [1]

پىتىر زاكىتىنى ھېيت نامىزىدىن كېيىن بېرىش دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر پىتىر زاكىتىنى ئۆزرىسىز ھالەتتە ھېيت نامىزىدىن كېيىن بەرسە، ئۇ كىشىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ چۈنكى بۇنداق قىلىش رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنغان: «كىمكى پىتىر زاكىتىنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن ئادا قىلسا، ئۇ قوبۇل قىلىنغان زاكات ھېسابلىنىدۇ؛ كىمكى ئۇنى ھېيت نامىزىدىن كېيىن بەرسە، ئۇ سەدىقىلەردىن بىر سەدىقە بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق.

ئەمما، ئۇنى ئۆزرە سەۋەبىدىن كېچىكتۈرگەن بولسا دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن، ھېيت ئۇ كىشىگە چۆل-باياۋاندىكى ۋاقىتتا ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا بەرگۈدەك مال بولمىسا ياكى ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا پىتىر زاكىتىنى قوبۇل قىلىدىغان كىشى بولمىسا ۋە ياكى ھېيت بولىدىغانلىق خەۋىرى نامازدىن ئىلگىرى پىتىر زاكىتىنى بېرىشكە مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە تۇيۇقسىز كەلسە ۋە ياكى پىتىر زاكىتىنى بېرىشتە بىر كىشىگە تايانغان بولسا، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇنى بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، پىتىر زاكىتىنى گەرچە ھېيتتىن كېيىن بولسىمۇ بەرسە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى بۇنىڭدا ئۆزرىلىكتۇر.

پىتىر زاكىتى نامازدىن ئىلگىرى ئۆز ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان كىشىگە ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلىگە يېتىشى ۋاجىب. ئەگەر بىر كىشى پىتىر زاكىتىنى بىرەر شەخسكە بېرىشنى نىيەت قىلىپ ئەمما بېرىدىغان ۋاقىتتا ئۇ شەخسكە ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلىگە ئۇچرىشالمىغان بولسا، ئۇنى ھەقلىق بولغان باشقا بىر كىشىگە بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرمەيدۇ.

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

پىتىر زاكىتى بېرىدىغان ئورۇن مەسىلىسىگە كەلسەك، پىتىر زاكىتى بەرمەكچى بولغان كىشى ئۇنى بېرىدىغان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئەسلى تۇرۇشلۇق ئورنىدا بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمانلار شەھىرىدە بولسۇن، ھەتتا مەككە ۋە مەدىنىگە ئوخشاش پەزىلەتلىك ئورۇندا بولسىمۇ، گەرچە ئۆزىنىڭ ئەسلى تۇرۇشلۇق ئورنىدىكى پېقىر كىشىلەر بەكرەك ئېھتىياجلىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتا تۇرۇۋاتقان ئورۇندىكى پېقىرلارغا بېرىدۇ. ئەگەر پىتىر زاكىتى بەرمەكچى بولغان كىشى ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان كىشى يوق شەھەردە بولسا ياكى ئۇ كىشى شۇ شەھەردە ئۇنىڭغا ھەقلىق بولىدىغان كىشىلەرنى بىلمىسە، ئۇ كىشى بىر ئادەمنى ۋەكىل قىلىدۇ، ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ئۇنى شۇ جايدىكى ھەقلىق بولغان كىشىگە بېرىدۇ.

پىتىر زاكىتى ئېلىشقا ھەقلىق بولىدىغان كىشىلەر ـــ پېقىر ياكى قەرزى بار لېكىن ئۇنى ئادا قىلىشقا قۇربىتى يەتمەيدىغان كىشىلەردۇر. بۇلارغا پىتىر زاكىتىدىن ھاجىتى مىقدارىدا بېرىلىدۇ. پىتىر زاكىتىنى بىر قانچە پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىش دۇرۇس، بىر قانچىلىغان كىشىنىڭ پىتىر زاكىتىنى بىر مىسكىنگە بېرىشى ھەم دۇرۇس چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ۋاجىبنى بېكىتىپ بەردى لېكىن پىتىر زاكىتى بېرىلىدىغان كىشىلەرنى بېكىتىپ بەرمىدى. شۇ سەۋەبتىن، بىر قانچە كىشى پىتىر زاكاتلىرىنى ئۆلچىگەندىن كېيىن بىر قاچىغا جەملەپ، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم قايتا ئۆلچىمەستىن ئۇنىڭدىن بەرسە، ئۇلارغا كۇپايە قىلىدۇ لېكىن پېقىر كىشىگە ئۆزلىرىنىڭ بەرگەن نەرسىلىرىنىڭ مىقدارىنى بىلمەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ قويۇشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا پېقىر كىشى ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى بىلمەستىن، ئۆزىدىن پىتىر زاكىتى بېرىپ ئالدىنىپ كەتمەيدۇ.

پېقىر كىشىگە بېرىش ئۈچۈن بىر شەخستىن پىتىر زاكىتى ئېلىپ ئۇنى ئۆلچىگەن بولسا ياكى پىتىر زاكىتىنى بەرگەن كىشى ئۇنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى دېگەن بولسا ھەمدە ئۇ كىشى ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنسە، ئۆزىدىن ياكى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىرەرسىدىن پىتىر زاكىتىنى ئادا قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

ئى الله ! بىزگە سەن بىزدىن رازى بولىدىغان رەۋىشتە ساغلام ئىتائەت

قىلىشنى مۇۋەپپەق قىلغىن؛ نەپسلىرىمىز، سۆزلىرىمىز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزنى پاكلىغىن؛ بىزنى يامان ئېتىقاد، يامان سۆز ۋە يامان ئەمەلدىن پاكلىغىن؛ ھەقىقەتەن سەن كەرەملىك ۋە سېخىي زاتتۇرسەن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

# 29 ـ سۆھبەت

# تەۋبە ھەققىدە

اللهقا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! الله كىچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر؛ مۇئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر؛ ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. الله ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر، الله تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ الله نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، رامىزان ئېيىنى گۇناھلىرىدىن اللهقا تەۋبە قىلىش،

الله نى رازى قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق الله تەرەپكە قايتىش بىلەن تاماملاڭلار! چۈنكى ئىنسان خاتالىق ۋە كەمچىلىكتىن خالىي ئەمەس، ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر.

الله تائالا ئۆز كىتابىدا پەيغەمبەر ﷺ نى الله تىن مەغپىرەت سوراشقا ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىشقا قىزىقتۇرغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنِ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوا إِلَيْهِ يُمَتِّعْكُمْ مَتَاعًا حَسَنًا إِلَىٰ أَجَلٍ مُسَمًّى وَيُؤْتِ كُلَّ ذِي فَضْلٍ فَضْلَهُ وَإِنْ تَوَلَّوْا فَإِنِّي أَخَافُ عَلَيْكُمْ عَذَابَ يَوْمٍ كَبِيرٍ﴾ «(ئېيتقىنكى) <سىلەر رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، الله سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئۆمرۈڭلار ئاخىرلاشقىچە، ئەجىلىڭلار يەتكۈچە ھاياتىي دۇنيادىن) ئوبدان بەھرىمەن قىلىدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىغا قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، ئەگەر (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، (ئازابقا دۇچار بولىسىلەر.) سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىنىڭ چوڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن>»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِثْلُكُمْ يُوحَىٰ إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَاحِدٌ فَاسْتَقِيمُوا إِلَيْهِ وَاسْتَغْفِرُوهُ﴾ [سەن (ئۇ مۇشرىكلارغا): «مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا <ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر> دەپ ۋەھيي قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا (ئىمان ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!» دېگىن][2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار الله قا تەۋبە قىلىڭلار»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا تُوبُوا إِلَى اللَّهِ تَوْبَةً نَصُوحًا عَسَىٰ رَبُّكُمْ أَنْ يُكَفِّرَ عَنْكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَيُدْخِلَكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله قا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار. ئۈمىدكى، رەببىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە

[1] سۈرە ھۇد 3 ـ ئايەت.

[2] سۈرە فۇسسىلەت 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە نۇر 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەچۈرگۈزىدۇ»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ﴾ «الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ»[2].

تەۋبە ھەققىدىكى ئايەتلەر كۆپ بولۇپلا قالماستىن، ھەدىسلەرمۇ ناھايىتى كۆپتۇر.

ئەغەر ئىبنى يەسسار مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «يا أيها الناس، توبوا إلى الله واستغفروه، فإني أتوب في اليوم مئة مرة» «ئى خالايىقلار، الله قا تەۋبە قىلىڭلار ۋە الله تىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار! ھەقىقەتەن مەن كۈندە 100 قېتىم تەۋبە قىلىمەن»[3].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ: «إني لأستغفر الله وأتوب إليه في اليوم أكثر من سبعين مرة» «مەن كۈندە الله تىن 70 قېتىمدىن كۆپرەك مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن ۋە الله قا تەۋبە قىلىمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم[4].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «للهُ أشدُّ فرحاً بتوبة عبده حين يتوب إليه من أحدكم، كان على راحلته بأرض فلاة، فانفلتت منه وعليها طعامه وشرابه، فأيس منها، فأتى شجرة فاضطجع في ظلها، وقد أيس من راحلته، فبينما هو كذلك إذ هو بها قائمة عنده، فأخذ بخطامها ثم قال من شدة الفرح: اللهم أنت عبدي وأنا ربك. أخطأ من شدة الفرح» «بەندە الله قا تەۋبە قىلغان ۋاقىتتا، الله تائالا بەندىنىڭ تەۋبىسىدىن مۇنداق بىر ئادەمنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ: سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر چۆل باياۋاندا سەپەر قىلىۋېتىپ يۈك ـ تاقىسى ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكى ئارتىلغان ئۈلىغىنى يىتتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ ئادەم (ئۈلىغىنى ئىزدەپ تېپىشتىن) ئۈمىد ئۈزۈپ، بىر دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ سايىسىدا يېنىچە ياتىدۇ. ئۇ (ئۈلىغىنىڭ

---

[1] سۈرە تەھرىم 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە 222 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] بۇخارى توپلىغان.

تېپىلىشىدىن پۈتۈنلەي) ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغان بىر پەيتتە، ئۇنىڭ ئۆلىغى تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇنىڭ نوقتىسىدىن تۇتۇپ خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىدىن: <ئى الله ! سەن مېنىڭ بەندەم، مەن سېنىڭ رەببىڭ> دەپ سالىدۇ. ئۇ ئادەم بەكلا خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىدىن سۆزدە خاتالىشىپ كېتىدۇ». [1]

الله تائالا تەۋبىنى، ئەپۇ قىلىشنى ۋە بەندىسىنىڭ ئۆزىدىن قاچقاندىن كېيىن ئۆزى تەرەپكە قايتىشىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن خۇرسەن بولىدۇ.

ئەنەس ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «لو أن لابن آدم واديًا من ذهب أحبّ أن يكون له واديان، ولن يملأ فاه إلا التراب، ويتوب الله على من تاب» («ئەگەر ئادەم بالىسىنىڭ بىر جىلغا ئالتۇنى بولسا، ئۇ ئىككى جىلغا ئالتۇنى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ ئېغىزىنى پەقەت تۇپراقلا توشقۇزىدۇ، الله تائالا تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ». [2]

دېمەك، تەۋبە ـــ الله قا ئاسىي بولۇشتىن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا قايتىشتۇر. چۈنكى، الله تائالا ھەقىقىي مەئبۇدتۇر. قۇلچىلىقنىڭ ماھىيىتى ـــ ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن مەئبۇدقا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش ۋە بويسۇنۇشتۇر.

ئەگەر بەندە رەببىگە ئىتائەت قىلىشتىن ئېزىپ كەتسە، ئۇنىڭ تەۋبىسى ـــ رەببى تەرەپكە قايتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا چۈشكۈنلەشكەن، قورققان، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقان پېقىر كىشىنىڭ ھالىتىدەك تۇرۇشتۇر.

تەۋبىنى دەرھاللا قىلىش ۋاجىب، ئۇنى كېچىكتۈرۈش ۋە ئارقىغا سوزۇش دۇرۇس ئەمەس چۈنكى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان. الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىنى دەرھاللا ئىجرا قىلىشقا ئالدىراش كېرەك چۈنكى بەندە ئۆزىگە نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، بەلكىم ئۇنىڭ گۇناھىنى داۋاملاشتۇرۇشى قەلبىنى قاساۋەتلەشتۈرىدۇ، بەندىنى الله تىن

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يىراقلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىمانىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ھەقىقەتەن ئىمان — ئىتائەت بىلەن زىيادە بولىدۇ، ئاسىيلىق بىلەن كېمىيىدۇ. چۈنكى، گۇناھنى داۋاملاشتۇرۇش — گۇناھنى ياخشى كۆرۈشكە ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ.

ئەگەر نەپسى بىرەر نەرسىگە ئادەتلىنىپ قالسا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش نەپسىگە ئېغىر كېلىدۇ ھەمدە شۇ ۋاقىتتا گۇناھتىن قۇتۇلۇش نەپسىگە قىيىن تۇيۇلىدۇ-دە، شەيتان ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ۋە ئېغىر بولغان باشقا گۇناھلارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلىم ئەھلى ۋە ئەخلاقشۇناسلار مۇنداق دېگەن: «گۇناھ — كۇپۇرلۇقنىڭ پوچتىسىدۇر. ئىنسان ئۇنىڭدا باسقۇچمۇ-باسقۇچ يۆتكىلىپ، ھەتتاكى دىندىن بىر پۈتۈن چىقىپ كېتىدۇ». الله تائالادىن بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلاپ قېلىشىنى سورايمىز.

الله تائالا بىزنى بۇيرۇغان تەۋبە — تەۋبىنىڭ شەرتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن سەمىمىي تەۋبە بولۇپ، تەۋبىنىڭ شەرتلىرى بەشتۇر:

❖ بىرىنچى، تەۋبە الله ئۈچۈن خالىس بولۇشى كېرەك.

تەۋبىگە ئۈندىگەن نەرسە الله نى ياخشى كۆرۈش، ئۇنى ئۇلۇغلاش، ساۋابىنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئازابىدىن قورقۇش بولۇشى كېرەك. ئىنسان تەۋبىسى ئارقىلىق دۇنيادىن بىرەر نەرسىنى ۋە مەخلۇقاتلارغا يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلماسلىقى كېرەك، ئەگەر ئىنسان بۇنى مەقسەت قىلسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ چۈنكى ئۇ ئىنسان الله قا تەۋبە قىلماستىن، بەلكى ئۆزى مەقسەت قىلغان غەرەزگە تەۋبە قىلغان بولىدۇ.

❖ ئىككىنچى، گۇناھنىڭ ئۆزىدىن سادىر بولمىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئىلگىرىكى گۇناھىغا قايغۇرۇپ پۇشايمان قىلىش كېرەك.

چۈنكى بۇنداق پۇشايمان قىلىش ئۇ كىشىنى الله قا قايتىشقا، الله ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشقا ۋە يامانلىقتا بۇيرۇغان نەپسىدىن نەپرەتلىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ-دە، ئاندىن بۇ كىشىنىڭ تەۋبىسى ئەقىدىدىن ۋە بەسىرەتتىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

❖ ئۈچىنچى، گۇناھتىن دەرھال قول ئۈزۈش كېرەك.

ئەگەر ئۇ گۇناھ ھارامنى قىلىش بولسا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنى تەرك

ئېتىش؛ ئەگەر ئۇ گۇناھ ۋاجىبنى تەرك ئېتىش بولسا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ۋاجىبنى قىلىش؛ ئەگەر ئۇ گۇناھ زاكات ۋە ھەجگە ئوخشاش ئادا قىلىش مۇمكىن بولىدىغان ئىش بولسا ئۇنى ئادا قىلىش. دېمەك، گۇناھنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇپ، شۇ گۇناھتىن تەۋبە قىلىش تەۋبە ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بىر ئادەم جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇپ جازانىدىن تەۋبە قىلغانلىقىنى ئېيتسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى تەۋبە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بۇ تەۋبىسى الله نى ۋە الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىشنىڭ بىر تۈرى بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئۇ كىشىنى الله تىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرىدۇ. ئەگەر جامائەت بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇشنى تەرك ئەتكەن كىشى تەۋبە قىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى تەرك ئېتىشنى داۋام قىلسا ئۇنىڭ تەۋبىسى ھەم تەۋبە ئەمەس.

ئەگەر ئۇ گۇناھ مەخلۇقاتلارنىڭ ھەقلىرىگە ئالاقىدار بولسا، ئاشۇ ھەقلەرنى ئادا قىلمىغۇچە ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر گۇناھ باشقىلارنىڭ مېلىنى ئېلىۋېلىش ياكى ئۇنىڭغا تېنىۋېلىش بولسا، مالنىڭ ئىگىسى ھايات بولسا مالنى ئۆز ئىگىسىگە ئادا قىلمىغۇچە، ئەگەر مال ئىگىسى ۋاپات بولغان بولسا مالنى ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا ئادا قىلمىغۇچە تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەگەر مال ئىگىسىنىڭ ۋارىسلىرى بولمىسا، ئۇنى بەيتۇلمالغا ئادا قىلىدۇ، ئەگەر مال ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇنى مال ئىگىسى ئۈچۈن سەدىقە قىلىدۇ. الله تائالا ئۇنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

ئەگەر گۇناھ مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلىش بولسا، غەيۋىتى قىلىنغان مۇسۇلماننى بىلىپ قالدى دەپ قارىسا ياكى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسە، ئاشۇ مۇسۇلماندىن رازىلىق سورىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان سورۇندا ماختىلىدىغان سۈپەتلەر بىلەن ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ چۈنكى ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ.

بىر گۇناھ ئۈستىدە داۋام قىلىپ تۇرۇپ، باشقا بىر گۇناھتىن تەۋبە قىلىش تەۋبە ھېسابلىنىدۇ چۈنكى ئەمەللەر پارچىلىنىدۇ، ئىمان كەم ـ زىيادە بولىدۇ لېكىن ئۇ ئىنسان بارلىق گۇناھلىرىدىن الله قا تەۋبە قىلمىغانغا قەدەر، تەۋبە

قىلغۇچىلار ئېرىشىدىغان، تەۋبىنىڭ ماختىلىدىغان سۈپەتلىرىگە لايىق بولالمايدۇ.

❖ تۆتىنچى، كەلگۈسىدە شۇ گۇناھنى قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاش كېرەك.

چۈنكى بۇ — تەۋبىنىڭ نەتىجىسى ۋە تەۋبە قىلغۇچىنىڭ سادىقلىقىغا دەلىلدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم بىر كۆڭلەردە گۇناھنى قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ياكى ئۇنىڭدا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ تەۋبە قىلغانلىقنى ئېيتسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى دۇرۇس ئەمەس چۈنكى بۇ ۋاقىتلىق تەۋبە بولۇپ، بۇنداق تەۋبە قىلغۇچى مۇناسىپ پۇرسەت كۈتىدۇ شۇنداقلا بۇنداق تەۋبە — تەۋبە قىلغۇچىنىڭ گۇناھنى ئۆچ كۆرگەنلىكىگە ۋە گۇناھتىن الله نىڭ ئىتائىتىگە كىرگەنلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ.

❖ بەشىنچى، تەۋبە، قوبۇل بولۇش ۋاقتى ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن بولۇشى كېرەك.

ئەگەر تەۋبە قوبۇل بولۇش ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بولسا، تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدۇ. تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇش ۋاقتىنىڭ ئاخىرلىشىشى ھەر بىر كىشىگە ئورتاق ۋە ھەر بىر شەخسكە خاس بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

• ئورتاق بولغان ئاخىرلىشىش ۋاقتى — قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىشى. ئەگەر قۇياش غەربتىن چىقسا تەۋبىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ يَأْتِي بَعْضُ آيَاتِ رَبِّكَ لَا يَنفَعُ نَفْسًا إِيمَانُهَا لَمْ تَكُنْ آمَنَتْ مِن قَبْلُ أَوْ كَسَبَتْ فِي إِيمَانِهَا خَيْرًا﴾ «رەببىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ»[1]. ئايەتتىكى «بەزى ئالامەتلەر»نىڭ كۆرسىتىدىغىنى بولسا قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىشىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى شۇنداق چۈشەندۈرگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «لا تزال التوبة تقبل حتى تطلع الشمس من

[1] سۈرە ئەنئام 158 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مغربها، فإذا طلعت طبع على كل قلب بما فيه، وكفى الناس العمل» «تەۋبە، قۇياش غەربتىن چىققانغا قەدەر داۋاملىق قوبۇل قىلىنىدۇ. قۇياش غەربتىن چىققاندا ھەر بىر قەلبكە ئۇنىڭدىكى نەرسە بىلەن مۆھۈر ئۇرۇلىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ئەمىلى توختايدۇ». [1]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «من تاب قبل أن تطلع الشمس من مغربها تاب الله عليه» «كىمكى قۇياش غەربتىن چىقىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلسا، الله تائالا ئۇ كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ». [2]

- تەۋبىنىڭ خاس بولغان ئاخىرلىشىش ۋاقتى ـــ ئەجەل ھازىر بولغان ۋاقىتتۇر.

قاچانكى ئىنسانغا ئەجەل كەلسە ۋە ئۆلۈمنى كۆرسە ئۇنىڭ تەۋبىسى پايدا بەرمەيدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَيْسَتِ التَّوْبَةُ لِلَّذِينَ يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ حَتَّىٰ إِذَا حَضَرَ أَحَدَهُمُ الْمَوْتُ قَالَ إِنِّي تُبْتُ الْآنَ﴾ «داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا: ‹ئەمدى تەۋبە قىلدىم› دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ» [3].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «إن الله يقبل توبة العبد مالم يغرغر» «بەندە سەكراتقا چۈشۈپ قالمىغانلا بولسا، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ». [4]

قاچانكى تەۋبىنىڭ شەرتلىرى مۇجەسسەملەنسە ۋە قوبۇل قىلىنسا، الله تائالا ئۇ سەۋەبلىك، بەندە تەۋبە قىلغان گۇناھنى گەرچە چوڭ بولسىمۇ ئۆچۈرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَىٰ أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِن رَّحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ﴾ «(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى: ‹(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ)

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئىبنى كەسىر «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] سۈرە نىسا 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى «ھەسەن» دېگەن.

جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر›»[1].

بۇ ئايەت رەببى تەرەپكە قايتىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ تەۋبە قىلغانلار ھەققىدىدۇر. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَعْمَلْ سُوءًا أَوْ يَظْلِمْ نَفْسَهُ ثُمَّ يَسْتَغْفِرِ اللَّهَ يَجِدِ اللَّهَ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ «كىمكى بىرەر يامانلىق ياكى ئۆزىگە بىرەر زۇلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن اللهتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇ اللهنىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ»[2].

الله سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن! ھايات ۋاقتىڭلاردا سىلەرگە تۇيۇقسىز ئۆلۈم كېلىپ، قۇتۇلۇشقا قادىر بولالماستىن ئىلگىرى رەببىڭلارغا سەمىمىي تەۋبە قىلىشقا ئالدىراڭلار.

ئى الله! بىزنى ئىلگىرىكى گۇناھلىرىمىزنى ئۆچۈرىدىغان سەمىمىي تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلغىن، بىزگە ياخشىلىق يولىنى مۇيەسسەر قىلىپ بەرگىن، بىزنى يامان يولدىن يىراق قىلغىن. ئى مېھرىبان الله! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بىزگە، ئاتا-ئانىلىرىمىزغا ۋە بارچە مۇسۇلمانلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەغپىرەت قىلغىن.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

---

[1] سۈرە زۇمەر 53- ئايەت.

[2] سۈرە نىسا 110- ئايەت.

## 30 - سۆھبەت
# رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرى ھەققىدە

ﷲ قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! ﷲ كېچە-كۈندۈزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر: ئايلارنى، يىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچىدۇر: مۆئمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچ-ئامانلىق بېغىشلىغۇچىدۇر: ئۇلۇغلۇق، مەڭگۈ قېلىش ۋە دائىم مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش پەقەت ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ﷲ ئەيىب-نۇقسانلاردىن ۋە مەخلۇقاتلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن پاكتۇر. ﷲ تومۇر ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، مەخپىي ئاۋاز ۋە نازۇك سۆزلەرنىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر، بەك كۆپ ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

ئەقىل ۋە خىياللار بىلەلمەيدىغان ﷲ تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا؛ مۇھەممەد ﷺ نىڭ ﷲ نىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ﷲ تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ غاردىكى ھەمراھى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، شەيتان ئۇنى كۆرسە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى ئۆز مېلى بىلەن جەڭگە تەييارلىغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، «سېخىيلىق دېڭىزى» ۋە «دۈشمەنگە ئېتىلغۇچى شىر» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداقلا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

قېرىنداشلىرىم، ھەقىقەتەن رامىزان ئېيى چىقىپ كېتىش ئالدىدا

تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ ئاي سىلەر ئۇنى ئۇزاتقان ئەمەللەر سەۋەبلىك سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارغا ياكى سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا ھۆججەتتۇر. كىمكى ئۇنى سالىھ ئەمەللەر بىلەن ئۇزاتقان بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا الله قا ھەمدە ئېيتسۇن ۋە ياخشى مۇكاپاتلار بىلەن بىشارەت ئالسۇن چۈنكى الله تائالا ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىنى يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ؛ كىمكى ئۇنى يامان ئەمەللەر بىلەن ئۇزاتقان بولسا، رەببىگە سەمىمىي تەۋبە قىلسۇن. ھەقىقەتەن الله تائالا تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغۇچى زاتتۇر.

الله تائالا سىلەرگە بۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا نۇرغۇنلىغان ئىبادەتلەرنى يولغا قويدى. بۇ ئىبادەتلەر سىلەرنىڭ الله قا يېقىنلىشىشىڭلارنى، ئىمانىڭلارغا قۇۋۋەتنى، ئەمەل دەپتىرىڭلارغا ياخشىلىقنى زىيادە قىلىدۇ. الله تائالا سىلەرگە پىتىر زاكىتىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرىكى سۆھبەتلەردە سۆزلەندى.

الله تائالا سىلەرگە، رامىزان كۈنلىرىنىڭ سانى توشۇپ، ھارپا كېچىسى قۇياش پاتقاندىن باشلاپ ھېيت نامىزىغىچە بولغان ئارىلىقتا تەكبىر ئېيتىشنى يولغا قويدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِتُكْمِلُوا الْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا اللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَاكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾«(ئاغرىقلار ئۈچۈن يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا الله نى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ»[1].

بۇ تەكبىرنىڭ سۈپىتى مۇنداق: «الله أكبر، الله أكبر، لا إله إلا الله والله أكبر، الله أكبر ولله الحمد».

مەسجىدلەر، بازارلار ۋە ئۆيلەردە الله نى ئۇلۇغلىغانلىقنى بىلدۈرۈش، الله قا ئىبادەت قىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىشنى ئاشكارىلاش يۈزىسىدىن ئەرلەرنىڭ بۇ تەكبىرنى ئۈنلۈك ئېيتىشى سۈننەتتۇر. ئاياللار بۇ تەكبىرنى مەخپىي ئېيتىدۇ چۈنكى ئۇلار ھىجابلىنىشقا ۋە ئاۋازىنى يوشۇرۇشقا بۇيرۇلغان.

رامىزان ئېيى ئاخىرلاشقان ۋاقىتتا، كىشىلەرنىڭ ھەربىر ماكاندا الله نى كاتتىلاش ۋە ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن تەكبىر ئېيتىۋاتقان ھالىتى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! ئۇلار ئەتراپى ئالەمنى تەكبىر، ھەمدە ۋە تەھلىلگە تولدۇرىدۇ، ئۇلار

[1] سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ﷲ نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقىدۇ.

ﷲ تائالا بەندىلىرىگە ھېيت كۈنى ھېيت نامىزى ئوقۇشنى يولغا قويۇپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ـــ ﷲ تائالانى تولۇق ئەسلەشنىڭ قاتارىدىندۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز ئۈممىتىنى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھېيت نامىزى ئوقۇشقا بۇيرىغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىنىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَلَا تُبْطِلُوا أَعْمَالَكُمْ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! ﷲ قا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار»[①].

ئاياللارنىڭ نامازنى ئۆيىدە ئوقۇشى ياخشى تۇرۇقلۇق، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللارنى ھېيت نامىزىغا چىقىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۇنى كۈچلەندۈرگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئۇممۇ ئەتىيىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «أمرنا رسول الله ﷺ أن نخرجهن في الفطر والأضحى: العواتق والحيَّض وذوات الخدور. فأما الحيَّض فيعتزلن المصلى، ويشهدن الخير، ودعوة المسلمين، قلت: يا رسول الله، إحدانا لا يكون لها جلباب، قال: <لتلبسها أختها من جلبابها>» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى بالاغەتكە يەتكەن قىزلار، ھەيزدار ئاياللار ۋە ئەرلەرگە ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغان قىزلارنىمۇ روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلاردا نامازگاھقا بىللە ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. ھەيزدار ئاياللار نامازگاھتىن بىر چەتتە تۇرۇپ تۇراتتى، لېكىن ئۇلار ياخشىلىققا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىغا قاتنىشاتتى. مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! بىرەرسىمىزنىڭ يۇركەنجىسى بولمىسا قانداق قىلىمىز؟> دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ھەمشىرىسى ئۇنىڭغا يۇركەنجىلىرىدىن بىرەرنى بىرىپ تۇرسۇن> دېدى»[②].

روزا ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى خورمىلارنى ئۈچ ياكى بەش ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولسۇن تاق ساندا يېيىش سۈننەتتۇر. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كان النبي ﷺ لا يغدو يوم الفطر حتى يأكل تمراتٍ، ويأكلهن وتراً» «پەيغەمبەر ﷺ روزا ھېيت كۈنى بىر قانچە تال خورما يېمەي تۇرۇپ نامازغا چىقمايتتى، پەيغەمبەر ﷺ خورمىنى تاق

---

[①] سۈرە مۇھەممەد 33 ـ ئايەت.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يەيتتى». [1]

ھېيت نامىزىغا قاتناش ۋاستىلىرى بىلەن بارماستىن بەلكى پىيادە بېرىش سۈننەتتۇر. بىراق ئاجىزلىق ۋە مۇساپىنىڭ يىراقلىقىغا ئوخشاش ئۆزرە بۇنىڭ سىرتىدا. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «من السنة أن يخرج إلى العيد ماشياً» «ھېيت نامىزىغا پىيادە چىقىش سۈننەتتۇر». [2]

ئەر كىشىنىڭ ياسىنىشى ۋە چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشى سۈننەتتۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «أخذ عمر جبة من إستبرق تباع في السوق، فأتى بها رسول الله ﷺ فقال: يا رسول الله ابتع هذه، تجمّل بها للعيد والوفود. فقال له رسول الله ﷺ: ‹إنما هذه لباس من لا خلاق له›» «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بازاردا سېتىلىۋاتقان يىپەك توندىن بىرنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنى سېتىۋېلىپ ھېيت كۈنلىرى ۋە ئەلچىلەر ئۈچۈن كىيگىن› دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: ‹بۇ ئاخىرەتتە بۇنىڭدىن نېسىۋىسى يوق كىشىلەرنىڭ كىيىمى› دېدى». [3] ئۇ تون يىپەكتىن بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ مۇشۇنداق دېگەن ئىدى.

ئەر كىشىنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشى ياكى ئالتۇن سېلىشى دۇرۇس ئەمەس چۈنكى ئۇ ئىككىسى مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئۇممىتىنىڭ ئەرلىرىگە ھارام قىلىنغان. ئەمما ئايال كىشى ھېيت نامىزىغا ياسانماستىن، خۇشپۇراق ئىشلەتمەستىن، زىننەتلەنمەستىن ۋە يۈزىنى ئاچماستىن چىقىدۇ چۈنكى ئايال كىشى ھىجابلىنىشقا بۇيرۇلغان، ئۆيدىن چىققاندا زىننەت بىلەن ياسىنىش ۋە خۇشپۇراق ئىشلىتىشتىن چەكلەنگەن.

ھېيت نامىزى خۇشۇئ ۋە قەلب ھۇزۇرى بىلەن ئادا قىلىنىدۇ. الله قا كۆپلەپ زىكىر ئېيتىلىدۇ ۋە كۆپلەپ دۇئا قىلىنىدۇ، الله نىڭ رەھمىتى ئۈمىد قىلىنىپ، ئازابىدىن قورقۇلىدۇ. كىشىلەر مەسجىد سەيناسىدا نامازغا توپلىنىش ئارقىلىق قىيامەت مەيدانىدا الله تائالانىڭ دەرگاھىدىكى ئاشۇ كاتتا

---

[1] بۇخارى ۋە ئەھمەد توپلىغان.

[2] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن» دېگەن.

[3] بۇخارى توپلىغان.

ئورۇندا تولۇپلىشىشنى ئەسلىشىدۇ ۋە مۇشۇ دۇنيادا ئۆزئارا پەرقلىق ئىكەنلىكىگە قاراپ، ئاخىرەتتىمۇ ئۆزئارا ناھايىتى چوڭ پەرقىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئەسلىشىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿انْظُرْ كَيْفَ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَى بَعْضٍ وَلَلْآخِرَةُ أَكْبَرُ دَرَجَاتٍ وَأَكْبَرُ تَفْضِيلًا﴾ «ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن قانداق ئۈستۈن قىلغانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاخىرەت دەرىجىلىرىدىكى (پەرق) ئەلۋەتتە تېخىمۇ چوڭدۇر ۋە ئۈستۈنلۈك (جەھەتتىكى پەرق) زىيادە چوڭدۇر»[1].

ئۇ كىشى رامىزانغا مۇيەسسەر بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭدا ناماز، روزا، قىرائەت، سەدىقە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ياخشى ئەمەللەردىن قولاي بولغانلىرىنى قىلىشتىن ئىبارەت ئۇستىدىكى الله نىڭ نېئمەتلىرىگە خۇرسەن بولۇشى كېرەك چۈنكى بۇ — دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ بِفَضْلِ اللَّهِ وَبِرَحْمَتِهِ فَبِذَلِكَ فَلْيَفْرَحُوا هُوَ خَيْرٌ مِمَّا يَجْمَعُونَ﴾ «ئېيتقىنكى: <ئۇلار الله نىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ يىغقان (دۇنيا ـ ماللىرىدىن) ياخشىدۇر>»[2]. ھەقىقەتەن رامىزاندا (الله قا ۋە ئۇنىڭ ۋەدىلىرىگە) ئىشىنىپ ساۋاب ئۈمىد قىلىپ روزا تۇتۇش ۋە قىيامدا تۇرۇش — گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

دېمەك، مۇئمىن كىشى روزا ۋە قىيامنى تاماملاش ئارقىلىق گۇناھتىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن خۇرسەن بولىدۇ. ئىمانى ئاجىز كىشى رامىزاننى تاماملاش ئارقىلىق ئۆزىگە ئېغىر تۇيۇلىدىغان، قەلبى سىقىلىدىغان روزىدىن قۇتۇلغانلىقىغا خۇرسەن بولىدۇ. بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن زور ـ ھە!

قېرىنداشلىرىم، گەرچە رامىزان ئېيى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ ئەمما مۇئمىنىنىڭ ئەملى تاكى ئۇ ۋاپات تاپمىغۇچە ئاخىرلاشمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّى يَأْتِيَكَ الْيَقِينُ﴾ «سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر رەببىڭگە ئىبادەت قىلغىن»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنْتُمْ

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل 21 ـ ئايەت.
[2] سۈرە يۇنۇس 58 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھىجر 99 ـ ئايەت.

﴿مُسْلِمُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! اللە قا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار»[①].

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا مات العبد انقطع عمله» «ئەگەر بەندە ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئەمىلى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ».[②] پەيغەمبەر ﷺ ئۆلۈمنى ئەمەلنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىش چېكى قىلدى. ئەمما رامىزان ئېيىنىڭ روزىسى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، مۆئمىن بۇ ئارقىلىق روزا ئىبادىتىدىن ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ چۈنكى روزا تۇتۇش يىل بويى يولغا قويۇلغان ئىبادەتتۇر. اللە قا ھەمدىلەر بولسۇن!

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من صام رمضان ثم أتبعه ستاً من شوال كان كصيام الدهر» «كىمكى رامىزان روزىسى تۇتۇپ بولۇپ، (ھېيتتىن كېيىن) ئۇنىڭغا شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزىنى ئەگەشتۈرۈپ تۇتسا، يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ».[③]

ئۇنىڭدىن باشقا، پەيغەمبەر ﷺ ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ثلاث من كل شهر، ورمضان إلى رمضان، فهذا صيام الدهر كله» «رامىزان روزىسىنى تۇتقاندىن سىرت، ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش يىل بويى روزا تۇتقانغا باراۋەردۇر».[④]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «دوستۇم پەيغەمبەر ﷺ ماڭا مۇنداق ئۈچ ئىشنى ۋەسىيەت قىلغان...». ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئۈچ ئىشنىڭ قاتارىدا «ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش» نى سۆزلىگەن ئىدى. بۇ روزىنى ئاينىڭ ئاق كۈنلىرىدە تۇتۇش ئەۋزەلدۇر. ئۇ كۈنلەر بولسا 13 ـ، 14 ـ ۋە 15 ـ كۈنلىرىدۇر.

بۇ ھەقتە ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «يا أبا ذر، إذا صمت من الشهر ثلاثة، فصم ثلاث عشرة، وأربع عشرة، وخمس عشرة» «ئى ئەبۇ زەر! ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتماقچى بولساڭ،

[①] سۈرە ئال ئىمران 102 ـ ئايەت.

[②] مۇسلىم توپلىغان.

[③] مۇسلىم توپلىغان.

[④] مۇسلىم ۋە ئەھمەد توپلىغان.

شۇ ئاينىڭ 13 ـ ، 14 ـ ۋە 15 ـ كۈنلىرى تۇتقىن».[1]

ئەرافات كۈنى روزا تۇتۇش توغۇرلۇق پەيغەمبەر ﷺ دىن سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يكفر السنة الماضية والباقية» «(ئەرافات كۈنىدە روزا تۇتۇش) ئۆتكەن يىلى ۋە كېلىدىغان يىلدىكى (كىچىك) گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ».[2]

پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇش توغۇرلۇق سورالغاندا، ئۇ: «يكفر السنة الماضية» «ئۇ ئۆتكەن يىلدىكى گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ» دېدى.[3]

دۈشەنبە كۈنى روزا تۇتۇش توغۇرلۇق سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «ذاك يوم ولدت فيه، ويوم بعثت فيه، أو أنزل عليّ فيه» «مەن ئاشۇ كۈندە تۇغۇلدۇم، ئاشۇ كۈندە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم ياكى ئاشۇ كۈندە ماڭا ۋەھيي نازىل قىلىندى» دېگەن.[4]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ دىن رامىزان ئېيىدىن قالسا، قايسى ئاينىڭ روزىسى ئەۋزەل ئىكەنلىكى سورالغاندا، ئۇ: «أفضل الصيام بعد شهر رمضان صيام شهر الله المحرم» «رامىزان ئېيىدىن كېيىنكى ئەڭ ئەۋزەل روزا ــ مۇھەررەم ئېيىدا تۇتۇلغان روزىدۇر» دېگەن.[5]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «ما رأيت النبي ﷺ استكمل شهرًا قط إلا شهر رمضان، وما رأيته في شهر أكثر صياماً منه في شعبان» «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ رامىزان ئېيىدىن باشقا بىر ئايدا تولۇق بىر ئاي روزا تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىم ۋە بىرەر ئايدا شەئبان ئېيىدىكىدىنمۇ كۆپرەك روزا تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىم». يەنە بىر لەۋزىدە: «كان يصومه إلا قليلاً» «پەيغەمبەر ﷺ (شەئبان ئېيىنىڭ) كۆپىنچە كۈنلىرىدە روزا تۇتاتتى».[6]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ يتحرى صيام الإثنين والخميس» «پەيغەمبەر ﷺ دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا بەكمۇ

---

[1] ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] مۇسلىم توپلىغان.

[5] مۇسلىم توپلىغان.

[6] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تىرىشاتتى». [1]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «تعرض الأعمال يوم الإثنين والخميس، فأحب أن يعرض عملي وأنا صائم» «ئەمەللەر الله تائالاغا دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى توغرا قىلىنىدۇ. مەن ئەمەلىمنىڭ روزىدار ھالىتىمدە توغرا قىلىنىشىنى ياخشى كۆرىمەن». [2]

گەرچە رامىزان ئېيىنىڭ قىيامى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ لېكىن قىيامدا تۇرۇش — يىلنىڭ ھەر بىر كېچىلىرىدە يولغا قويۇلغان، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدە كۆرسىتىلگەن ۋە سۆزىدە بايان قىلىنغان ئىبادەتتۇر.

مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «قام النبي ﷺ حتى تورمت قدماه، فقيل له: قد غفر الله لك ما تقدم من ذنبك وما تأخر. قال: أفلا أكون عبدا شكورا» «پەيغەمبەر ﷺ (كېچىدە) قىيامدا تۇرۇپ، ھەتتا پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن: ‹ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله تائالا سېنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرگەن تۇرسا (نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا كۆپ ئىبادەت قىلىسەن؟)› دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: ‹الله قا شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟› دېگەن». [3]

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «أيها الناس: أفشوا السلام، وأطعموا الطعام، وصِلوا الأرحام، وصلّوا بالليل والناس نيام؛ تدخلوا الجنة بسلام» «ئى خالايىق! سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار، ھاجەتمەنلەرگە تائام بېرىڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاڭلار، كېچىسى كىشىلەر ئۇخلاۋاتقاندا قوپۇپ ناماز ئوقۇڭلار، شۇندىلا جەننەتكە سالامەت كىرەلەيسىلەر». [4]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «أفضل الصلاة بعد الفريضة صلاة الليل» «پەرز نامازدىن قالسا ئەڭ

---

[1] تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، تىرمىزى «ھەسەن ۋە غەرىب» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] تىرمىزى، ئىبنى ماجە، نەسائى ۋە ئەھمەد توپلىغان. تىرمىزى «ھەسەن ۋە غەرىب» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇخارى توپلىغان.

[4] تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى «ھەسەن ۋە سەھىھ» دېگەن.

ئەۋزەل ناماز كېچە نامىزىدۇر».①

كېچە نامىزى بارلىق نەپلە نامازنى ۋە ۋىتىر نامىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ كېچە نامىزىنى ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇيتتى، ئەگەر تاڭ يورۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالسا، بىر رەكئەت ئوقۇپ، بۇنى ۋىتىر نامىزى قىلاتتى. ئەگەر خالىسا نامازنى بىز «تۆتىنچى سۆھبەت»تە سۆزلەپ ئۆتكەن سۈپەت بويىچە ئوقۇيتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ينزل ربنا تبارك وتعالى كل ليلة إلى السماء الدنيا حين يبقى ثلث الليل الآخر، فيقول: من يدعوني؟ فأستجيب له، من يسألني؟ فأعطيه، من يستغفرني؟ فاغفر له» «رەب تەبارەك ۋە تائالا ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغان ۋاقىتتا، دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ: <كىم ماڭا دۇئا قىلىدۇ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن؛ كىم مەندىن سورايدۇ، ئۇنىڭغا سورىغىنىنى بېرىمەن؛ كىم مەندىن مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن> دەيدۇ».②

پەرزگە ئەگەشتۈرۈپ ئوقۇلىدىغان راۋاتىب نامازلار (يەنى پەرز نامازنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوقۇلىدىغان تەرتىپلەنگەن سۈننەت نامازلار) 12 رەكئەت بولۇپ، ئۇلار: پېشىن نامىزىدىن ئىلگىرىكى تۆت رەكئەت ۋە كېيىنكى ئىككى رەكئەت، شام نامىزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت، بامدات نامىزىدىن ئىلگىرىكى ئىككى رەكئەت نامازلاردۇر.

ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ما من عبد مسلم يُصلّي لله تعالى كل يوم ثنتي عشرة تطوعاً غير الفريضة إلا بنى الله له بيتاً في الجنة» «مۇسۇلمان بىر بەندە الله ئۈچۈن ھەر كۈنى پەرزدىن باشقا 12 رەكئەت نەپلە ناماز ئوقۇسا، الله تائالا ئۇ بەندە ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.③ يەنە بىر لەۋزىدە: «من صلّى ثنتي عشرة ركعة في يوم وليلة بني له بهن بيت في الجنة» «كىمكى بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 12 رەكئەت (نەپلە) ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىنىدۇ»

① مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ مۇسلىم توپلىغان.

دېيىلگەن.[1]

الله تائالا ئۆز كىتابىدا بەش ۋاق نامازدىن كېيىنكى زىكىرلەرنى ئوقۇشقا بۇيرىغان، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەم ئۇنىڭغا قىزىقتۇرغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا قَضَيْتُمُ الصَّلَاةَ فَاذْكُرُوا اللَّهَ قِيَامًا وَقُعُودًا وَعَلَىٰ جُنُوبِكُمْ﴾ «نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردا، ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا الله نى ياد ئېتىڭلار (الله سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىشى مۇمكىن)»[2].

پەيغەمبەر ﷺ نامازدىن سالام بەرگەندە ئۈچ قېتىم مەغپىرەت تىلەيتتى ۋە: «اللهمَّ أَنْتَ السَّلَامُ، وَمِنْكَ السَّلَامُ، تَبَارَكْتَ يا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ» «ئى الله! سەن سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىسەن، سالامەتچىلىك پەقەت سەن تەرەپتىندۇر. ئى ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆرمەت ئىگىسى الله! سېنىڭ بەرىكىتىڭ بۈيۈكتۇر» دەيتتى.[3]

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من سبح الله في دبر كل صلاة ثلاثا وثلاثين، وحمد الله ثلاثا وثلاثين، وكبر الله ثلاثا وثلاثين، فتلك تسعة وتسعون، ثم قال تمام المئة: لا إله إلا الله وحده لا شريك له، له الملك وله الحمد، وهو على كل شيء قدير. غفرت له خطاياه وإن كانت مثل زبد البحر» «كىمكى ھەر نامازدىن كېيىن الله قا 33 قېتىم تەسبىھ، 33 قېتىم ھەمدە ۋە 33 قېتىم تەكبىر ئېيتىپ جەمئىي 99 قىلىپ، ئاندىن يۈزىنچى قېتىمدا: ‹لاَ إِلهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ›[4] دېسە، دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ، مەغپىرەت قىلىنىدۇ».[5]

قېرىنداشلىرىم، دۇنيادا پاك ھاياتقا، ئۆلگەندىن كېيىن كۆپ ئەجىرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشچانلىق قىلىڭلار، خاتالىق ۋە يامانلىقلاردىن يىراقلىشىڭلار! الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «ئەر - ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيانىڭ قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللىرىگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە نىسا 103 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] تەرجىمىسى: الله تىن باشقا ھېچ بىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە - يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ - سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

[5] مۇسلىم توپلىغان.

ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز»[1].

ئى الله ! بىزنى ئىمان ۋە سالىھ ئەمەل ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن، پاك ھاياتتا ياشاتقىن، سالىھ كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغىن.

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا الله قا خاستۇر. الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

[1] سۈرە نەھل 97 ـ ئايەت.

رامزانلىق
سۆھبەتلەر